ئۇيغۇر قەدىمقى ئەسەرلىرى

موللا مىرسالىھ كاشغەرى

# چىڭگىزنامە

AltunOq

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇللا مىر سالىھ كاشقەرى

# چىڭگىزنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى نۇرھاجى
مۇھەررىرى: مۇھەممەت تۇردۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«چىڭگىزنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەسەر موللا مىرسالىھ قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ئاپتورنىڭ ھاياتى ۋە تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

«چىڭگىز نامە»ناملىق بۇ ئەسەر موللا مىرسالىھنىڭ ئەيىنى قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ، 1981 - يىلى قەشقەرلىق يولداش قادىر بۇلاق تەرەپتىن تېپىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قولىيازما پوندىغا تەقدىم قىلىنغان.

«چىڭگىز نامە» نىڭ قولىيازما نومۇرى 00679.

قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى فارسى بىلەن يېزىلغان. ئەسەر جەمئى 262 بەت، 16 فورمات بولۇپ ھەر بىر بېتىگە 13 قۇردىن يېزىلغان.

«چىڭگىز نامە» ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ قولىيازمىنىڭ تېپىلىشى تارىخ تەتقىقاتىدا كىشىنى شادلاندۇرىدىغان زور مۇۋەپپەقىيەت بولدى.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشتا 16 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخشۇناسى مۇھەممەت ھەيدەر بىننى مۇھەممەت ھۈسەين كورگان (1500—1551) تەرىپىدىن فارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى» (1545 - يىللار)، ئىران تارىخچىسى مۇھەممەت ئىبنى خاۋەندە شاھ بىننى مۇھەممەت مىر-

خوند (1501 – ) تەرەپتىن يېزىلغان «تارىخىي رەۋزە تۇسسەفا» ئىران تارىخچىسى ئالاھىددىن ئەتامەلىك جوۋەيىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» قاتارلىق جاھانغا تونۇلغان بىر قەدەر مۇكەممەل تارىخىي ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئۆز ئەسىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

مۇشۇ بايانلار ئارقىلىق موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ ئەرەپ، پارس تىللىرىغا كامىل ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر بىلەن چوڭقۇر تونۇشقانلىقىنى، ئۇزۇن يىللار ئۇيغۇر ئېتنىكىسى ۋە سىياسى، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۇنى ئېتىقنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەسىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

موللا مىرسالىھ قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئالەم ۋە دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىدىكى رىۋايەتلەر، قەدىمقى تۈركى قەۋملىرىنىڭ شەكىللىنىشى، چايىلىشىشى ۋە تۇلانىڭ پائالىيىتى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەردىكى ئەھۋالى؛ ئوغۇزخان توغرىسىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەر، قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ — ھىجرىيە 616 - يىلى (مىلادى 1219 — 1220) يىللارغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تارىخى، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ كۆچىيىشى، مىلادى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ غەربىي رايونغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ھەربى يۈرۈشلىرى ۋە چىڭگىز-

خان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى، مىلادى 16 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن «سەئىدىيە خاندانلىقى» (يەكەن ئۇيغۇر خانلىقى) دەۋرى ۋە كېيىنكى دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى تارىخىنى بىر قەدەر تەپسىلى مۇكەممەل بايان قىلغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ھازىرغا قەدەر بىلىنگەن قەدىمقى تارىخى قوليازمىلار ئىچىدە «چىڭگىزنامە» ناملىق بۇ ئەسەر ماتېرىياللارنىڭ موللىقى بىلەن، بۇرۇن تارىخى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئاق قالغان بوشلۇقنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلىيالىغان مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

«چىڭگىزنامە» ناملىق بۇ تارىخى ئەسەردە 12 - ئەسىرلەردە غەربىي رايونغا كۆچۈپ كەلگەن غەربىي لياۋ (كىدان، بەزى ئارا خىتايلار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى، نايمان قەبىلىسىدىن كۈچلۈكنىڭ غەربىي لياۋ خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، كۈچلۈك ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشى، ئۇنىڭ غەربىي رايوندىكى قىرغىنچىلىقى؛ چىڭگىزخان (1146 — 1227) نىڭ كۈچلۈك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بويسۇندۇرغان رايونلارنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىشى قاتارلىق ۋەقەلەر خېلى تەپسىلى بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭدا 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ئاباكرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەكەننى پايتەخت قىلىغان سەئىدىيە خانلىقى (يەكەن خانلىقى) نىڭ قۇرۇلۇشى (1514-1533)، ئابدۇرەشىت خان دەۋرى (1533 — 1570) دىن تاكى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىت خاننىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مۇھەممەت ئىمىن خان (مىلادى 1692 - يىلى) خان-


AltunOq

لىغىغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە نەسىلى مەلۇمات بېرىلگەن.

ئەسەردە مۇھىم نۇقتا قىلىپ سەئىدىيە خانلىقى (يەكەن خانلىقى) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن تاشقىرى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىسسىق كول رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە بەدەخشان رايونى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىشى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى، ھەربىي قۇرۇلۇشى، مەنسەپ ئۇنۋانلىرى، قانۇنىي تۈزۈملىرى، ئۇنىڭ ئىسلاھاتچىلىق تەدبىرلىرى، سىياسى، ئىقتىساتتىكى كەڭ قولىلۇقى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىدە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى، بۇ دەۋردە كوپلىگەن مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى بايان قىلىنغان. ئەسەردە سەئىدىيە خانلىقى (يەكەن خانلىقى) نىڭ دولىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىنى قوغدىغانلىقى، دولىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىشتا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى كورسىتىپ ئۆتۈلگەن.

بولۇپمۇ سەئىدىيە خانلىقى(يەكەن خانلىقى) نىڭ ئىككىنچى سۇلتانى سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئابدۇرەشىت خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە غەربىي رايوننىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكى، بۇ دەۋرلەردە قەشقەر، يەكەن ئىقتىسات، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىشىشى، يېڭى شەھەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن سودا، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ

تەرەققى قىلىپ، ئىقتىساتنىڭ راۋاجلانغانلىغى رىئال پاكىتلار بىلەن كورسىتىپ ئۆتۈلگەن.

ئەسەردە بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كورۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «سەئىدىيە خانلىغى» دەۋرىدە سەئىدىخان، ئابددۇرەشىت خانلار ئۆز دەۋرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دانىشمەنلىرىدىن بولغاچقا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە ھەر ساھەدىن دۇرغۇن ئالىملار، ھەربىي قوماندانلار، تارىخچىلار، مەشھۇر تىۋىپلار، مۇزىكىشۇناسلار مەيدانغا كەلگەن. داڭلىق مۇزىكانت مەۋلانا يۈسۈپ قەشقەرى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ۋە ئۇنىڭ شۆبىسىنى سىستېمىلىق ھالدا رەتلەپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئوچمەس توھپىلەرنى قالدۇرغان. سەئىدىخان ۋە ئابدۇرەشىت خاننىڭ غەمخورلۇغى ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ئارقىلىق ھەربىشۇناس ۋە تارىخشۇناس مۇھەممەت ھەيدەربىننى مۇھەممەت ھۈسەيىن كورگان (1500—1551) يېتىلىپ، جاھانغا مەشھۇر بولغان «تارىخ رەشىدى (—1545)» ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت مۇھىم تارىخىي مەنبەلەردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

«چىڭگىز نامە» ناملىق ئەسەردە، سەئىدىيە خانلىغى دەۋرىدە (ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغان) ئاتاقلىق ئالىم ۋە ئەدىبىياتشۇناس «خۇلقى» (ئەدەبى تەخەللۇسى) ئاخۇن موللا ناملىق ئاتاقلىق شائىرلار ۋە شاھ مەخمۇت چاراس قاتارلىق تارىخشۇناسلارنىڭ ئوتكەنلىگى ۋە ئۇلارنىڭ بىزگە كوپلىگەن يازما يادىكارلىقلار ۋە مەدىنى مىراسلارنى قالدۇرغانلىغى قەيد قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا سەئىدىيە خانلىغىنىڭ ئاخىرقى

دەۋرلىرىدە ئىچكى ماجىرالارنىڭ يۈز بېرىش، جۇڭغارلىرىنىڭ ئاستىدىكى خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلامىيەتنىڭ تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) نىڭ باش كۆتۈرۈشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى قاتارلىق زور ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

دېمەك، «چىڭگىز نامە» ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىق قوليازمىلىرى ئىچىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ياخشى ساقلانغان مۇھىملىرىدىن بىرى. شۇنداقلا ئۇ تەزكىرىچى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممىتىگە ئىگە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چىڭگىز نامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەسەر مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك بايلىق بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى تارىخىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن ئەفسانە ۋە رىۋايەتلەر بىرمۇنچە ئورۇنلاردا يېتەكچى ئورۇنغا دەسسىتىلگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

«چىڭگىز نامە»نى نەشرگە تەييارلاشتا:

1. ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى تۈزۈشتە قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى «ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلى) دا يېزىلغان ئەسەرلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىشنىڭ قىسقىچە قائىدىسى» بويىچە ئەسەرنىڭ قەدىمكى تىلىنى ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە توغرا ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

2. «چىڭگىز نامە» ئەسىرىدە خاتا ئىپادىلەنگەن، سۆز ـ ئىبارىلەر چۈشۈپ قالغان جايلار، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سادىق بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا مۇۋاپىق تۈزىتىلىپ، ئورتا ( [ ] ) تىرناق ئىچىگە ئېلىندى ۋە بەزىلىرى شۇ بەت ئاخىرىغا ئىزاھلاپ بېرىلدى.

3. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان، ئەدەبىي ئۇيغۇرچىغا خاس بولغان سۆزلەرگە، ئەرەپ، **فارس** تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرگە كىتاپ ئاخىرىدا قىسقىچە **لۇغەت** بېرىلدى.

ئەسەرگە تەييارلاشتا بەزىبىر خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي كۆزدىن كەچۈرۈشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمەن.

هاجى نۇرھاجى

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم①

سەنا ئەيتاي، بۇرۇن پەرۋەردىگارغە،
بارى ئاسان ئېرور ئول بىرۇ بارغە.

ئەۋۋەلدۇر يوق ئانىڭكى ئىپتىداسى،
ئاخىر ئولدۇركى بولماس ئىنتىھاسى.

ئېرۇرسەن جۇملە شەھلەر پادشاھى،
كى جانلىق، جانسىزۇ بارچە ئىلاھى.

ئەگەر مۇرچە كېچە دەم ئۇرسە نالام،
خۇدايا سەن ئانىڭ سىررىدىن ئاگاھ.

ئىلاھا خەلق ئېتادىك ئىككى ئالەم،
ياراتادى مەلەك ئىنسانۇ جىن ھەم.

بارى ئالەم تۇفەيلى مۇستەفادۇر،
مۇھەممەد شۇكرى بىزگە رەھنەمادۇر.

① [illegible] شەپقەتلىك ۋە [illegible] نامى بىلەن باشلايمەن.



AltunOq

چىراغى جۇملەئى ئەۋلادى ئادەم،
جەمئى ئەنبىياغە كەلدى خاتەم.

بىزنىڭدەك ئاسىغە لۇتفۇ ھىمايەت،
قىيامەتدە داغى قىلغاي شەفائەت.

پەيغەمبەردىن كېيىن سىددىقى ئەكبەر،
خىلافەت تەختىگە بولدى مۇقەررەر.

يارى ئەسىاب ئانى قىلدىلار بەيئەت،
ۋۇجۇدىدىن خىلافەت، تاپتى زىننەت.

ئۆمەرى ئادىل ئىدىلەر، قۇۋۋەتى ئىسلامىدىن
قىلدى ئىسلامۇ شەرىئەت ياردۇۋۇۋم ئاشكارا.

يارسىۋۇۋۋم ھەزرەت-ى ئوسمان زۇننۇرەين بىلى
جامىئۇلقۇرئان ئېرۇرلەر مەئدەنى كانى ھەيا.

فاتىمە جۇپتى دامادى پەيغەمبەر بىلى ئانى.
يار چەھارۇم شاھى مەردان ئەلى شىرى خۇدا.

ئۆلۈلئەزەم 250 ياشدا ئىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پەيغەم-
بەرلىك ۋەھى كەلدى. 950 يىل قەۋمەرىنى دىنىي ئىسلامغا دە-
ئۋەت قىلدىلار. توفاندىن كېيىن، يەنە 250 يىل زىندە قالىلىغ
قىلدىلار. بۇ 950 يىل ئادائىي رىسالەت قىلدىلار. 80 تەندىن
زىيادە كىشى مۇسۇلمان بولدىلار. ئول پەيغەمبەرى ئالىي جاھ
قەۋمى گۇمراھى دىنى شەرىئەتىنە [ئىنمەدى]. ئول گۇرۇھى
بىشۇكۇھ ئىزا ۋە ئاھانەت بىھەد غايەت قىلدىلار. مۇددەت مەز-
كۇر سەبر قىلدىلار. ئول گۇمراھلار تاش ۋە تاياق ئۇرۇپ، «ئۆل-
دى» دېب كەتتىلەر. ئاللا تەئالا سالامەت ساقلادى. ھەزرەتى
نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇناجات قىلدىلاركىم: «ئىلاھا، بۇ گۇمراھلار-
دىن ھېچ كىشى مۇسۇلمان بولۇرمۇ؟» دېب. جەۋاب كەلدىكىم،
«بولماس» دېب. يەنە مۇناجات قىلدىلاركىم، «ئى بارا خۇدايا!
بۇ گۇرۇھى بىشۇكۇھنىڭ نەسلىدىن ھېچكىمەرسە مۇسۇلمان
بولۇپ دىنى ئىسلامنى قەبۇل قىلۇرمۇ؟» دېب. ھەزرەتى ئىززەت-
دىن خىتاب كەلدى: «بۇلارنىڭ نەسلىدىن ھەم بىر كىشى مۇ-
سۇلمان بولماس» دېب. ھەزرەتى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ
ئىمانىدىن مەئيۇس بولدىلار ۋە دۇئا قىلدىلاركىم:... ھەق تەئالا
ھەزرەتى نۇھنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ توفان ئىبارىپ ئول
قەۋمنى ھەلاك قىلدى. ئىبلىس پۇر تەلبىس ئول پەيغەمبەرى
ئالى مەقامنىڭ قاشىغە كەلىپ، ئىزھارى سەرۇر قىلىپ ئەيتتىكىم:
«ئەي نەبىيۇللا، جەھەننەمەن ئىش قىلدىڭ. مېنىڭ تەمام ئەۋ-
لادىم ۋە لەشكەرىم يىغلىسە بۇ ئىشنىڭ بەرابەرىدە ئىش قى-
لالماس ئىدۇك» دېب. ھەزرەتى نۇھ سورىدىلاركىم: «ئول قايسى-
دۇر؟» دېب. شەيتان ئەيتتىكى: «دۇئا قىلدىڭ، ئىنى ھەممە
كافىر بىيەكبارەگى دەۋزەختە باردى» دېب. ھەزرەتى نۇھ ئىب-
لىستىن بۇ سوزنى ئىشتتىلار، ئەرسە، دىدىكىم: «ياللەيتەنى سە-

بەرتە ئەلا ئىزاھۇم» (كاشكى سەبر قىلىپ، دۇئا قىلماغاي ئەردىم، قەۋمھالاك بولماغاي ئىدىلەر)، دېب، تەئەسسۇف قىلىپ نوھە ۋە زارى قىلور ئىدى. ئانىڭ ئۈچۈن نۇھ ئاتاندىلار.

رەۋايەتى دىگەردە ئانداغدۇركىم، سەگى گورگىن كېلىپ ھەزرەتى نۇھنىڭ ئۇتروُسىدا تۇردى. ئۇلجەناب ئەيتتىكىم: «ئەي قەبىھ، يىراق بولغىل» دېب. ھەزرەتى زۇل جەلال بى ئىستىقال ئول ئىتقە تىل بەردى. ئەيتتىكىم: «ئەي نۇھ، ئەگەر قىلالساڭ مۇندىن ياخشىراق ياراتقىل» ۋە يەنە بىر قەۋل ئۇلكىم، ئول بى زەبان ئەيتتى: «ئەي نۇھ، مەنى ئەيىب قىلۇرسەنمۇ. يا يارانقۇچىنىمۇ؟». ئىتتىن ئول پەيغەمبەرى بۇزروگۋار بۇ سوزنى ئىستىما قىلدى، ئەرسە نوھە ۋە زارى قىلىپ تەۋبە ۋە ئىستىغفارغە مەشغۇل بولدىلار. ئانىڭ ئۈچۈن نۇھ ئاتاندىلار.

ھالا كوفە دىگەن شەھەرنىڭ ئورنىدا كېمەگە كىردىلەر. كوفەدىن ھەرەمى موھتەرەمگە يېتىپ يەتتە مەرتەبە كېمە مەككەنى مۇئەززىمەنى دەۋر ئالدى. ھەر جانۋەردىن بىر جۇفتتىن كېمەگە سالىپ ئىدىلار. ئالتە ئايدىن سوڭ توفان باسىلدى. كېمە جۇدى ئاتلىغ تاغنىڭ ئۇستۇنىدە قەرار تاپتى. نۇھ ئەلەيھىسسەلام كېمەدىن چىقتى. ئەرسە، بىر يەردە ھەزرەتى نۇھ ياتىپ ئىدىلار، ئەندامى مۇبارەكى ئەندەكى ئاچىلدى. ھام ئەلەيھىسسەلام كەلدى، ياپماي خەندە قىلدى. يافەس ئەلەيھىسسەلام كەلدى، تەۋا زۇئ قىلدى، ئەمما ئەندامى مۇبارەك پەدەرنى ياپمادى. سام ئەلەيھىسسەلام كەلدى، تەۋازۇئ بىلەن ئەندامى مۇبارەك پەدەرنى پۇشىدە قىلدى. ھەزرەتى نۇھ بىدار بولدى. ھامنى مەغرىب دىيارىغە نامزەد قىلىپ ئىدى، ھەممە نەسلى ھام قارا بولدى. ھەبەشە ۋە زەڭگىبارنىڭ ئاتاسى بولدى. [ئۇنىڭدىن] ھىچ پەيغەمبەر ۋۇجۇدغە كەلمەدى. يافەس ياپمادى. تەۋازۇئ قىلغاچ نەسلىدىن پەيە

غەمبەر پەيدا بولمادى، ئەمما ئۇلۇغ پادىشاھلار ۋۇجۇدغە كەلدى. سام ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ۋەسى قىلدى، جەمئى پەيغەمبەرلەر، ئەلەلخۇسۇس سەيد ئەنبىيا، سەنەدئەسفىيا ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىڭ نەسلىدىن پەيدا بولدىلار. ئىرانىي ھەزرەتى سامغە بىرىپ جانەشىن قىلدىلار.

## زىكرى يافەس ئەلەيھىسسالام

يافەس ئەلەيھىسسالامنى مەشرىق دىيارىغە ئىبەردىلەر.

ھەزرەتى يافەس ئىلتىماس قىلدى: «دۇئا ئۆرگەتسەڭىز، سەبەبى بارەندەلىك بولغاي» دېب. ھەزرەتى نۇھ دۇئا قىلدىلار، ھەزرەتى جەبرەئىل ئەمدىن ئىسمىئەئزەم كەلتۈردى. ئول ئىسمىئەئزەمنى نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر تاشقە نەقش قىلىپ، ئۇلۇغ ئوغلى يافەسغە بەردى. ئەيتتىكىم: «ھەر ۋەقتىكى يامغۇر، قارغە ئىھتىياج بولساڭ، بۇ تاشداقى ئىسمىئەئزەمنى شەفىئ كەلتۈرسەڭ بارەندەلىك بولۇر» دېب. ھەزرەتى نۇھنىڭ ۋەتىنى سوقۇس سەمانىن دىگەن شەھەردە ئىدى. يافەس ئەلەيھىسسالام پەدەرى بۇزرۇگۋارىدىن رۇخسەت ئالىپ مەشرىق تەرەپىگە تەۋەججۇھ قىلدى. بۇ تاشنىڭ بەرەكاتىدىن مۇجىب بارەندەلىغ بولدى.

يافەس مەشرىق دىيارىدا سەھرا خەلقى يەڭلىغ ئاق ئۆي، كەڭىزە ئالا جوق تىكىپ ساكىن بولدىلار. ئاللاتەئالا ئاڭا 11 ئوغۇل ئەتا قىلدى. يەر يۈزىدە ھەزرەتى نۇھ بىلە ئۈچ ئوغلى ئەھلىيەسى بىلە سالامەت قالدى. ئاندىن ئۆزگە كىشى بىر تەرەپ بولدى. ئول سەبەبىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئادەمى سانى ئاتادىلار. ھەزرەتى يافەس ئەل ئارا رەسمى جۇپ پەيدا

قىلدى. ئۇن بىر ئوغلىنىڭ ئاتى: ئەۋۋەل تۇرك، ئىككىنچى چىن، ئۈچىنچى سەقلاب، تۆرتىنچى مەنسەك، بەشىنچى كۇمارى، ئالتىنچى رۇس، يەتتىنچى خەلەج، سەككىزىنچى ھەزەر، توققۇزىنچى غور، ئونىنچى سەدسان، ئون بىرىنچى پارەج.

يافەس ئەلەيھىسسالام مەنزىلنى فانىددىن سەرايى جاۋدانىغا مەيل قىلدى. ئەرشەد ئەۋلادى تۇرك ئىدى. قايىم مەقامى يافەس بولدى. يافەس ئوغلان ئاتادىلار. يافەس ئوغلان ئەۋۋەل پادشاھى دىيارى مەشرىق ئېرۇر. بەش ئوغلى بولدى: ئەۋۋەل ئەلەمچە، ئىككىنچى تۇتەك، ئۈچىنچى چەگىل، تۆرتىنچى لەھار، بەشىنچى ئىملاق.

يافەس ئوغلان بەسى مەردانە ۋە دىلاۋەر ۋە ئادىل ئېردى. 240 يىل پادشاھلىق قىلىپ ئالەمدىن سەفەر قىلدى. ئەمام خەلايىق مەسلىھەت قىلىپ ئەلەمچەنى خان كۆتەردىلەر. ئەلەمچەخان شىكار قىلىپ بۆرگۈنچە مەيلى كەباب بولدى. جانىۋارى كەباب قىلدى. تەنەۋۋۇل قىلغۇنچە پارچە گۆشت قولىدىن يەرگە تۈشتى. ئالىپ يېدى. قەزارا ئول يەر تۇز ئىدى. ئەجەب لەززەت ۋە تاتلىغ تاتىدى. تۇزنى تەئامغە زەم قىلماق ئاندىن پەيدا بولدى.

ئەلەمچە خان خەلقنى ئوبدان، مەملىكەت[نى] مەئمۇر قىلدى، سىپاھى ۋە رەئىيەتنى ئاسۇدە ۋە مەرفە ئەھۋال قىلدى. ئەلەمچەخان ۋاپات بولدى. ئوغلى دىبا قەۋىنى خان كۆتەردىلەر. دىبا قەۋى خان بىلە چىن ئىنى يافەس ماچىن ياغى بولدى. چىن شەھرى بەنا قىلىپ ئىدى، چىن ئاتادىلار. ماچىن ئات قويدىلار، ماچىن بەنا قىلغان شەھەرگە. چىنماچىن مەشھۇر بولدى. دىبا قەۋى خان چىنماچىننى نەزەرگە نابە قىلدى. دىبا قەۋى خان دۇنيادىن ئۆتتى. ئوغلى كۆيۈكخان تەختگە بەرقارار بولدى. بەسى ئۇلۇغ خان بولدى. كۆيۈك خانغە ئەجەل يەتتى. ئەرسە ئوغلى ئەلەمچە خاننى ئەمام ئۇلۇس يىغىلىپ خان كۆتەردىلەر. ئەلەمچە خان پادشاھ[نىڭ] بۇزرۇگ مەنىش، باشەۋكەت، مەردانە ۋە ھۇنەرمەندلىكى



AltunOq

ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئاتى تاتار، بىرىنىڭ ئاتى موغۇل. ئەلەمچەخان مەملىكەتنى ئىككى ھەسسە قىلىپ بىرىنى تاتارغە، بىرىنى موغۇلغا بەردى. ئەلەمچەخان فەۋت بولدى، بىسفى مەملىكەتىغە تاتار خان پادىشاھ بولدى. تاتار خانىنىڭ نەسلىدىن سەككىز تەن خانلىق قىلدى. تاتار خان، بۇقاخان، ئەلەمچەخان، ئالتايخان، ئوردۇخان، ئىنىسخان، سىۋىنچ خان، ئاخىر [قى] خان تاتار دۇرۇر. بۇ سىۋىنچخانىنىڭ ۋەقتىدە بەسى پىتنە - فەسەد پەيدا بولدى. تەدارۇك قىلالمادى. ...... ① موغۇل خان پادىشاھى باشەۋكەت، باھەشەمەت ۋە بەھادۇر، جەۋانمەرد خان ئىدى. داد - ئەدل قىلىپ خەلقىنى ئوبدان ۋە يۇرتىنى مەئمور قىلدى. تورت ئوغلى بار ئىدى: ئەۋۋەل قاراخان، ئىككىنجى ئوزخان، ئۈچىنجى كەزخان، تورتىنجى ئوكخان. موغۇل ئاتەسىدىن ۋىدائ قىلدى، قارا خان ئاتاسى موغۇل خانىنىڭ ئورنىدا خان بولدى. قاراقۇرۇم، دەرتاق ۋە كەرتاق دىگەن يەردە ساكىن بولدى. بەسى جەمئىيەت پەيدا بولدى. تەڭرى تەئالا قارا خانغە بىر ئوغۇل ئەتا قىلدى. بىسيار ساھىبجەمال. كېچە - كۈندۈز ئاناسىنى ئەممەدى.

ئۈچىنجى كېچە تۈشىدە ئاناسىغە ئەيتتىكى: «ئەي ئانا، سەن مۇسۇلمان بولماغۇنچە، مەن سېنى ھەرگىز ئەممەيمەن» دىپ. ئاناسى قاراخاندىن پىنھان مۇسۇلمان بولدى. ئوغلى سۈت ئەمدى. ئۇلارنىڭ رەسمى ئانداغ ئەردىكى ھەر تىغل ۋۇجۇدغە كەلسە بىر ياشقە كىرمەگۈنچە ئات قويماس ئىدىلار. قاراخان ئوغلى بىر ياشادى ئەرسە، توي-ئەزدىم ئەنگىز قىلىپ ئەھل ئولۇسنىڭ ئوغلانلارىنى تەكلىپ قىلدى. ئاب - ئاشدىن فارىغ بولدىلار. ئوغلىنى ھازىر قىلدى. قاراخان ئات قويغالى مەشغۇل بولدى، بىر ياشار تىفلغە ھەق ئەززۇجەللە تىل بەردى. ئەيتتىكىم: «مېنىڭ ئاتىم ئوغۇز» دىپ. قاراخان باشلىغ سەردارلار ۋە ھەممە

① ئەسلى قولىيازمىدا موشۇ جاي ئوق قالغان.

خەلقتە ئەجەپ قىلدىلار. ئوغۇز [دىگەن]ئات بەر قارار بولدى. ئوغۇز-خان دىندار، خۇدا پەرەست ئىدى. ئوغۇزخان دەرەجە سەبىدىن مەرتەبەئى رىجالغە تەرەققى قىلدى. قاراخان ئوغلى ئوغۇزخانغە، ئىنىسى كەزخانىنىڭ قىزىنى ئالىپ بەردى. ئول قىزكا ئىمرە بولغانلىق ئۈچۈن، ئوغۇزخان ئاڭا مەيل قىلمادى. يەنە بىر ئىنىسى - ئوكخانىنىڭ قىزىنى نىكاھ قىلدى. ئول ھەم دىندىن بىگانە ئۈچۈن ئاڭا ھەم مەيل قىلمادى.

ئوغۇزخان شىكاردىن يانىپ كەلگۈنچە يەنە بىر ئەمەكىسى ئۇزخانىنىڭ قىزى يولوقتى. ئوغۇزخان بۇ قىزنى ئالغالى ئىلتىماق قىلىشتىلار. ئەھد — پەيمان ئوتتى. ئىسلامنى قەبۇل قىلدى، ئاتاسىغە ئەيتتى. ئۇزخانىنىڭ قىزىنى ئالىپ بەردى. ئول قىز بىلە مۇۋافىق بولدى. بىركۈن ئوغۇزخان شىكارغە بارىپ ئەردى، ئەۋۋەلقى خاتۇنلارى ئوغۇزخان بىلەن بۇ خاتۇننىڭ مۇسۇلمانلىغىنى قارا خانغە يەتكۈزدى. قاراخان بىلمەپ ئىدى. ئوغلى ئوغۇزخانىنىڭ ئۇزەسىگە چېرىك بارۇر بولدى. ئوغۇزخانىنىڭ مۇسۇلمان خاتۇنى كىشى يىبەردى. ئوغۇزخان مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل بولۇپ تۇرۇپ ئىدى. قاراخان يەتتى. قاتتىغ جەڭ ۋاقىئە بولدى. تەڭرى تەئالانىڭ فەرمانى بىلە ئوغۇزخان زەفەر تاپتى. قاراخان جەڭدە بىر تەرەفى بولدى. جەمىئى ئەھل ئۇلۇس ئوغۇزخانغە ئىنقىياد قىلىپ مۇتىئ بولدىلار.

ئوغۇزخان ئانداغ پادىشاھ ئەردى: مۇبارەك پەي، مۇ-ۋەھھىد مۇسۇلمانى ئادىل ۋە ئاقىل، دىلاۋەر ۋە جەۋانمەرد. بەئزى ئايماق ئانىڭ زەمانىدا پەيدا بولدى. مىسلى: ئۇيغۇر، قاڭلى، قارلۇق، خەلەج، قىپچاق.

ئانداغ رەۋايەت قىلىپ دۇرلاركىم، ئوغۇزخان ئىتتىفاق

ئاتلىغ تورەگە زەپەر تاپتى. ئەرسە ئىتبۇراقنىڭ خىشاۋەندلەرىدىن بىر زەئىپە ئاغىر بوي ئىدى. بىر كاۋاك پۇشىدە دەرەختىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەۋەللۇد قىلدى. كۈيۈسى جەڭدە ئۆلۈپ ئىدى. ئوغۇزخان بو زەئىپە بىلە بالاسىنى كوردى. رەھىم قىلىپ ئول كۈدەكنى ئوغۇل قىلىپ ئاناسى بىلە ساقلادى. بۇ تىفلىغە قىپچاق ئات قويدى. كاۋاك پۇشىدە دەرەختىنى «قىپچاق» دەپدۇرلار.

ئوغۇزخان يەتمىش يىل تەمام مۇغۇلىستان، تۈركىستان ۋە خىتايغە خان بولدى. دەريايى جەيھۇننىڭ بۇ تەرەپى بۇخارا ۋە سەمەرقەند باشلىغ مەملىكەتلەرنى ئالدى. ھەق سۇبھانەۋە تەئالا ئاڭا ئالتە ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئەۋۋەل كۈن، ئىككىنجى ئاي، ئۈچىنجى يۇلدۇز، تۆرتىنجى كوك خان، بەشىنجى تىڭىزخان، ئالتىنجى تاق. ئوغۇزخان نەۋۋەرەمەرقەدەھىنىڭ ئالتە ئوغلى شىكارغا بارىپ ئەردى. بىر يا، ئۈچ ئالتۇن ئوق تاپىپ ئاتاسىنىڭ ھۇزۇرىغە كەلتۈردىلەر. ئول يانى ئۇلۇغ ئوغلىغە بەردى. ئوقلارنى كىچىك ئوغلانلارىغە تەقسىم قىلدى. يا بەرگەن ئۇلۇغ ئوغلانلارىغە بۇزۇق لەقەب قويدى. ئوق بەرگەن كىچىك ئوغلانلارىغە ئۈچۇق لەقەب قويدىلار. بۇزۇقنىڭ مەرتەبەسىنى ئۈچۇقنىڭ دەرەجەسىدىن بەلەند تەئيىن قىلدى. ئەيتتىكىم: «يا پادىشاھنىڭ ئورنىدا، ئوق ئەلچىنىڭ ئورنىدا» دىب. ئوغۇزخان ئەنارەللاھە بۇرھانەھۇ ئالەمدىن سەفەر قىلدى. ئۇلۇغ ئوغلى كۈن خان ئاتاسىنىڭ ۋەسىيەتى بىلە قايىم مەقام بولدى.

كۈنخان بەسى ئادىل ۋە دىلاۋەرخان ئىدى. يەتمىش يىل خانلىق قىلىپ، دۇنيادىن سەفەر قىلدى. ئەرسە، ئىنىسى ئاي خان تەختغە ئولتۇردى ۋە يۇرتنى ۋەسىئ. خەلقنى مەئمۇر قىلدى. ئاي-

خان ھەم ئالەمنى ۋىداﺋ قىلدى. ئىنىسى يۇلدۇزخاننى، ئەل - ئايماق قۇرۇلتاي قىلىپ خان كوتەردىلەر. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ۋا-
فات بولدى، ئەرسە ئوغلى مەڭلى خان خان بولدى. مەڭلى خان
بەسى ئادىل ۋە سەخى خان ئىدى. دۇنيادىن رىھلەت قىلدى.
ئوغلى تېڭىزخاننى خانلىققا مۇقەررەر قىلدىلار. تېڭىزخان بىسيار
باھەشەمەت ۋە پۇرشەۋكەت خان ئەردى. يۈز ئون يىل خان-
لىق قىلدى. فەۋت بولدى. ئەرسە، ئوغلى ئېلخان خاننى ۋەسىيە-
تى بىلە خان كوتەردىلەر. ئېلخان خان ئادىل، ئاقىل جەۋانمەرد،
ۋە بەھادۇر ئىدى.

تاتارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى سېۋىنچ خان تۇر ئىبنى فەرىدۇن-
دىن مەدەت تىلەپ لەشكەرى فەراۋان ئالىپ ئېلخاننىڭ ئۈزىسىگە
چېرىك تارتىپ كەلدى. قازايى ئاسمانى سېۋىنچ خان غالىپ كەل-
دى. ئېلخاننىڭ ئوغلى قىياس، تاغاسىنىڭ ئوغلى توكوز ئىككى
زەئىفە ئېلخاننىڭ خىشاۋەندلەرىدىن تىرىك قالدى. بۇ تورت تەن-
دىن ئوزگە كىشى بىر تەرەپ بولدى. بۇ تورت تەن ئولۇك قا-
ناردا يېتىپ كىچە ئات تاپىپ قاچتىلار. بارىپ بىر دەرەگە كىرىپ
ساكىن بولدىلار. ئول دەرەدە مىۋە بىسيار بار ئەردى. ئول[...]
ئەرگىنە قۇل دەر ئەردىلەر. خۇدايى تەئالا بۇلارنىڭ نەسلىغە بە-
رەكەت بەردى. ئول دەرەدىن بىر بولۇپ چىقىپ قەۋمى تاتار بىلە
جەڭ قىلىپ، غالىپ كېلىپ، قەدىم يورتلارىغە ئىگە بولدىلار.

يۇلدۇز ئىبنى مەڭلى خان ئىبنى تىمور تاش ئىبنى قىيا-
سىنى خان كوتەردىلەر. يولدۇزخان ئالەمدىن ئوتتى. ئوغلى چوپىـ
نەنى ۋەسىيەتى بىلە خان كوتەردىلەر. چوپىنەخاننىڭ سۇلبىدىن
دۇختەر نىكو خەسال ۋۇجۇدغە كەلدى. [ئالانقۇۋا ئات قويدى.]
بىنت چوپىنە خان ئالانقۇۋانى ئەمزادەسى دۇبۇن بايانغە چىقار-

دى. ئىككى فەرزەن دۇبۇن باياندىن ۋۇجۇدغە كەلدى. دۇبۇن بايان ياش ئۆلدى. ئالانقۇۋا خان بولدى. پاكلىك بىرلە مەشھۇر بولدى. بىر كېچە نۇرى تۈڭلۈكدىن تۈشۈپ ئول نۇر بارىپ ئاغزىدىن كىردى. ئالانقۇۋا هامىلە بولدى. هەر كېچە ئول نۇر ئاق ئۈينىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرىپ يەنە يانىپ چىقار ئىدى. ئالانقۇۋا كوركلۈككە ئەل ئۇلۇسى تەئنە ئاغاز قىلدىلار. ئالانقۇۋا قۇرۇلتايى ئەزىم ئەنگىز قىلدى. سەردار هەمە ئايماقنى قۇرۇلتايغە هازىر قىلدى، ئاب - ئاشدىن كېيىن ئالانقۇۋا سۆز ئاراغا سالدى. ئەل ئايماقنىڭ ئۇلۇغلارى ئەيتتىلەركىم: «ئەي ئالانقۇۋا ئەۋۋەلدىن سېنى پاك ۋە ئېرىغ، يامان ئىشدىن يىراق بىلۈر ئىدۇك. بۇ ۋەقتدە بى شەۋھەر نۆچۈك هامىلە بولدۇڭ؟» دېب. ئالانقۇۋا ئۇلارغە ئەيتتىكىم: «سىزلەرنىڭ گۇمانىڭىزلار ئورۇنلۇق. مەن كىچىكىمدىن ئېرىغ ۋە پاكدامەن بولۇپ، ئەمدى نۆچۈك يامان ئىش مەندىن سادىر بولغاي! بىرنەچچە كېچە مېنىڭ قاشىمدا تونۇڭىزلار. تەڭرى تەئالا مېنىڭ هالىمنى سىزلەرگە مەئلۇم قىلغاي» دېب. هەر قەۋمدىن ئىككى، ئۈچ دۆلەتمەند كىشىلەر ئالانقۇۋانىڭ ئورداسىدا قوندىلار. ئۈينىڭ تۈڭلۈكىدىن نۇرى كىرىپ، ئالانقۇۋا قاشىغە بارىپ يەنە ئەدەب بىلە يانىپ چىقىپ بارادۇر. ئالانقۇۋا سەردار ئايماققە ئەيتتىكىم: «بۇ نۇر ئەۋۋەل كەلگەنىدە ئىچىمگە كىردى، شول نۇردىن هامىلە بولدۇم» دېب. بارچە ئايماقنىڭ سەردارلارى بۇ سىردىن مۇتتەلە بولۇپ، ئالانقۇۋاغە ئۆزرە ۋە تەقسىر ئەيتىپ تارقاشتىلار.

توققۇز ئاي تەمام بولدى. ئەرسە ئالانقۇۋا كوركلۈك بىر قارىندىن ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. ئۇلۇغ ئوغلىغە بۇقۇن قاتقى ئات قويدى. ئىككىنجى ئوغلىغە بوسىتىن سالچى ئات قويدى. بۇقۇن قاتغىنىڭ

نەسلىدىن قەۋمى قاۋمىن پەيدا بولدى. پوستىن سالچىنىڭ نەسلىدىن
ۋەۋمى سالچىيوت پەيدا بولدى. ئۈچىنچى ئوغلىغە ئەبۇ زەنجىر
ئات قويدى. ئەبۇ زەنجىر قائان خۇلاسە ۋە زۇبدەئى فەرزەندانى
ئالانقوۋا بەلكى ھەممە پادىشاھان ۋە خانان ۋاقىت ئول تۇرۇر.
ئەبۇ زەنجىر قائاننىڭ نەسلىدىن چىڭگىزخان ۋە نىرۇن
پەيدا بولدى. نىرۇننىڭ مەئنىسى «پاك قارنىدىن ۋۇجۇدغە كەل-
دى» دىگەن بولۇر. «بارچەدىن نىرۇننىڭ ئېئتىبارى زىيادە بولۇر»
دېدۇرلار...①

ئەبو زەنجىر قائان ساغداقىنى كۈننىڭ زەررەسىگە ئاسا
تورغار ئەردى. ئەبۇ زەنجىر قائان پادىشاھى قەۋى دەۋلەت
مەردانە ۋە شۇجائ ئىدى. بەسى قەۋم ۋە ئايماقنى ئۆزىگە تابىئ
قىلدى. ئەمىر ئەبۇ مۇسلىم مەرۋىزى بىلە مۇئاسىر ئىدى. ئەمما
ئاڭا مۇسلىمنىڭ مۇبارىز پەھلەۋانلىقىنى ئىشىتىپ بىسيار ئارزۇ
قىلۇر ئېردى. مولاقات بولغاي. ئارالىقى دۇر، دەراز [بولغان] ئۈ-
چۈن مۇلاقات مۇيەسسەر بولمادى. ئەبۇ زەنجىر قائانغە ئەجەل
يەتتى، ئەرسە ئىككى ئوغلى [قالدى]. ئۇلۇغى بۇقاخان، كىچىكى
توقاخان.

چىڭگىزخاننىڭ نەسەبى بۇقاخانغە يېتەدۇر. بۇقاخان ئادىل
ۋە بەھادۇر ئىدى. يۇرتنى ئابادان، مەملەكەتنى ۋەسئ قىلدى.
بۇقاخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئەرسە، ئوغلى دوتۇم مەتىن خان
بولدى. دوتۇم مەتىننىڭ خاتۇنىنىڭ ئاتى مونۇلۇن ئېردى. مو-
نۇلۇن خاتۇندىن توققۇز ئوغلى بولدى. دوتۇم مەتىن خان ياش
ئالەمدىن ئۆتتى. مونۇلۇن خاتۇن بەسى ئاقىلە كېڭەشلىك ئىدى

① قولىيازما نۇسخىدا بىر قۇردەك ئورۇن بوش قالغان.

ئوغلانلارنىڭ تەربىيەتى بىلەن موغۇل ئولۇسىنىڭ خانلىقى مۇستەقىل بولدى. مونۇلۇن خاتۇن داد ئەدىل بىلەن يۇرتىنى بەسى ئاباد قىلدى. مونۇلۇن بىھەد زەردار ۋە پۇر نېمەت ئىدى. قەۋمى جەلايىر مونۇلۇن خاتۇننىڭ يۇرتىغا كېلىپ تابىئ بولدى. ئەمما ئاچ ئىدى. تاغ پىيازى قازىپ يېدىلار. مونۇلۇن مەنئى قىلدى: «ئوغلانلىرىم ئات چاپار، چەۋگان ئوينار يېرىگە خەلەل قىلمىغىلار» دېدى. قەۋمى جەلايىر بۇ سوزدىن گىنە تۇتۇپ، مونۇلۇننى سەككىز ئوغلى بىلەن غاپىل تاپىپ ئۆلتۈردى. كىچىك ئوغلى قايدۇخان خاتۇن ئالغالى بارىپ ئىدى، سالامەت قالدى. ئاغا - ئىنى ۋە جەمئى ئەھلى ئولۇس قۇرۇلتاي قىلىپ قايدۇخاننى خان كوتەردىلەر. قايدۇخان بەسى بەھادۇر ۋە دىلاۋەر خان بولدى. قەۋمى جەلايىر ئۆزەسىگە چېرىك تارتىپ ئاتلاندى. قەۋمى جالايىرنىڭ ئۇلۇغلارىنى ئۆلتۈردى. ئوزگەسىنى قۇل ۋە بەند قىلدى.

قايدۇخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئەۋۋەل باي سەكغۇر. ئىككىنچى چەر قەلەنكۇم. قەۋمى تەيچىيۇت ئانىڭ نەسلىدىن. ئۈچىنچى چارچىن. قەۋمى سىجىيۇت ئانىڭ زورىياتىدىن. قايدۇخان ئالەمى بىۋەفانى خەيرباد قىلدى. ئۇلۇغ ئوغلى باي سوققۇرنى جەمئى ئايماق قۇرۇلتاي قىلىپ خان كوتەردىلەر. موغۇل قەدىم بىر يەردە بولغاننى قۇرۇلتاي ئاتايدۇرلار. باي سوققۇرخان مەملەكەتنى ۋەسئ ۋە خەلقنى ئاباد قىلدى. ئوغلى تۇمەنەخاننى ۋەلى ئەھد قىلدى. باي سوققۇرخان ۋەفات بولدى، تۇمەنەخان خان بولدى. خانلىقى بەسى رەۋاج تاپتى. كوپ شەھەرنى ئوزىگە تابىئ قىلدى.

تۇمەنەخان پادشاھى ئادىل ۋە قاھىر باھەيبەت ۋە دانىشمەند ۋە مۇنەججىم ئىدى. تەڭرىتەئالا توققۇز ئوغۇل ئاتا

قىلدى. ئەۋۋەل جاقىرىندەشى ھەم دەپدۇرلەر، قەۋمى ئەۋرۇت ۋە قەۋمى يوناقىن ئانىڭ ئەۋلادى. ئىككىنچى بارىم شىربوقاتەۋمى نەچۇككى ئانىڭ نەسلى. ئۈچىنچى قاچۇلى، قەۋمى بارلاس ئانىڭ ئەۋلادى. تۆرتىنچى سىم قاجيۇن قەۋمى ھوركىن ئانىڭ نەسلى: بەشىنچى بات كەلكى، بورائەت ئايىمقى ئانىڭ نەسلى. ئالتىنچى قۇبلخان چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى باباسى. يەتتىنچى تۇدۇر بايان، ئايماقى جۇراس ئانىڭ ئۇرۇغى. سەككىزىنچى بۇلجەر دوقلان ـ قەۋمى دوغلات ئانىڭ ئۇرۇقى. توققۇزىنچى خىتاي. ئانى جۇجى باقى ھەم ئاتاپدۇرلار.

قەۋمى سىبۇت ئانىڭ زۇررىياتى. تۇمەنەخان ئالەمدىن سەپەر قىلدى. تەمام ئۇلۇس يىغىلىپ قۇبلخاننى خان قىلدى-لار. تۇمەنەخان تىرىكىدە قۇرۇلتاي ئەزىم قىلىپ قۇبلخاننى ۋەلى ئەھد ئېتىپ ئاغا ـ ئىنىسىنى ئاڭا تابىئ قىلدى. «ساڭا كىم ئەل ئۇلۇس، ئۇچۇك تورە ۋە يوسۇن قىلسە ئاغا ـ ئىنىلا-رىڭغە قەۋم خەلقى شۇنداغ يوسۇن قىلسۇنلار» دېب قارار تاپ-تۇردى. قۇبلخان بەسى دىلاۋەر ۋە مۇبارىز ۋە مەردانە پا-دىشاھ ئىدى. خىتاي خانى ئالتاي خاننىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ياغى بولدى. نىزائ قايىم ئىدى. قۇبلخان بىر تەرەپ بولدى. ئالتە ئوغۇل قالدى. ئەۋۋەل ئەۋكىن بىر تاق، ئىككىنچى قوتلە قائان، ئۈچىنچى بەرتان باھادۇر. چىڭگىزخاننىڭ باباسى ئېرۇر، تۆرتىنچى قوتۇقتۇ مۇنكە، بەشىنچى قەدان بەھادۇر، ئالتىنچى تۇدان ئوتچەكىن. قۇبلخان ئالەمى فانىدىن ۋىدائ قىلدى. ئەر-سە، قوتلە قائان تەختكە ئولتۇردى. خىتايغە چىرىك بارىپ ئالتاي خان خىتاي خاننى زەبۇن قىلىپ ئۆلجە بەسىر بىسيار ئالىپ ياندى. قوتلە قائان دۇنيادىن سەفەر قىلدى. بىرادەرى

بەرتان بەھادۇرنى جەمئ ئايماق قورۇلتايى قىلىپ خان كوتەردىلەر. بەسى مۇبارىز ۋە بەھادۇر ئۇچۇن، خان ئاتاماى بەھادۇر ئات كوتەردى.

تومەنەخان چىڭگىزخانىنىڭ تورتىنجى باباسى ئېرۇر. مۇغۇل تىلى بىرلە بۇداتودېيدۇر. بۇ قۇبىلخان چىڭگىزخانىنىڭ ئۇچىنجى باباسى ئېرۇر. ئىلىنچىك دەيدۇر: بەرتان بەھادور چىڭگىزخانىنىڭ باباسى ئېرۇر. مۇغۇل تىلى بىلە باباسىنى ئەبۇكە دېيدۇر. بەرتان بەھادۇرنىڭ ئۇلۇغ خاتۇنى سەۋىنگىل قوجىن يارقۇت ئايماقىدىن، تورت ئوغلى بار ئىدى. ئەۋۋەل موڭدەر قىتان، ئانىڭ بىسيار ئوغلى بار. بىسيار چىڭگىزخان داستانىدا بەيان تابغوسىدۇر. ئىككىنجى ئوغلى نىكون تاشى، نۇرۇزكى قەۋمى سىرون ئانىڭ نەسلىدىن. ئۇچىنجى يەسوكەي بەھادۇر. چىڭگىزخانىنىڭ ئاتاسى ئېرۇر.

ئالانقۇۋا كوركاۋك ئانداغ دېدىكىم: «نۇرىكى خەرگاھنىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرىپ قاشىمغە كەلدى، باقاچە كوزۇمگە ئانداغ كۆرۈندىكى، نۇرنىڭ ئاراسىدا سارىغقە مايىل ئەشھەلچەشم يىگىت يانىپ چىقىپ بارادور. تەئەججۇبەن قالدىمكى بۇ نۇر ئاراسىدا گاھى مۇنداغ سۈرەتلىك يىگىت زاھىر بولادۇر» دېب. ئالانقۇۋا چىڭگىزخانىنىڭ سەككىزىنجى جەددەسى ئېرۇر.

يەسوكەي بەھادۇر شۇبۇ ھەيئەت ۋە پەيكەرلىغ كىشى ئېردى. سەرىغ شىمن شەھلا چەشم، خوش قامەت، چىڭگىزخانىنىڭ ئاتاسى ئېرۇر. تورتىنجى ئوغلى داردىتاي، ئوتچەكىن بەرتان بەھادۇر ئالەمدىن ئوتتى........................ ① ئىنى

① قولىيازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ جايىدا بىر قۇر ئاق قالغان.

قۇبىل خان ئوغلى يەسۈكەي بەھادۇر چىڭگىزخاننىڭ ئاتاسى ئىرۇر. موغۇل تىلى بىلە ئاتانى ئىچكە دېيىدۇر. ئاغا - ئىنى بىسيار موغۇل ئولۇسى كىبەكەش بىلە خان كوتەردىلەر. يەسۈكەي بەھادۇر بەسى مەردانە ۋە دىلاۋەر ۋە مۇبارىز تورە ئىدى. خەتاي خانى بىلە جەڭ قىلدى، ئانى غالىپ كەلدى. ئالتايخاننىڭ كوپ شەھەرىنى ئالدى. قەۋمى تاتار بىلە جەڭ قىلىپ ئاڭا ھەم غالىپ كەلدى. يەسۈكەي بەھادۇرنىڭ ئاۋازەسى ۋە شوھرەتى مەشرىق تەرەفىنى تۇتتى. بىسيار ئايماق مۇتىئ مۇنقاد بولدى.

تارىختە بەشيۈز قىرق. توڭگۇز يىلى ئىدى، چىڭگىزخان ۋۇجۇدقە كەلدى. ئولۇن ئىكە دېگەن ئۇلۇغ خاتۇندىن تورت ئوغۇل بولدى. ئەۋۋەل تىمۇرچىن — چىڭگىز ئىبارەت ئولدۇرۇر. ئىككىنچى جوچى قىسار، بىسيار مەردانە ۋە دىلاۋەر، باقۇۋۋەت ئىردى. ئۈچىنچى قاجىيۇن، ئەمما ياش دۇنيادىن ئوتتى. ئوغلى ئىلچىداي نويان بەسى ئەئيان ۋە مەشھۇر كىشى بولدى. چىڭگىزخان ۋە ئوكتايخان ئىلچىدايغە خوپ پىش ئامەد قىلۇر ئىردىلەر. مۇئتەبەر كورەر ئىردىلەر. تورتىنچى تەمۇكە ئوتچەكىن، بەشىنچى بىلگۇتاي نويان. بۇلارنىڭ ۋاقىئەسى چىڭگىزخاننىڭ داستانىدا بەيان تاپىپتۇر. يەسۈكەي بەھادۇر ياش ۋەفات بولدى. تىمۇرچىن............ ئون ئۈچ ياشىدا قالدى..................①

ئىنى بەرتان بەھادۇر ئانداغ ئەيتىبدۇرلار كىم: «تەڭرى تەئالا قودرەت كامىلەسى بىلە بىر بەندەسىنى جەھاندار ۋەساھىبى شەۋكەت ياراتىپدۇر. ئول بەندەسىغە بەلاۋە مىھنەت بىسيار ئىبەرىپدۇر. بەلا ۋە مىھنەتتە تولا نىمەرسە تەجرىبە ۋە ئازمۇدە

① قولىيازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ يېرىدە بىر قۇر ئاق قالغان.

بولغاي. دۆلەت ۋە ئىززەتنىڭ قەدر ۋە قىممەتىنى بىلگەي. بەلا ۋە مېھنەت ئىچىدەكى بەندەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن باخەبەر بولغاي.

يەسۈكەي باھادۇر بىسيار ئايماق ۋە قەۋمنى. مەسىلى تەيجىيۇت ۋە تاتار ئىرۇنكى ھەممە خىشاۋەندى يەسۈكەي باھادۇر ئىدى. چىڭگىزخان ئون ئۈچ ياشار ئىردى، يەسۈكەي بەھادۇردىن قالدى. ھەممە ئۇرۇق قاياش مۇخالىف بولدىلار ۋە ئەداۋەتىغە بەل باغلادىلار. تېمۈرچىننىڭ ۋالىدەسى ئۆلۈن ئېكە ھازىمە ۋە ئاقىلە، كېڭەشلىك كىشى ئىدى. فەرزەندلەرىنىڭ تەربىيەتىغە مەشغۇل بولۇپ خانلىق قىلدى. ئەمما يەسۈكەي بەھادۇرنىڭ نۆقۇقان ۋە جەھەتمەندلەرى چىڭگىزخانغە بەسى جەفالار قىلدى.

بېيت

دۆلەتدەبەسى دوست جەھەتمەند تىرلادۇر،
دۆلەت ياناچە بارچەسى دۈشمەند بولادۇر.

ئۆلۈن ئېكە ئوتغۇ ئىھسان بىلە مەدارا قىلدى. بۇ ھەق ناشۇناسلار چىڭگىزخان بىلەن ئۆلۈن ئېكەنىڭ لۇتفۇ ئېھسانىن ۋە ئەھد - پەيمانىن فەراموش قىلىپ ياغىستىغە قوشۇلۇپ، ياغى بولدىلار. يەسۈكەي بەھادۇر تاتار قەۋمىغە غالىپ كېلىپ، تورەسىنى ئۆلتۈردى. ئاتى تېمۈرچىن ئەركە ئىدى.

يەسۈكەي بەھادۇر بۇ چېرىكدىن كەلگەندە خاتۇنى ئوغۇل تۇغدى. تېمۈرچىن ئات قويدى. ئون ئۈچ ياشىدا ئاتاسى يەسۈكەي بەھادۇردىن [يېتىم] قالدى. يىگىرمە سەككىز يىلنىڭ ئىچىدە تېمۈرچىننىڭ باشىغە نى بەلالار كەلدى. قولغە تۈشتى، بەندگە

تۈشتى. ئۇلتۇرگۇنچە خۇدايىتـەئالا خەلاس قىلدى.

شول ۋەقتىدە كەرەيەتنىڭ تورەسى ئۆكخاندىن ئۇلۇغ پادىشا يوق ئىدى. يەسۇكەي بەھادۇر بىلە دوست ئېردى. تىمۇرچىن ئۆكخان قاشىغە باردى. ئۆكخان ھەم فەرزەندىدەك كوردى، تىمۇرچىن ھەم خىزمەتنى شايەستە قىلدى. بەسى موھلىكەلەردىن خەلاس قىلدى. ئۆكخاننىڭ ئوغلى سەنگۇن تىمۇرچىندىن رەشك ھەسەد قىلىپ ئۆكخانغە يامان بىلدۇردى. ئۆكخان پىر بولۇپ كوپ كار - بارنى ئوغلىسەنگۇنغە قويۇپ ئىدى. سەنگۇن تىمۇرچىنغە قەست قىلىپ ئۇمەراسى بىلە كېڭەش قىلدى. بىر بېگى خاتۇنىغە ئەيتىپكى: «سەنگۇن تىمۇرچىننىڭ ئۆزەسىگە ياغى بولۇپ بارۇر بولـ دى» دىب. ئىككى كىچىك ياشلىغ ئوغۇل بۇ بەتكە سۆزنى ئالىپ كېلىپ ئىدىلار. بارىپ تىمۇرچىن يەئنى چىڭگىزخانغە ئەيتتىلەر. تىمۇرچىن ئاق ئۆي ئالاباركاھنى خالى قويۇپ بارىپ تاغقا يۆزلەندى. ئۆكخان ئوغلى سەنگۇن بالەشكەرى فەراۋان خالى خىمە ۋە خەرگاھغە تىرى باران قىلدى. مەئلۇم بولدىكى خىمە ۋە خەرگاھ خالى، ئۆكخان خىجىل بولۇپ كەينىدىن باردى. چىڭگىزـ خانغە يەتتى. سەخت جەڭ بولدى تاشامغە. ھەر ئىككى لەشكەر كېچە بولدى، يانىپ تۈشتىلەر. چىڭگىزخان تۈشكەن يېرىگە ئۆت قالاپ رەۋان بولدى. بالجۇنە دىگەن چەشمە ياقاسىغە تۈشتى.

ئۆكخان ياندى. چىڭگىزخان جەڭدە بار كىشنى خەت قىلىپ ئىنئام ۋە ئىھسان ئەتە قىلدى. تورت مىڭ تۈچيۈز كىشى [ئىدى]. ئول ئىككى ياش ئوغۇل سەنگۇن بىلە ئۆكخاننىڭ قەستىنى خەبەر ئەتتى، ئۇلارنى دارخان قىلىپ ئۇمەرائە قاتارىغە ئالدى. چىڭـ گىزخاننىڭ ئىنىسى جۇجى قىسارنى ئۆكخاننىڭ لەشكەرى غاـ رەت قىلىپ ئىدى. چىڭگىزخان ئۆكخانغە «جۇجى قىساردىن» دىب

ئەلچى ئىبەردى: «جوراس ئايماقدىن قالبۇدار ئاتلىغ خان ئا-
تامغە ئەرز ئۇلكى، خانىمانىمنى لەشكەر غارەت قىلدى. ئاغام
چىڭگىزنى تاپالمادىم. باش ئالىپ يىراق كېتىپتۇر. خانىمانىمنى
ئەگەر ياندۇرۇپ بەرسىلەر، جان بەدەندە بار، يارلىغ ئىشتىپ
كۈچ پۇسەندىدە بەجا كەلتۈرۈپ ئىتائەت قىلسام» دىيب. ئوغۇزخانغە
ئەجەپ خۇش كېلىپ غافىل بولدى. ئەلچىنىڭ ئارقاسىدىن چىڭ-
گىزخان ئوغۇزخانىنىڭ ئۆزەسىگە چېرىك ئاتلاندى. ئوغۇزخان «چىڭگىز
يىراق» دىيب غافىل ئىدى. بالايى ناگىھان يەتتى.

قاتتىغ جەڭ بولدى. چىڭگىزخان غالىب كەلدى. ئوغۇزخان
ئوغلى سەنگۇن باسرۇق بولدى. ئوغۇزخان قاچىپ بارغۇچە تاياڭ-
خان ئايىمانىنىڭ ئىككى ئۆمەراسى قاراۋۇل ئىدى، بىرىنىڭ ئاتى
ئۇرى باسوجو، يەنە بىرىنىڭ ئاتى ئاتىك سال. ئوغۇزخاننى [بۇ
ئىككىسى] ئۆلتۈرۈپ باشىنى تاياڭخانغە ئالىپ باردى. ئوغلى سەنگۇن
قاچىپ، تاياڭخان بۇ ئىككى بەگنى سەرزەنىش ۋە ئەيىب قىلدى:
«ئوغۇزخان بەسى ئۇلۇغ ۋە قەرى خان ئىدى. تىرىك ئالىپ كەلمەك
لازىم ئىدى. يامان ئىش بولۇپدۇر» دىيب پىسەند قىلمادى. ئوغۇزخا-
نىنىڭ باشىنى كۈمۈش بىلە قاپلاپ نەچچەند مۇددەت تەخت ئۆزە
يانىدا قويدى. سەنگۇن قاچىپ بارغۇچە تولا بولانچىلىق قىلدى.
قىلىچ قارا ئاتلىغ ئۆمەرائ ئۆلتۈردى، خوتەن بىلە تۆبەتنىڭ ئا-
راسىدا. شول شەۋكەت ۋە ئەزەمەت بىلە كەرەيەتنىڭ دەۋلەتى
ئاخىر بولدى. جەمى ئايماق قۇرىلتاي قىلىپ چىڭگىز ئات قو-
يۇپ، توققۇز پايەلىغ ئاق تۇغ راست قىلىپ خان كوتەردىلەر:
«مۇندىن سوڭ تىمۇرچىن دىمەي، چىڭگىزخان دىسۇنلەر» دىيب.
ئوغۇزخانغە تابىئ ئەل-ئايماقنىڭ بەئزىسى چىڭگىزخانغە تابىئ بول-
دى ۋە بەزىسى قاچىپ تاياڭخان ئايمانغە قوشۇلدى. تاياڭخاننى

ۋەسۋەسە قىلىپ چىڭگىزخاننىڭ ئۆزەسىگە ئالىپ ئاتلاندىلار.

بۇ خەبەر چىڭگىزخانغە يېتىپ ئۇتروۋ ئاتلانىپ جەڭ سەخت بولدى. جۇراس ئايماقىنىڭ تورەسى جامۇقە جېجاك مەكرەيەت ئايماقىنىڭ ئۇلۇغى توقابەگ كەرەيەت ئايماقىنىڭ ئۇلۇغى ئەلىن تايشى يەنە ھەم بەسى ئايماق تاياڭخانغە ئىتائەت قىلىپ ئىدىلار. بۇ جەڭدە تاياڭخانغە زەخىم مۇنكەر بولدى. بىتاقەت بولۇپ بىر يەرگە تۈشتى، ئولكى ئوڭخان باسروق بولغاندا تاياڭخانغە قوشۇلغان ئۇمەرالار ھەممە قاچىپ كەتتىلەر. تاياڭخان بەدھال بولۇپ ياتىپ ئىدى. ھالا ئۇلۇغ ئۇمەراسى بار ئىدى، ئاتى قۇرى باسۇچۇ دېب، يەنە ئۈچ ئۇمەراسى ھەم ئۇلۇغ ئىدى. [قارىسا] خان ياتىپدۇر.

[ھېلىقى ئىمىر]: «بىر سوز ئەيتاي، قوپسۇن، جەڭ قىلالى ئولكى، پىتنە - فاسادنى باشلاغانلار قاچتى. ياتىپ ئولگۇنچە جەڭدە ئولەلى» دېب. قۇرى باسۇجۇ تاياڭخانغە ئەيتتىكى: «ئەي خان، دۇشمەن باش ئالغالى كەلدى، قوپماق كېرەك» دېب. تاياڭخاندىن جەۋاپ ئېشىتمەدى. يەنە قۇرى باسۇجۇ ئۇمەرالارغە ئەيتتىكىم: «مېنىڭ بىر سوزۇم بار، ئەيتاي، غەيرەت قىلىپ قوپغاي» دېب، ئەيتتىكى: «ئەي خان، مەھبۇبۇڭ كورباسون ياسىنىپ كېلىپدۇر، ساڭا مونتەزىر تۇرۇپدۇر» بۇ مەرتەبە ھەم خان ھېچ جونبىش قىلمادى. قورى باسۇجۇ يىغلاپ ئەيتتىكىم: «ئەي ئۇمەرالار ئەندەك مەقدۇر بولسا ئېردى، خان ھەرىكەت قىلور ئېردى. ئانىڭ ئۇلۇگىنى كورگۇنچە بىز ئاندىن ئىلگەرى كېتەلى» دېب، جەڭگە مەشغۇل بولدىلار. چىڭگىزخان كىشى ئىبەردى: «تۇز ھالاللادىلار، ماڭا كېرسونلار، تاياڭخاندىن ياخشى پەش كېلەي» دېب. بۇ بەگلەر دەشنام قىلىپ ئەيتتىلەركىم: «تاياڭخاندىن

كېيىن قالغۇچە مىڭ مەرتەبە ئۆلگەن ياخشى» دېب. جەڭ قىلىپ
قەتل تاپتىلار.

چىڭگىزخان ئاغا - ئىنىسىغە ۋە ئۇمەرالارىغە ئەيتتىكىم:
«كىشىنىڭ بۇلاردەك ئەقىدەلىك نەۋكەرى بولسە ياغىدىن ھىچ
غەمى بولۇرمۇ» دېب، پەسەند قىلدى. تاياڭخان نايمانىنى ئالىپ
يۇرتىغە مۇتەسەررىف بولدى. يەنە جەمئى ئاغا - ئىنى ۋە ئەھل
ئۇلۇس قورۇلتاي قىلىپ، «چىڭگىزخان» ئات قويۇپ باشىدىن
خان كوتەردىلەر. شەۋكەتى ئەزىم پەيدا بولدى. ئۆلكى فىتنەغە
مايىل ئىدى، تاياڭخانىنىڭ ئىنىسى بار ئىدى، بۇيرۇق خان دېب.
ئاڭا قاچىپ باردىلار. كوپ ئايماق چىڭگىزخانغە ئەل بولۇپ
مۇتىئ ۋە مۇنقاد بولدىلار. تاياڭخان بىر تەرەف بولدى. چىڭگىز-
خان با ئەزەمەت ۋە شەۋكەت مەكرەيەتىنىڭ تورەسى ئۇستۈنىگە
چېرىك ئاتلاندى. مەكرەيىتىنىڭ تورەسى توقەبەگ قاچىپ بۇيرۇق
قاشىغە باردى. بۇيرۇق خان تاياڭخانىنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئەمما ئۆزىچە
خان ئىدى. ئۇڭخان كەرەيەتنى ۋە تاياڭخان نايمانىنى باسىپ
بولۇپ چىڭگىزخان بىلە ياغى قىلغان ئايماق ۋە قەۋم بۇيرۇق
خانغە قوشۇلدى. مەكرىيەتىنىڭ ئايماقىنىڭ ئىسپىنىڭ ئۇلۇغى
دايىر ئۇسۇن دېگەن قىزى قۇلان خاتۇننى چىڭگىزخانغە ئاتاپ
ئون ئىككىزمىڭ ئايماقنى باشلاپ كۆرۈنۈشكە كەلدى. چىڭگىزخان
بۇ قەۋمنىڭ ئۆزەسىگە دارۇغە قويۇپ، بۇيرۇقنىڭ ئۆزەسىگە
چېرىك بارماق كېڭەشىدە ئىدى. «تاڭغۇت ئايماقى ياغى بولدى»
دېب خەبەر بولدى. تاڭغۇتنى قاشىن ھەم دەپدۇرلار. تورەسىنىڭ
ئاتى شىدۇرقۇ، ئۇنىڭمۇ لەك لەشكەر - چېرىكى بار. چىڭگىزخان
بورغۇل نويان بىلە جەمئىتاينى، بۇرۇنغار چېرىكنى بۇيۇردى. بۇ ئۇ-
مەرالار ئىككى ئۇلۇغ شەھەرنى ئالىپ، بىرىنىڭ ئاتى سالكى يە-

تەبىرىنىڭ ئاتى كەلەڭلۈشى، شىدۇرقۇنى چىڭگىزخانغە ئەل قىلىپ يانىدىلار. بۇيرۇق خانىنىڭ قەستىدە چىرىك ئاتلاندى.

چىڭگىزخانغە خۇدايىتەئالا يار بولدى. بۇيرۇق خان شىكاردا ئىدى. چىڭگىزخانىنىڭ قاراۋۇل كىشىسى بى دەردسەر تۇتۇپ ئۆلتۈردى. چىڭگىزخان بۇيرۇق خانىنىڭ ئەهل - ئۇلۇسىنى ۋە مەملەكەتىنى ئالدى. توقا بەگ مەكرەيەت تاياڭخانىنىڭ ئوغلى قاچىپ بارىپ ئىرتىش دىگەن مەۋزەئىدە ساكىن بولدىلار. چىڭگىزخان توقا بەگ مەكرەيەت بىلە كۈشلۈك خان نايمان قەستىدە چىرىك ئاتلاندى. شول مەھەلدە ئومەرائى قىرغىز ئەلچى ئىبەرىپ ئىتائەت قىلدى، پىشكەش بىر ئاق شوڭقار باش قىلىپ تانسوق بىسيار ئىبەردى. چىڭگىزخان ھەم ئەلچى ئومەرائى قىرغىزنى خۇشدىل ياندۇر [دى]. ئىرتىش يولىدا قەۋمى ئويرات ئۇستۇنىگە ـــ ئويرات ئاياقىنىڭ ئۇلۇغى قوتۇقبەگ پىشكەش فەراۋان ئالىپ كورۇنۇشكە چىقتى. چىڭگىزخانغە [يول] باشچى بولۇپ توقا بەگ بىلە كۈشلۈكنىڭ ئوزەسىگە يەتكۈردى. قاتتىغ جەڭ بولدى. توقا بەگ ئولدى، كۈشلۈك قاچىپ كەتتى. توقا بەگ بىلە كۈچلۈك [نىڭ] يۇرتىغە مۇتەسەررىف بولدى.

ئول زەماندا تۈركىستان قارا خىتاينىڭ قولىدا ئىدى. قارا خىتاينىڭ [خانىنى] گورخان دەر ئىردىلەر. يەئنى ئاندىن ئۇلۇغ پادىشاھ يوق [ئەردى.] گورخانىنىڭ پايتەختى بالاساقۇن ئىدى. كىيىن مۇغۇل ئالمالىق [دىب] ئاتادى. ئۇيغۇرنىڭ تورەسى ئىدىقۇت گورخانغە كەمال ۋافىر خىراج بىرۇر ئىدى. چىڭگىزخانىنىڭ شەۋكەت ۋە ئەزىمەتىنى ئىشىتتى. گورخانىنىڭ قويغان شەھنەسىنى ئولتۇرۇپ چىڭگىزخانغە تابىئ بولدى. گورخانىنىڭ ئىدىقۇت ئولتۇرگەن شەھنەسىنىڭ ئەتى شۆكەم ئىدى. گورخانغە خارەزم پادى-

شاھى سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇزمىڭ مىسقال ئالتۇن بىرۇر ئىدى. سەمەرقەند پادىشاھى ئەفراسىياب نەسلىدىن سۇلتان ئوسمان مالى ۋافىر گورخانغە بىرۇر ئىدى. گورخان بەسى ئۇلۇغ پادىشاھ ئىدى. توققۇز ياشىدا خان بولدى. توقسان بەش يىل پادىشاھلىق قىلدى. كۇشلۇك خان گورخان قاشىغە باردى. كۇشلۇك كوتەچى بولۇپ، بىر كوتەچىسىنى [كۇشلۇك] دىب، ئىچكەرى كىيۇردى. گورخاننىڭ ئۇلۇغ خاتۇنى كۇشلۇكنى تونۇپ ئەيتتى: «پادىشا تاشقارى كوتەچى ئىچكەرى ئولتۇرۇرمۇ؟» دىب، كۇشلۇكنى چىرلاپ كىردىلەر. گورخاننىڭ كۆيسۇ خاتۇنىدىن بىر قىزى بار ئىدى. كۇشلۇك خانغە ئاشىق بولدى. كۇشلۇك خان بەسى ساھىبجەمال ئىدى. گورخان قىزىنى كۇشلۇك خانغە بەردى.

ئەلقىسسە، چىڭگىزخان خىتاي ئوزەسىگە چىرىك ئاتلاندى. ئالتاي خان خىتاي خانى مالىنىبىنەھايەت [بىلەن] قىزىن ئىبەردى. چىڭگىزخان خىتاينىڭ شەھرى نەمكىنىڭ، چىڭدو دىگەن ئىككى ئۇلۇغ شەھرىنى ئالىپ ئالتاي خاندىن خىراجىبىنەھايەت ئالىپياندى. كۇشلۇك خان گورخاننىڭ ئەرزىگە يەتكۈردى: «سىزنىڭ ئەھل - ئۇلۇسۇم ئىدىقۇتتارلىق ۋە بەش بالىق ھۇدۇدىدا سەرگەردان ۋە پەرىشان ئىرمىش. چىڭگىزخان خىتاي مەملەكەتىغە مەشغۇلدۇر. مەن بارىپ ئەھلى - ئۇلۇسۇمنى يىغىپ خىزمەت بولسا خىزمەتكە كەلسەم» دىدى. گورخان مەرد، دەۋلەتمەند ئىدى. ساددەلىك قىلىپ كۇشلۇك غەددارغە رۇخسەت بەردى.

سۇلتان مەھمۇد خارەزم شاھ قەۋى ھال بولدى. غۇر ۋە خەزنە خىراسان ساف بولدى. گورخان كافىرغە خىراج بەرمەك گىران كەلدى. كۇشلۇكغە ئەلچى ئىبەردى، ئەيتتىكى: «مەغرىب نەرەپىدىن مەن بولاي، مەشرىق ھۇدۇدىدىن كۇشلۇك خان بولسۇن،

ئەگەر مەن ئۆلگىرى بارسا ئالسام گورخاننىڭ ۋىلايىتىدىن ئالمالىتقىچە ماڭا بولسۇن. ئەگەر كۈشلۈك ئۆلگىرى كىلىپ ئالسا زاكەت ۋە خوجەندغىچە كۈشلۈككە بولسۇن. چۈنانكىم گورخان پىرۇ زەئىپ بولۇپدۇر. مەشرىق تەرەپىدەكى ئۇمەراسى چىڭگىزخانغە مايىل ئىرۇر» دىپ. كۈشلۈك گورخاننىڭ ئۆزەسىگە كەلدى. گورخان ياۋۇق كىشىلەرى بىرلە ئوتراغ چىقىپ جەڭ قىلدى گورخان غالىپ كەلدى. كۈشلۈك يەنە لەشكەر تەرتىپ قىلىپ يەنە موقاتىلە قىلدى. گورخان غافىل ئىدى.

كۈشلۈك غالىپ كەلدى. گورخاننىڭ مەملىكىتىغە مۇتەسەررىپ بولدى. گورخان بۇ غەم - غۇسسەدىن جان بەقابىزى ئەرۋاھقا تاپشۇردى. يۈز ئاللە ياشدا ئىدى، دۇنيادىن ئۆتكەندە. كۈشلۈك قاراختاينىڭ مەملىكەتىنى ئالدى. زۇلۇم ئاغاز قىلدى. خۇداپى تەئالانىڭ بەندەلەرى دۇئا قىلدىلار. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسى مۇستەجاپ بولدى. چىڭگىزخان خىتايدىن فارىغ بولدى. كۈشلۈك چىڭگىزخاننىڭ سەۋلەتىدىن قورقۇپ بەشبالىق بىرلە كۈچا[غە] كەلدى. تۇرت يىل كۈچادا بولدى. چىڭگىزخان خىتاينى، تاڭغۇتنى ساپ قىلدى. كۈچادىن قاچىپ كاشتەرغە كەلدى. «شىدىرقۇ تاڭغۇت تورەسى يەنە ياغى بولدى» دىپ خەبەر بولدى. چىڭگىزخان يەنە ئاڭا موقەييەد بولدى.

كۈشلۈك غەددار نابىكار ئىكەن [غە] باردى. خوتەن شەھەرىدە مۇنادى قىلدۇردى: «ھەر ئالىم ۋە ئىمام، بۇزرۇگۋارلارى بار، ھازىر بولسۇن!...» دىپ.

ئۈچ مىڭدىن زىيادە ئىمام ۋە ئالىم ھازىر بولدىلار. ئىمامۋاپى، ھەممەسى ئۇلۇغما — ھەزرەتى ئىمام ئەلاۋۇددىن مۇھەممەد خوتەنى قەددەسە سىررەھۇ [ھەم كەلدىلەر]. كۈشلۈك كامىر

باجىر ۋە فاسىق ئەيتتىكى: «ئىككى ئىشنىڭ بىرسىنى ئىختىيار قىلىڭلا: يا تەر[سا] بولۇڭلار، يا جەلا تاتاپ بوتغەسەجدە قىلىڭلار. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى قىلمىساڭلار سىياسەتى بەلىغ قىلىپ گۇنا- ھدىن ئازاپ بىلە ئۆلتۈرۈرمەن! ئەگەر كىشىنىڭ بەھىس ۋە مو- نازىرەسى بولسا مەندىن قورقماي قىلىڭىز» دىيىپ. ھەزرەتى ئىمام ئەلاۋىددىن مۇھەممەد قەددەسە سىررەھۇ ھەق كۆيلۈقغە بەل باغ- لادى. شاھادەتگە قەرار بېرىپ ئىماملارنىڭ ئاراسىدىن قوپۇپ كۆشلۈك قاشىغە كېلىپ ئولتۇردىلار. ئول كافىرى فاجىرىمنە مونازىرە ئاغاز قىلدىلار. ھەق باتىلغە غەلىبە قىلدى. ھەزرەتى ئىمام ئەلاۋىددىن مۇھەممەد قەددەسە سىررەھۇ كۆشلۈكنى مۇلزەم قىلدىلار ۋە كافىرى بىشەرم ھەزرەتى [مۇھەممەد]سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارەلەرىدە ناسەزا ئەيتتى. ھەزرەتى ئىمام ئەلاۋىددىن مۇھەممەد قەددەسەسىررەھۇ كافىرى ناسىنتى دەشنامى قەبىھ قىلىپيۈزىگە تۈكۈردىلەر. ئول نابىكار [كۆشلۈك] ئىمام ئەلاۋىددىننى تۇتتۇرۇپ چا- ھارمىخ قىلىپ، قىيىن بىلە ئۆلتۈردى. ھەزرەتى ئىمامنى مەدرەسەلە- رىنىڭ ئالدىدا چارمىخ قىلدى. ئىمام ۋەسىيەت قىلدىلار: «ئەي مۇسۇلمانلار، سەبر قىلىڭلار! دۇنيانىڭ ئازابى پات ئۆتەر، ئاخى- رەت ئازابىدىن قورقۇڭلار! دىنى مۇھەممەدىدىن يانماڭلار!» دىيىپ.

كۆشلۈك ھەزرەتى ئىمام ئەلاۋىددىن خوتەنى باشلىغ ئۈچ مىڭدىن زىيادە ئۆلۇما ۋە ئىماملارنى قەتلى قىلدى. بۇ خەبەر چىڭ- گىزخانغە يەتتى. جەبە نويياننى، لەشكەرى ناراۋان بىلە يوي- رۇدى، كۆشلۈكنىڭ دەفئىغە. بۇ مەھەلدە كۆشلۈك كاشقەردە ئىدى. مۇسۇلمانلاردا ئىختىيار يوق ئىدى. جەبەنويياننىڭ خەبەرىنى ئىشىتىپ كۆشلۈك قاچتى. جەبەنويان دەرەئى سىرىغقۇلدا

يېتىپ كۈشلۈكنى ئۆلتۈردى. جەبە نويان مۇنادى قىلدۇردى «ھەركىم، ھەر كىشى ئۆز دىنى ۋە ئادىتى بىلە بولسۇن، كىشىگە كىشى تەئەررۇز قىلماسۇن» دېيىپ.

ھەركىمەرسە مىللەتى ھەنەفى ۋە دىنى شەرىفى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېتىراز قىلدى، پات - پۇرسەتتە نىست — نابۇد بولدى. تا قىيامەت ھال مۇنداغ بولۇر. ھەر كىشىكىم تەقۋىيەت شەرئى مۇھەممەدى قىلۇر، سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋلەتى باكەمال ۋە ئۆمرى دەراز نەسىپ بولۇر. موئجىزە ھەزرەتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

ئەلقىسسە، چىڭگىزخان تەمامى ۋىلايەتى مەشرىقكە — مەملىكەتى خىتاي، ئالمالىق، مەملىكەتى ئۇيغۇر، تاتار مەملىكەتى قارا خىتاي ۋە قارا قورۇمدىن تا مەملىكەتى كاشقەرغىچە چىڭگىزخانغە سانى بولدى.

## [چىڭگىزخان بىلە] خارەزم شاھىنىڭ نىزائى

### چىڭگىزخاننىڭ ئىران ۋە تۇراننى ئالغانى خارەزم شاھلارنىڭ نىكبەتى

بۇخارا سەمەرقەندىدىن تىجارەت سەۋدا ئۈچۈن چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسى قارا قورۇمغە باردى، بۇ ئۈچ سەۋداگەر ئىدى. مەتائىغە قىممەت بەھا قىلدى. چىڭگىزخان بۇ سەۋداگەرلەرنى خەزىنەگە كىيۈردى ۋە ئەيتتى: «بۇ سەۋداگەرلەر بىزنى سەھرايى، ھېچ مەتا كۆرمەگەن خىيال قىلدى. شول سەبەبىدىن خەزىنەگە كىيۈردۈم، كۆردۈڭلەرمۇ؟! مەتا مۇنداغىنىم بارمۇ؟» دېدى.

AltunOq

يەنە سەۋداگەرلەرگە بۇيرۇدى: «مەتائىنى قىممەت قىلما»
دېدى.
سەۋداگەرلەر قىممەت قىلغانلىقى ئۈچۈن «ھەزرەتى پادىشاھقا
ئاتاپ ئالىپ كەلدۇق» دېدىلار. چىڭگىزخانغا خۇش كەلدى. چۇ-
تەرغە ئالتۇن باش، بوزگە كۈمۈش باش بۇيرۇدى. بەزى [لەر]:
«باش — بەشيۈز مىسقال» دەپدۇرلار.
چىڭگىزخان: «تەمامى مۇغۇلىستان ۋە تۈركىستان مەملەكەتى،
خىتاي ۋە قارا خىتاي ماڭا ساغى بولدى. ئىران ۋە بەزى تۇران
سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھدا. بىز ياخشى بولساق، ئارادا ئەلچى
يۈرسە، مەملەكەت ئاۋادان بولسۇن. ئاندا يوق نەمەنى بۇ تەرەپ-
تىن ئالىپ بارسۇن، مۇندا يوق نەمەنى ئول تەرەپتىن ئالىپ
كەلسۇن» دېب، ئۈچ كىشىنى ئەلچى قىلدى. بىرىنىڭ ئاتى مەھمۇد
خارەزمى، يەنە بىرىنىڭ ئاتى ئەلى خوجەبۇخارى، يەنە بىرىنىڭ
يوسۇف ئوترارى. بۇ ئۈچ كىشىنى بۇسەۋداگەرلەرگە قوشتى. شەھ-
زادەلەرگە ۋە ئوردالارىغە ۋە ئۈمەرالارىغە بۇيۇردىكىم: «سەۋدا-
گەر ئىبەرىڭلەر. تانسۇق نەمە ئالىپ كەلسۇن» دېب. يۈز ئەللىك
كىشىنى جابدۇپ قوشتىلار. يورت [دىن] يۈز ئەللىك مۇسۇلمان
ئەنۋالى فەراۋان ئالىپ يولغا كىردىلار. بۇ ئەلچىلەر بىلە ئوترارغە
ئوترۇ كەلدىلەر. ئىنالچۇق ئاتلىغ سۇلتانىنىڭ ۋالىدەسىغە خىشاۋەندە
ئىدى. ئىنالچۇقتە قايىرخان ئات بېرىپ ئىدى. بۇ قايىرخان بەسى شەۋ-
كەت ۋە ھەشەمەت پەيدا قىلدى، غورۇر ۋە نەخۋەت ئەزھەد زىيادە زوھۇر
تاپتى. بۇ سەۋداگەرلەرنىڭ ئاراسىدە بىر ھىندۇزادە تۈججار بار ئىدى،
بۇ قايىرخانغە قەدىم ئاشنائىدى. قايىرخان دىمەي، ئىنالچەق دېب
خىتاب قىلدى. قايىرخانغە بەسى يامان كەلدى ۋە يەنە مالى
بىنەھايەت ئىدى. مەردىكى بەدنەفس بۇ ئەمۋالدىن تەمەئ

قىلدى، موللالاردىن ھەتتا تىلەدى. «جەمائەتنى كاپىرغا ئۇ[illegible] قىلىپ جاسۇس بولۇپ كېلىپتۇ» دېدى. موللالار يەنە پىتنەخور مۇسۇلمانلىكى، دىن دۈشمىنى كاپىرغا بېرىپ جاسۇس بولسا، ئۇنىڭ خۇنى ھالال» دېدى.

قايىرخان ئەلچىلەر بىلەن تۇججارلارنى زىندانغا سالىپ سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھقا ئەرزداشت ۋە [illegible] ئەۋەردى. سۇلتان خارەزم شاھ ئەرەقتە مەست بولۇپ ئولتۇرۇپ ئىدى. خىيال ۋە فىكىر قىلماي بىنوجەرردى. نەتىجىدە [illegible] يۈزچە مۇسۇلمانلارنى قەتلگاھ مەھكۇم قىلدى. بۇ تۇرت يۈز كىشىدىن بىر مۇسۇلمان زىنداندىن سالامەت قېچىپ بىر يەرگە بېرىپ ئىدى. ھەمراھلارنىڭ ئۆلۈم خەۋەرىنى ئېلىپ قېچىپ چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغا باردى. چىڭگىزخان بۇ ۋاقىئەدىن خەۋەردار بولدى. بەسى مۇتەئەللىم بولۇپ بىر پۇشتىغا چىقتى. بوتەسىنى سالىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ئەيتتىكىم: «ئەي خۇدايى بۇزۇرگ ۋە ئەي تەڭرى جاۋىد ساڭا بۇ ۋاقىئە مەلۇم. مۇپتىدائى فىتنە ۋە فاساد كىم بىلەن بولغاندا بەندىلەرنى [illegible] قىلدى، مەن زەئىپ بەندەڭگە قۇۋۋەت بەرگىل» دېدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئەسەرى موناجات چىڭگىزخانغا زاھىر بولدى. پۇشتىدىن خۇشھال ۋە خۇررەم يانىپ تۈشتى. ئۇمەرالىرىغا ئەيتتىكىم: «تەڭرى جاۋىد ماڭا قۇۋۋەت بەردى. چېرىككە ھازىرى بولۇڭلار» دېدى. ئۇمەرالەر چېرىكنى جەمئىگە جارچى يىبەردىلەر. چېرىك تەييار بولدى.

تارىخقا ئالتە يۈز ئون ئالتە ئىدى، چىڭگىزخان سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ئۈزەسىگە چېرىك ئاتلاندى. شۇل مەھەلدە چىڭگىزخان سىبوداي بەھادۇر، قوتۇجار بەھادۇرنى [illegible]

قېچىپ قۇدۇ دېگەننىڭ ئۈستۈنىگە بېرىۋېپ ئىدى. قۇدۇ دېگەن مەركىت تۆرەسىدىن ئىدى. بۇ ئىككى سەردار ئون مىڭغە يېقىن كىشى بىرلە قۇدۇ بىلە جەڭ قىلدى. قۇدۇ باسرۇق بولدى. كوپ كىشى ئۆلدى. شۇل ھالەتتە خارەزم شاھ يەتتى. بۇ مەجرۇھەلەرنىڭ بىرى تىرىك ئىدى، خەبەر بەردى. ئەيتتى: «چىڭگىزخاننىڭ چېرىكى شۇبۇ شەھەردەمىزنى ئالىپ تۆرەمىزنى ئۆلتۈرۈپ كەتتى» دېپ. سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ كەينىدىن تۇرۇپ يەتتى. سىبۇداي باھادۇر بىلە قوتۇقجار باھادۇر ئەيتتىلەركىم: «بىزنى چىڭگىزخان يەنە خىزمەتكە ئىبەردىپ ئىدى. سۇلتان خارەزم شاھ ئەل بولادۇر، روخسەتسى جەڭ يوق» دېدى. سۇلتان خارەزمشاھنىڭ دەۋلەتى يانىپ ئىدى. بۇ مەئقۇل سۆز مەقبۇل بولمادى. جەڭ ئاغاز قىلدى. موغۇل چېرىكى ناچار جەڭ قىلدى.

سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھنىڭ شەۋكەتى شۇنداغ ئىدى كىم ئەندەك سەير ئۆپۈن ئاتلانسا يىگىرمىڭ كىشى ھەمراھ ئىدى. ھەر كۈنى نەۋبەتكە يەتمىش ئالتۇن ۋە كۈمۈش نەققارە چالدۇرۇر ئىدى. بۇ ئەندەك موغۇل چېرىكى سۇلتان مۇھەممەد خارەزم [شاھ]غە غالىپ كەلدى. سۇلتان قولىغە تۈشكۈچى ئۇلۇغ ئوغلى سۇلتان جەلالىددىن مىڭبورى بەسى باھادۇر يىگىت ئىدى. ئاتاسى خارەزمشاھنى بۇ موغۇللاردىن خالاس قىلىپ جەڭ قايىم بولدى. كېچە ھەر ئىككى لەشكەر تۈشتى. موغۇل چېرىكى ھەر يەردە ئوت ئالاپ قويۇپ قەرار قىلدى. ئەمما خارەزم شاھ [غە] مەلۇم قىلدى، يانىپ كېتىپدۇر. خارەزم شاھ بەسى قورقتى. مال ۋە جاندىن ئىلىك يۇدى.

ئوغلى سۇلتان جەلالىددىن مىڭبورى ئەيتتىلەر: «ئەي

پەدەرى بۇزرۇكۋار سىزنىڭ مەردانەلىكىڭىز بارچە ئالەمغە مەش-
ھۇر ۋە رەۋشەن. ھەمى سائەت تورت لەك چېرىك تەييار ۋە
ھازىر، كافىر بىلە جەڭ قىلالى، ئىراق ئەزاربەيجانغە كىشى
چاپدۇرۇپ چېرىك يىغالى» دىب. سۇلتان قەبۇل قىلمادى. ئوتى-
رارغا قايىرخان ھاكىم ئىدى، يىگىرمە مىڭ لەشكەرى بار ئىدى.
سۇلتان مۇھەممەد ئون مىڭ كىشىگە خاس ھاجى قاراچەنى باش
قىلىپ قويدى. خوجەند ۋە فىناكەتكە ئوتتۇز مىڭ لەشكەر [بىلەن]
تومۇر مەلىكنى باش قىلىپ قويدى. بۇخارانىڭ ئەللىك مىڭ چې-
رىكى بار ئىدى. ئوتتۇز مىڭ كىشى ئەمىر ئىختىيارىددىن كۈشلىنى
ئەلى ساھىبكى ئايىتاياجخان مۇقەللەب ئىدى. بۇ ئومەرالارنى
باش قىلىپ بۇخاراغە قويدى. سەمەرقەندنىڭ ئون كىشىسىدىن
باشقە يۈز مىڭ لەشكەر [بار ئىدى]. سۇلتانىنىڭ تاغاسى تۇغان-
چاقنى ھىسامىددىن مەسئۇدنى ئومەرائى غور ھەزمىلنى باش قىلىپ
سەمەرقەندكە قويدى. بەلخ [گە] كەلدى. ئوغلى سۇلتان جەلالىد-
دىن مىڭبورى ئەرز قىلدى: «ئەي پەدەر، سىز يىگىرمە يىل
مەردانىلىق بىلەن ياغى باسىپ پادىشاھ بولدىڭىز. بۇ مۇشتى بى
دىندىن مۇنداغ قورقاسىز؟» سۇلتان خارەزم شاھ ئەيتتى: «مەن
ئىشتكەننى سىزلەر ئىشتمەيسىزلەر. رىجالۇلغەيب ئاۋاز قىلادۇر:
‹ئەييوھەلكەفەرە ئۇقتۇلۇلفە جەرە› دىب. بو ئەۋاز قولاقىمغە كې-
لەرچە ھىراسى ۋە ۋەھمى كوڭلۈمگە تۈشەدۇر. بى ئىختىيار قا-
چادۇرمەن» دىدى. سۇلتان جەلالىددىن مىڭبورى ئەيتتىكى:
«ئەي پەدەرى بوزرۇكۋار ماۋارەئۇننەھر قولدىن چىقتى. ئەگەر
سۇلتانى جەھانغە ۋەھىم ۋە ھىراس تۈشۈپدۇر، سۇلتان ئىراقتا
بارسەلەر، لەشكەرنى ھازىر بار — ئىككى لەك كىشى بار. ھەممە
شەھەرلەرگە كىشى چاپتۇرالى، خارەزم شاھدا خومارتېكىن ئىنلىغ

ئىككى لەك چېرىكى بار، ماڭا بەرسۇنلار. خۇراسان، ئىراقنى قولدىن بەرمەيلى. دەريايى جەيھۇننى توسۇپ مەردانە جەڭ قىلالى. خۇدايىتەئالا نۇسرەت بەرگەي. ئەگەر نۇسرەت بەرسە ئەلنىڭ ئەيىبىدىن مەئاف بولغايمىز» دېب. سۇلتان جەلالىددىن نەچچە مەرتەبە ئەرز قىلدى. سۇلتان مۇھەممەددىن دەۋلەت يانىپ ئىدى، مەئقۇل بولمادى. «ئەيىبۇ ھەلكەفەرە ئۇقتۇلۇلفەجەرەە» مۇنىڭ مەنىسى ئانداغ بولۇر كىم: «ئەي كافىرلار ئۆلتۈرۈڭلەر فاسىقلارنى».

سۇلتان خارەزمشاھ ئىراق[قە] يۈردى. چىڭگىزخان چىغتاي خان بىلەن ئوكتاينى ئوترارغا بۇيرۇدى. بەش ئاي مۇھاسىرە قىلىپ ئالتىنچى ئايغە ئوترارنى ئالدىلار. قايىرخان بىلە قاراچەنى ئۆلتۈردىلەر، جوجى خاننى خوجەند ۋە پەناكەتكە بۇيۇردى. جوجى خان ئەلچى كىيۈردى. ئەۋباش رەنۇر ئەلچىنى ئۆلتۈردى. ھاكىمى خوجەند ۋە شاش قۇتلۇغ خان ئىدى. بۇ ۋاقەنى ئىشىتتى، ئەرسە: «بۇ ئەلنىڭ خۇنى بوزۇلۇپدۇر، تەڭرى تەئالانىڭ غەزەبىگە سازاۋەر بولۇپدۇر» دېب، خارەزمشاھقە قوشۇلدى. شاش بى دەردسەر فەتھ بولدى. فەناكەت ۋە خوجەند ھاكىمى تومۇرمەلىك ئىدى. تومۇر مەلىك بەھادۇر مەردانە، ھەر بىر ئوقى مىلتىقدىن زىيادە [ئىدى]، جەڭگى مەردانە قىلدى. مۇغۇل دەمبەدەم زىيادە بولدى. تومۇر مەلىكنىڭ كىشىسى كەم قالدى. تومۇر مەلىك مىڭ ياخشى كىشى ھەمراھ قىلىپ رەۋان بولدى. بۇ خەبەر جوجى خانغە يەتتى، يىگىرمە مىڭ كىشىنى بۇيرۇدى. جەڭگى سەخت ۋاقىئ بولدى. تومۇر مەلىكنىڭ كۆچى دەرتالنى تۇتۇپ ئالدىلار. جوجى خان كىشى ئىبەرتىپ تۇردى. ئوتتۇز مىڭ مۇغۇل چېرىكىدىن ئون مىڭ كىشى ئۆلدى. تومۇر



AltunOq

مەلىك ئۈچ كىشى بىلە قالدى. ئەمما ئۈچ ئوق قالدى، بىرىنىڭ باشى يوق.
ئەللىك كىشى [قوغلاپ] يەتتى. تۆمۈر مەلىك باشسىز ئوقى بىلە بىر
موغۇلنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. تۆمۈر مەلىك ئېيتتىكى: «ئەي موغۇللار
بىھۇدە ئۆلمەڭلەر، مەندە پۇل - مال يوق» دېب. موغۇل يېنىپ
بارىپ جوجى خانغە تۆمۈر مەلىكنىڭ كارى بارىنى ئېيتتىلەر. پە-
سەند قىلدى.

چىغتاي خان، ئۆكتاي خان، جوجى خان سەمەرقەندتە ئۇلا-
رغە كۆرۈنۈش قىلدى. بىسيار جەڭگى جەدەل بىرلە سەمەر
قەند فەتھ بولدى. چىڭگىزخان تولى خان بىلە بۇخاراغە يۈردى.
جوجى خان، چىغتاي خان، ئۆكتاي خاننى فەتھ خارەزمگە يو-
يۇردى. چىڭگىزخان بۇخارا [غە] يۈردى. دەرۋازەنىڭ ئالدىغە
تۈشتى. بۇخارادا سەردار يىگىرمە مىڭ كىشى ئىتتىپاق قىلىب
شەبىخۇن كەلتۈردىلەر. چىڭگىزخاننىڭ يامان غەزەبى كەلدى. نەر-
نەسى ئەلچى كىيۈردى: «ئۇلكى ئاھالى ۋە مەۋالى ئەكابىر ۋە
سادات كى بار، ئۇلار بىلە ئىشىم يوق» دېب.

ئەكابىر ئەشراف كۆرۈنۈشكە چىقىپ باشلاب شەھرى بۇ-
خاراغە كىردىلار. چىڭگىزخان كىچىك ئوغلى تولى خان [بىلە]
مەسجىدى جامە بۇخاراغە كىردىلار: «بۇ، ئوردايى پادىشاھمۇ؟»
دېب سوردى. ئېيتتىلەر كىم: «بۇ خانەئى خۇدايى، مەسجىد
دېدۈرمىز» دېب. مۇسھەفنىڭ ساندۇقلارىنى ئاچۇر بولدى. ئەكابىر
ئەشراف ئات باقتىلار.

ئەلقىسسە. يىگىرمە مىڭ كىشىنى قەتل قىلدى. مىڭنى ئەسىر
ئالدى، ئاندىن ئۆزگەنى ئەفۋ قىلدى. شاھزادەلەر چىغتاي،
ئۆكتاي، جوجى خارەزمنى مۇھاسىرە قىلدىلار. نەتىجە بولمادى.
چىغتاي خان بىلە جوجى خاننىڭ مۇخالەفەتىدىن، ئالبەتتە ئانىغە

تارتتى. خارازم فەتھى بولمادى. چىڭگىزخان يارلىغ ئەۋەتەردى: «چىغتاي بىلە جوجىنىڭ سوزىگە كىشى ئىلتىپات قىلماسۇن. ئوكتاي خاننى [خان] بىلىپ يارلىغىدىن تەجاۋۇز قىلماسۇنلار» دىپ.

ئوكتاي‌خان ئىككى ئاغاسىنىڭ ئاراسىغە دوستلۇق پەيدا قىلىپ شەھرى خارەزم فەتھى بولدى. خۇمارتېكىن باشلىغ سەكسەن مىڭ كىشى ئولدى. ھەزرەتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرايى قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ خارەزمدە ئىدىلار. ئوكتاي‌خان ھەزرەتى شەيختە كىشى كىيۇردى: «خارەزمدىن تاشقارى چىقسۇنلار. خارەزم قەتل ئام بولادۇر» دىپ. شەيخ نەجمىددىن كۇبرا قەددەسە سىررەھۇ ئەيتتىلەركىم: «يەتمىش يىل بۇ شەھەردە بولدۇم، ياخشىلىغىنى كورۇپ، ئەمدى بەلا ۋە مىھنەت يەتكەندە ھەزدا بولماق مۇرۇۋۋەتدىن ئەمەس، قەزاغە رىزا بەردىم» دىدىلار.

ھەزرەتى شەيخ خارەزم قەتلى ئامدا شەھىد بولدىلار. سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ دەرەئى ئابىسكۇن دىگەندە ئالەمدىن سەفەر قىلدى. سۇبۇداي بەھادۇرنى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلە سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھنىڭ ئارقاسىدىن بۇيرۇپ ئىدى. خارەزم شاھ دەرەئى ئابىسكوندا فەۋت بولدى. سۇبۇداي خەزىنە ۋە مالنى ئالىپ ياندى.

تولى خاننى فەتھى خۇراسانغە بۇيۇردى. سۇلتان جەلالىددىن مىڭبورى غەزنە ھەددىدە ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ بىر ئۇرۇسى ئىككى سان كىشى بىلە قاراۋۇل ئىدى. ئاتى شەنگى قوتۇنۇ. جەڭ قىلدى. سۇلتان جەلالىددىن مىڭ بورى غالىپ كەلدى. قوتۇقۇ بەھادۇر بارىپ چىڭگىزخانغە يەتكۇزدى. چىڭگىزخان سۇلتان جەلالىددىن مىڭ بورىنىڭ ئوزەسىگە باردى. دەرياي سىند ياقاسىدا سۇلتانغا يەتتى. سۇلتان جەلالىددىن

ھىلىڭ بورى شۇنداغ جەڭ قىلدىكى، ئىسپەندىيار ۋە رۇستەملەر «بارىكەللا»دەر ئىدى. سۇلتاننىڭ چېرىكى ئاز قالدى. بەسى تەڭ بولدى. ئۆز بالا بار قەسنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ تازە ئات مىنىپ مۇغۇل چېرىكىگە ھەملە قىلىپ بەھادۇرلارنى قايتارىپ سالىپ دەريايى سىندىن ئۆتۈپ قىلىچىنى يويۇپ، نەيزەسىنى يەرگە قاداپ سەلاھىنى خۇشلىك [قىلدى]. چىڭگىزخان ئوغۇللارىغە ئېيتتىكىم: «ئاتانىڭ ئوغلى شومداغ بولسە» دېب. چىڭگىزخان ئاۋاز قىلدى: «ئەي پادىشاھزادە ئانچە ئىشتىپ ئىدىم، يۈز ئانچە بار ئىكەنسەن، ئەمدى قويغىل، قەددۇ قامەتىڭنى كورەي» دېب. سۇلتان جەلالىددىن مىلىك بورى قويۇپ نەچچەند قەدەم يۈرۈپ تۇردى. يەنە ئەيتتىكى: «ئەي شاھزادە ئېمدى ئولتۇرغىل، ئاكلاغانچە بار ئىكەنسەن.» سۇلتان ئولتۇردى. چىڭگىزخان ئەيتتىكى: «ئەي پادىشاھزادە غەرەز ئول ئىدىكى، مېنىڭ بۇيرۇغۇمچە بولغايسەن، ئېمدى بار» دېب. سۇلتان جەلالىددىن ھىندىستان[غە] باردى. قائان جاھانگىر چىڭگىزخان تالغانغەچە ئالىپ بەلخ[قە] كەلدى. تولى خان تەمامى خوراساننى فەتھ قىلىپ. چىڭگىزخانغە قوشۇلدى. ئوكتايخان، چىغتايخان ھەم خارازمنى ئالىپ كېلىپ قوشۇلدى. جۇجى خان خارەزمىدىن يورتى دەشتى قىپچاق ئىدى، كەتتى.

چىڭگىزخان بەسى ئاغرىدى. چىڭگىزخان، چىغتايخان، ئوكتايخان، تولى خان ئالغان مەملىكەتلەرگە شەھنە ۋە دۇرغە قويۇپ ياندىلار.

خەبەر بولدىكى: «تاڭغۇت تورەسى شىدەرقۇ يەنە ياغى بولدى» دېب. شىدەرقۇنىڭ تۈمەن بەش لەك كىشىسى بار ئىدى. تاڭغۇت مەملىكەتى بەسى ئۇلۇغ شەھەرلەر، چېرىكى تۈمەن بەش

لەك كىشى چىڭگىز خان بىلە جەڭ قىلدى. خان باسرۇق قىلدى.
شىدەرقۇ شەھەرگە بىركىتدى. چىڭگىز خان ئەلچى ئىبەردى. شىدەر-
قۇ ھەم ئەلچىگە كىشى قوشۇپ ئىبەردى. بىر ئاي موھلەت تى-
لەدى. بىر ئايدىن كېيىن كورۇنۇشكە چىقماق بولۇپ، ئەلچىسى
باندى. چىڭگىز خان بىتاپ ئىدى. ئوغۇللارىغە ۋە ئومەرالارىغە
ۋەسىيەت قىلدى: «تاڭغۇت مەملەكەتىگە دەست تاپماق بەسى مۇش-
كۇلدۇر. مېنىڭ ئولگەنىمنى مەخفى تۇتۇڭلار. يىغى ۋە زارى قىل-
ماڭلار. شىدەرقۇ چىقسۇن. خەلقى بىلە شىدەرقۇنى ئولتۇرۇڭلەر.
مەملەكەتىگە ئىگە بولۇڭلار. مېنىڭ ساندۇقۇمنى ئورداغا يەتكۇرۇپ
ئەزا تۇتۇڭلار» دېب. چىڭگىز خان ئالەمدىن ئوتۇپ، ئون ئۇچ
كۇندىن كېيىن شىدەرقۇ پىشكەش بىنەھايەت ئالىپ
چىقتى. شىدەرقۇنى تۇتۇپ ئولتۇردىلەر. تىرىكلەر ئانداغ
ئەيتىپ دورلاركىم: «يۇز مىڭ كىشى قەتل تاپسە بىر كىشى تىلك
تۇرار، ئون مىڭ [كىشى] قەتل تاپسە بىر كىشى قول كوتەرۇر»
دېبدۇر. شىدەرقۇنىڭ خەلقىنى ئولتۇردىلەر. بەش ئولۇك تىلك
تۇردى. سەككىز ئولۇك قول كوتەردى. مۇندىن قىياس قىلدىلار:
«بەش لەك كىشى يەئنى بەش يۇز مىڭ يەنە سەكسەن مىڭ
كىشى قەتل تاپىپدۇر» دېب. ئوزگەسىنى ئەفۋى قىلىپ ئۇلەشىپ
ئالدىلار.

چىڭگىزخاننىڭ ساندۇقىنى شەھزادەلەر ۋە ئۇمەرالار ئا-
لىپ رەۋان بولدى. ھەر جاندار يولۇقتى قەتل قىلدىلار.

ئەلقىسسە، قارا قۇرۇمغە يەتكۇردىلەر. خاننىڭ ئورداسى
شول مەملەكەتدە ئېردى. چىڭگىزخاننىڭ بەش خاتۇنى بار ئىدى.
غوماسى بىلە بەشيۇزگە ياۋۇق خاتۇنى بار ئىدى. ھەر كۇنى
بىر ئورداسىدا ئەزا تۇتتىلەر. ئۇلۇغ خاتۇنى بورتەقوچىن غوك-

ران ئايماقىنىڭ تۆرەسى نويانىنىڭ قىزى. تۆرت ئۇلۇغ ئوغلىنىڭ ئاناسى ـ ئەۋۋەل جوجى خان، ئىككىنچى چىغىتاي، ئۈچىنچى ئوكتاي خان، تۆرتىنچى تولى خان. ئىككىنچى خاتۇنى قولان خاتۇن ـــ مەكرىيەت تۆرەسىنىڭ قىزى، ئۈچىنچى يەسوكەي خاتۇن ـــ تاتارنىڭ تۆرەسىنىڭ قىزى. تۆرتىنچى كونچۇ خاتۇن ـــ خىتاي خانىنىڭ قىزى، (ئەمەد خوب سۈرەت ۋە كەلامى مەرغۇب ئىدى) بەشىنچى كورباسون خاتۇن ـــ تاياڭخان نەمايەنىنىڭ قىزى ئىدى. ھەر كۈندە بىر ئوردادا ئەزا تۇتۇپ ئەزا تەمام بولدى. قارا تاشلاپ سەرۇپاي تازە قىلىپ تويى ئەزىم ئەنگىز قىلدىلار. جوجى خان چىڭگىزخاندىن ئالتە ئاي ئىلگىرى فەۋت بولۇپ ئىدى. چىڭگىزخان ئورنىدا ئىككىنچى ئوغلى باتۇنى نىسبەت قىلىپ ئىدى. چىغىتاي خان، تولى خان، جاۋۇرخان، جوجى خان چىڭگىزخاننىڭ يەتتە ئوغلى تەمام بۇرادەر زادەلەرى نەبىرەلەرى قۇرۇلتاي قىلىپ، ئوكتاي خاننى داداسىنىڭ ۋەسىيەتى بىرلە خان كۆتەردىلەر.

چىڭگىزخان ئەيتىپ ئىدىكىم: «ئەي ئوغلانلارىم. مۈلك ۋە پادىشاھلىقتىن بەرخوردار بولاي دېسەڭلەر، ئوكتايىنى مېنىڭ ئورنۇمدا خان بىلىڭلەر. يارلىغ، ياساق قىلسە تەجاۋۇز قىلماڭلار. بىر يىلاننىڭ بىر باشى، نەچچە قۇيرۇغى بولسە. باشى بىر تۆشۈككە كىرسە قۇيرۇغلارى كەينىدىن كىرەر. ئەگەر باش ئون قۇيرۇغى بىر بولسا، ھەرباشى بىر تۆشۈككە كىرسە قۇيرۇغى تاشقارى قالۇر ۋە ساۋۇقغە ھەلاك بولۇر».

يەنە چىڭگىزخان يەتتە ئوغلىغە ئەيتتى، يەتتە ئوق بەردى: «سىندۇرۇڭلار!» دېب. سىندۇرۇپ تاشلادىلار. يەتتە ئوقنى بىر باغلاپ بەردى. سىندۇرالمادىلار. «مۇندىن قىياس قىلىڭلار موخالىفى بولماڭلار!» دېب. ئوكتايخاننى خان كۆتەردىلەر.


AltunOq

چىڭگىزخان يەتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كوردى. يىگىرمە بەش يىل خانلىق قىلدى.

چىڭگىزخان بىر كۈن سەير ئۈچۈن ئاتلىنىپ ئىدى، بىر سەھنى يەردە بىر توپ دەرەخت كوردى. خۇش كەلدى. تۈبىدە تۈشۈپ ئولتۇردى. قاشىداقى ئۇمەرالارغە ئەيتتىكى: «ئەگەر مەن ئولسەم مىنى شۇبۇ دەرەخت تۈبىدە دەفنى قىلىڭلار. بۇ يەردە مەن ئەرەم تاپتىم» دىدى. ئول يەرنىڭ ئاتىنى «بەر قان قالدۇن» دەر ئىدىلەر.

چىڭگىزخانىنى دەفنى قىلدىلار. چىڭگىزخانىنىڭ تورت ئوغلىكى — جۇجى، چىغتاي، ئوكتاي، تۇلى بىر ئانادىن. يەنە بەش قىزى بار ئىدى. ئۇلۇغ قىزى قۇچىن بىكى، ئانى ئىكۇنتۇ كوراگانىنىڭ ئوغلىغە چىقاردىلار. ئىككىنچى قىزى جىجىكەن ئانى تورالچى كوراگانگە بەردىلەر. ئول پادشاھى قەۋمى ئويرات ئىدى. ئۈچىنچى قىزى ئالاقان بىكى. ئانى پادىشاھى قەۋمى ئونگۇت جىكتۇيغە بەردىلەر. تورتىنچى قىزى تومالۇن. غوڭراتنىڭ تورەسى كوراگانغە چىقاردىلار. بەشىنچى قىزى ئاي تالون، ئانى ئولقونوت قەۋمىنىڭ پادشاھى جاۋۇر جىجانغە بەردىلەر.

ئەلقىسسە، چىڭگىزخان تەمامى موغۇلستان تارا قۇرۇم ۋە كىلۇرانكى پايتەختى موغۇلستان ئىدى. تەمامى خىتاي ۋە تۈركىستانكى، پايتەخت بالا ساقۇن ۋە ئالمالىق، بەشبالىق ۋە قەبالىق، ئىدىل، ئىرتىش، كاشغەر ۋە خوتەن، تەمامى مەۋرەئۈننەھركى، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە شاش، خوجەند ۋە فەناكەت ۋە تەمامى تۇران ۋە بەلخ ۋە تالقان قۇندۇز ۋە غەزنىن ۋە كابۇل تەمامى ئىرانكى، خۇراسان ۋە ئىراق، ئەجەم ۋە فارىس چىڭگىزخانىغە يەك قەلەم بىلۈر ئىدى. بۇ مەملەكەتلەرگە داروغە ۋە شەھنە تويۇپ ياندى.

خوراسەنغە ئەمىر ئومىرا ئارغۇن ئاغانى قويدى، ئىراق ۋە فارسغە چىن تىمۇر قارا خىتاينى قويدى. خارەزم ۋە بۇخاراغە، سەمەرقەندە، خوجەند ۋە فەناكەت ۋە شاش ۋە ئوتىرارغە ۋە بالاساقۇن، ئالمالىق، قەبالىق، ئىمىل، كاشقەر ۋە خوتەنگە مەسئۇد بەگنى قويدى. تەمامى مەملەكەتى خىتايغە مەھمۇد يالاۋاچنى ھاكىم قىلدى. مەھمۇد يالاۋاچ بەسى قابىل كىشى [ئىدى]. چىڭگىزخان تەمام مەملىكەتنى ئوغۇللارىغە قىسمەت قىلىپ بەردى. تەمامى دەشتى قىپچاق ساراي، بولغار ۋە ئورۇسنى جوجى خانغە بەردى. ئوزىنىڭ تەختىگاھى قارا قورۇم كىلۇرانىنى ئوكتاي خانغە بەردى. تەمامى ۋىلايىتى خىتاينى تولى خانغە بەردى. بەشبالىق، ئالمالىقكى تۇغلۇق تومۇرخانىنىڭ مەرقەدى شەئىندە. كاشقەر، خوتەن ۋە تەمامى تۈركىستاننى ۋە ماۋەرائۇننەھرنى ۋە بۇخارا ۋە سەمەرقەند، شاش ۋە خوجەند ۋە فەناكەت ۋە ئوزكەند ۋە ئوش، ئۈچ بالىقنى چىغىتاي خانغە بەردى. بارلاس ئايماقىنىڭ ئۇلۇغى ۋە ئاغاسى قاراچار نويانىنى قوشتى.

ئوكتاي خان ئىبنى چىڭگىزخان ئوكتاي پادىشاھ ئىدى، جوۋانمەرد ۋە بەخشەندە، لەك ـ لەك زەرنى ئەندەك بەھانە بىرلە كىشىگە ئىنئام قىلۇر ئىدى. خۇشخۇي، كوڭلى يۇمشاق فىقىرھال، بەھادۇر، پۇرشەۋكەت، ئەمما بىسيار شاراب دوست ئىدى. چىڭگىزخان ئەيتۇر ئىدى: «ھەر كىشى شىكار چەرگەسىنى خوپ بىلەي دىسە جوجىنى تەبىئيەت قىلسۇن. ھەر كىشى سىياسەت ۋە تۆزۈت كورەي دىسە چىغىتاينى ئەيەرەشسۇن، ھەر كىشى ياغىنى باساي، سىپاگەرچىلىكنى بىلەي دىسە، تولىنى ئەيەرەشسۇن. ھەركىم ئەيش ـ فەراغەت تىلەسە دىرەم، دىنار خاھلىش قىلسا.

رەئىيەت پەرۋەرلىك تىلەسە ئوكتاي بىلە بولسۇن» دېپ ئېدى.

جوجىخان بىلە چىغتايخان بىسيار نىزائىگەن ئېدىلەر. جوجىخاننىڭ ۋالىدەسى بورتە قوچىن نىڭ بويىدا ئېدى. مەكرەيت چىڭگىزخاننىڭ يوقىدا ئوردىسىنى ئولجىلاپ ئالىپ بورتە قوچىننى ئوڭخانغا ئالىپ بارىپ تارتتى. ئوڭخان كېلىنى قاتارىدا كورۇپ يىش كەلدى. بەگلەرى ئەيتتىلەركىم: «بورتە قوچىندەك رەئنانى خان ئالمادى». ئوڭخان ئېشىتىپ ئەيتتىكىم: «چىڭگىز مېنىڭ ئوغلۇم. مەن يەسوكەيخان بىلە دوست ئېدىم. ئانىڭ خاتۇنىغە يامان كوز بىلە باقماق مۇرۇۋۋەت ۋە ئەرەنلىكتىن ئەمەس» دېدى.

بۇ سوزنى چىڭگىزخان ئېشىتىپ سېپا بەھادۇرنى بۇيرۇدى. سېپا باراچە ئوڭخان ئېئزاز - ئىكرام بىلە بورتە قوچىننى كېلىن كوزىدە كورۇپ ئاسراپ ئېدى، سېپاغە قوشۇپ بەردى. يولدا جوجىخان ۋۇجۇدغە كەلدى. يەر بەسى خەۋفلىغ ئېدى. بوشۇك ئورنىدا خەمىرنىڭ ئاراسىغە ئالىپ چىڭگىزخانغە يەتكۈزدى. چىڭگىزخان بەسى خوشھال ۋە خۇررەم بولدى.

ئەمما چىغتاي خان جوجى خاننىڭ نەسەبىغە تەئن قىلۇر ئېدى. ئول سەبەب بىسيار نىزاگەن ئېدىلەر. ئوكتاي خان رەفىق ۋە مەدارا بىلە خوشخويلۇق بىلە ئىككى ئاغاسىنى مۇۋافىق قىلۇر ئېدى.

ئوكتايخاننىڭ ھەممەتى خوشخويلۇغىنى ئانداغ نەقىل قىلادۇرلاركى، بەغداددىن بىر كەمبەرسە پىر ۋە زەئىف بولۇپ ئېدى. تەي مەراھىل ۋە مەنازىل قىلىپ ئوردۇغە يەتتى. ئوكتاي خان شىكاردىن يانىپ كېلۇر ئېدى. بۇ پىر زەئىف دۇئا قىلدى، سوردى:

«بۇ پىرنىڭ ئەرزى نىمە» دېپ. پىر ئەيتتىكىم: «بەغداد

دىگەن شەھەردىن كەلگۈرمەن. ئۇن قىزىم بار. ئالتىمىز جابدۇقسىز ئاچىز كەلدىم. بىزنىڭ كەرەمىتىڭىزنى ئىشىتىپ دەرگاھىڭىزغا كەلدىم» دىدى. ئوكتاي خان ئەيتىمىشكىم: «خەزىنىدە ھېچنىمە جابدۇق بەرمەدىمۇ؟» دىدى. بىر ئەرز يەتكۈردىكى: «ئەي پادىشاھى ئالەم ھەر ئاركى خەزىنىگە يەتكۈردۇم، ئۇن دەردىم بەردى، ھېچنىمە بولمادى» دىدى. خان ئاغا رەھىم قىلىپ مىڭ باش كۆمۈش بۇيرۇردى. ھەر باش بەشيۈز مىسقال دەرتۇر، ئول پىر ئەير قىلدى: «مۇنچە مالنى نوچۇك ئۆيۈمگە يەتكۈرۈرمەن؟» دىدى. خان ئىككى مۈشتەبەركىشى قوشتى. «بۇ بابانى ئۆيىگە يەتكۈرۈڭلەر» دىدى. بابا يولدا فەۋت بولدى. ئوكتايخانغە يەتكۈردىلەر. خان بۇيۇردى: «ئول بابا، ئولگەن بولسە بۇ ئەمۋالنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىڭلار» دىدى. بەغدادغە ئالىپ بارىپ ئول پىرنىڭ ۋارىسلارىغە يەتكۈردىلەر.

چىڭگىزخان يارلىغ قىلىپ ئەيدىكىم: «ھېچ كىم ئەرسە قوينى بىسمىل قىلماسۇن، ھەركىم بىسمىل قىلسە گۇناھكار» دىدى.

بىر مۇسۇلمان بازارى قارا قورۇمدىن بىر قوي ئالىدى، ۋە ئۆيىگە ئالىپ كەلدى. دەرۋازەسىنى ئەتتى، قويىنى بىسمىل قىلدى. بىر موغول ئۆگزەدىن كۆرۈپ، ئول مۇسۇلماننى باغلاپ، خانغە ئالىپ باردى. ئەمەئى ئولكى - مالنى ئالغاي. خان سوردى: «نوچۇك تاپتىڭ؟».

ئول نابەكار ئەيتىمىشكىم: «بازاردىن قوي ئالدى، بىلدىم. بۇ مۇسۇلمان ئەلبەتتە بىسمىل قىلغۇر دىدىم، كەينىدىن ئەيرەشىپ كەلدىم. موغولغە ئالىپ كىرىپ دەرۋازە، ئىشىكلەرنى تەمام ئەتتى. قازانغە ئالىپ كىرىپ ئىشىكنى بېركىتىپ بىسمىل قىلدى.

مەن ئوگزەدە ماراپ تۇرۇپ قويىنى ئىسسىمىل قىلاچە تۇتۇپ باغ-
لاپ ئالىپ كەلدىم» دەيدى.

ئوكتاي‌خان ئەيتتىكىم: «ئەي بەدبەخت بۇ كىشى يارلىغ-
ىنى خوپ ئىشتىپ ئىكەن. ئۈچ ئىشىكنى ئېتىپ ئىسسىمىل قىلىپ-
دۇر. سەن يارلىغقە تەئزىپ بېرىپسەن. كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرمە-
كىلىك، ئوگزەسىگە چىقماقىلىك خىلاپى يارلىغ» دېيىپ شول ئوغۇلنى
گۇناھكار قىلىپ تەمام مالىنى بۇ مۇسۇلمانغە بۇيرۇدى. ئوزىنى
يۈز تاياق ئۇرۇپ تېۋەگە مىندۇرۇپ بازارنى ئايلاندۇرۇپ مۇنا-
دى قىلدۇردى ۋە دارغە ئاسىپ ئۆلتۈردى. «ئىبرەت بولغۇن» دېيىپ.

مۇنادى قىلدۇردى: «قويىنى، ئۆزىنى ھەر كىشى ئوز يېسۇ-
نى ۋە دىنى بىلە ئوزى ئۆلتۈرۈپ يېسۇن» دېيىپ.

نەقىل ئانداغدۇركىم، دەرۋىشى يول ئۆزەسىدە تۇردى. خان
سوردى. ئەيتتىكى: «بەسى پىرۇ دەرۋىش بولدۇم. دەركارغە
كەلدىم» دېيىپ.

يۈز باش بۇيۇردى. ۋەزىرلەر بىر - بىرىگە ئەيتتىكى:
«يۈز باشنى يۈز دەرەمچە كورمەيدۇر» دېيىپ. يۈز باشنى خاننىڭ
يولدا تۇدەلەپ قويدىلار. خان سوردى: «بۇ نىمە؟» دېيىپ. ۋەزى-
رلەر ئەيتتىلەركىم: «پىر دەرۋىشكە بۇيرۇغان باشلار» دېيىپ.

خان ئەيتتى: «مەن خېلە تۇ بولۇرمۇكى دېيىپ سەنبىت
ئىدىم. ئەندەك نىمەرسە ئىكەن، يەنە يۈز باش بېرىڭلار» دېيىپ
ئۇمەرا، ۋۇزەرا ھەمە ھەيران قالدىلار.

ئانداغ نەقىل قىلىپتۇرلاركى، ئىراندىن بىر كىمەرسە
ئالازەئى ئوكتاي‌خاننى ئىشىتىپ كەلدى، يول باشىغە يەتتى
كۆڭلىدە ئەيتتىكىم: «بىگانە مەملىكەتكە كەلدىم. غۇسلى ۋە نە-



AltunOq

هارەت قىلاي» دەپ سۈغە تۈشتى. ئۇل ۋەقتىدە چىڭگىزخاننىڭ ياساقى ئۇل ئىدىكى ھەر كىشى كۈندۈز سۇغا تۈشسە ئانى ئۆلتۈرۈر ئىدى. ئۇل كىشىنى موغۇللار تۇتۇپ ئالىپ كەلدى. چىغەتاي‌خان ئوا-تۇرۇرگە راغىپ بولدى. بۇ كىشى ئەيتتىكىم: «مەن مۇسافىر، بۇ يارلىغ ياساقتىن خەبەرىم يوق» دەپ مەسئۇل بولمادى. ئوكتاي‌خان ئاغا رەھىم قىلدى: «بۇگۈن كەچ بولۇپدۇر، ئەرتە يارغۇ سورالى» دەپ ياندۇردى. كېچە بىر ھەميان ئالتۇن دىنار [نى] خان ئىبەردى. ئۇل بىچارە شول سۇغە تۈشكەن يېردە قويسۇن، مەن بەردى غەرىبدۇرمەن، بۇ دىنارلارىنى قويغالى بىر تاپالمادىم، سۇداقويدۇم [دېسۇن دەپ]. بۇ كىمەرسەنى ھازىر قىلىپ يارغۇ سوردىلەر. ئەيتقان سوزنى ئەيتىپ خەلاس تاپتى «كېچە شول دىنارنى ئالىپ كەلدىم» دەپ. خان يەنە بىر ھەميان دىنار قايتىپ بەردى، ئەيتتىكىم: «ئۈچ، تۆرت كۈن غەم يېمەدىڭ، كەسبۇكاردىن قالدىڭ» دەپ.

نەقىلدۇركىم، بىر مۇسۇلمان بىر ئەمرى ئۇيغۇر كافىردىن تورت باش قەرز ئالىپ ئىدى. بۇ مۇسۇلمان قەرزىنىڭ ئەداسىغە ئاجىز كەلدى. ئۇل ئەمىر ئۇيغۇر كافىر ئەيتتىكىم: «بوگۈن بەرگىل، ئەگەر ئاجىز كەلسەڭ دىنى مۇھەممەدىدىن يانىپ، بۇت پەرەست بولغىل» دەپ.

بۇ كىمەرسە بارىپ خانغە ئەرزىنى يەتكۈردى: «فەلان ئەمرىئۇيغۇردىن تورت باش كۈمۈش قەرز قىلىپ ئىدىم، ئەمدى ئەيدۇر: يەھەمى سائەت قەرزىمنى بەرگىل، بولماسا دىنىڭدىن يانىپ بۇتقە تابىنغىل، ئەگەر ئانى قىلماساڭ سېنى بەرەھنە قىلىپ بازاردا ھەر كۈنى يۈز تاياق ئۇرۇپ رەسۋا قىلاي، دەيدۇر» دەپ.

قائان يارلىغ قىلدى. ئەمىر ئۆيغۇرنى يۇز تاياق ئۇرۇپ، تېۋەگە مىندۇرۇپ بازار ئايلاندۇرۇپ بار - يوق مالىنى شول قەرزدار مۇسۇلمانغە بەردى. «كىشى - كىشىگە مۇنداق يامان ئىش قىلماسۇن.» دىب مۇنادى قىلدۇردى.

ئوكتايخان پادىشاھى ئادىل ۋە رەھىمدىل ۋە سەخى، جەۋانمەرد، ھاتەمۋارىز، خۇشخۇي ئىدى. ئولكى چىڭگىزخان زاماندا قالغان شەھەرلەرنى ئەتمە قىلدى. مەشرىق تەمام ئوكتايخانغە سانى بولدى. ئىرانغە چىرماغون نويان، تەيجۇ نويانى ئىبەرىپ ئەتمە قىلدى. ئەمىر ئارغۇن ئاقانى ھاكىمى خۇراسان قىلدى. مەسئۇد بەگنى بۇخارا ۋە سەمەرقەند ۋە تەمامى تۈركىستان، ئالمالىق، قابالىق، قاباق، كاشقەر، خوتەن، ئوتىرار، خوجەند، فەرغانە، جەند، ئۈزكەند ۋە شاشغە ھاكىم قىلدى. چىڭگىزخان شۇنقار بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئوي تەخت پادىشاھىغە ئولتۇردى. ئون ئۈچ يىل خانلىق قىلدى. بىسيار شەرابدوست، ئىچكۇچى كىشى ئىدى. قەدىمۇللەيىيام پايتەختى مۇغۇلىستان — قارا قۇرۇم ئىدى. چىڭگىزخان ۋەفات بولۇپ ئون بەش يىلدىن كېيىن ئوكتايخان ئالەمدىن ئوتتى. چىڭگىزخاننىڭ قاشىدا بۇرقان ئالدۇندا دەفن قىلدىلار. تولى ھەم ئالدۇندا ياتتى.

جۇجىخان، تولىخاننىڭ ۋاقىئەسىنى بايان قىلىپ، ئاندىن كېيىن جەغتاي خان ۋاقىئەسىنى ۋە ئەۋلادىنىڭ زىكرىنى قىلغۇمدۇر. ئىنشائەللا.

جۇجى خان چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ ئوغلى. چىڭگىز تەمام دەشتى قىپچاقنى [ئۇنىڭغە] بەردى. ئۆزبەك ۋە قازاق تورەلەرى جۇجى خاننىڭ ئەۋلادى. چىڭگىز خاندىن ئالتە ئاي ئىلگەرى

ھەيرەت بولدى. ئورنىدا ئوغلى باتۇنى نىسبەت قىلدى. باتۇ خاندىن كېيىن بەركە خان دەشتى قىپچاققا خان بولدى. ھەزرەتى شەيخ سەيفىددىن باخەرزى قەددەسە سىررەھۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدى. ئول كىشكى جۇجى نىڭ ئەۋلادىدا مۇسۇلمان بولدى، بەركە خان ئىدى. تولى خاننىڭ ئەۋلادىدا غازان مۇسۇلمان بولدى، «سۇلتان مەھمۇد غازان» [دېب] شۆھرەت تاپتى. چىغىتاي خاننىڭ ئەۋلادىدا تۇغلۇق تومۇرخان ھەزرەتى مەۋلانا رەشىدىددىن ئەتتەرەھۇللاھۇ مەشھەدەھۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدى.

ئەلقىسسە، جۇجى خاننىڭ ئەۋلادىدىن ئوتتۇز سەككىز كىشى خان بولدى. سۇلتان ئەھمەد خان زامانىغىچە ئارادا بەئزىسى مۇسۇلمان، بەئزىسى كافىر ئىدىلەر. ئەۋۋەل باتۇ، ئىككىنچى بەركە خان، ئۈچىنچى مونكا تومۇرخان، تۆرتىنچى موكە خان، بەشىنچى توختە خان، ئالتىنچى ئۆزبەك خان، پادىشاھى ئۆزبەك ئات شۇندىن قالدى. يەتتىنچى جانى بەگخان ئادىل جەۋانمەرد نېكو ئەخلاق ئىدى. ئەمىر تومۇر كوراگان زەمانىدا ئوروس خان ئىدى. ئەمىر تومۇر بىلە جەڭ قىلىپ ئوروس خان بىمەر تەرەن بولدى.

ئەمىر توختەمىش خاننى ئوز ئورنىدا نىسبەت قىلدى. مىرزا ئۇلۇغبەك كورگان ۋە مىرزا سۇلتان ئەبۇسەئىد كورگان زامانەلەرىدە ئەبۇلخەيرخان تەمام دەشتى قىپچاققە ئىستىلا تاپتى. ئەبۇلخەيرخاندىن گۇزەي خان بىلە جانى بەگ خان قاچىپ موغۇلىستانغە چىقتى. موغۇل ئۇلۇسىدە ئىسەن بۇغە خان خان ئىدى. خېلى يېمىش كەلدى. بۇلارغە قازاق ئات قويدىلار. يالغۇز يۈرۈپ قاچىپ يۈرگەن سەبەبىدىن قازاق ئاتاندىلار. ئەبۇلخەيرخان ئالەمدىن ئۆتتى. دۇنيانىڭ رەسمى گاھى بالا ئەزىز، گاھى پەست زەلىل.

ئەۋلادى ھەممە پاراكەندە بولدىلار. شادى بەگ خان ئىبنى شەد
باداغ ئوغلان ئىبنى ئەبۇلخەيرخان، سۇلتان مەھمۇدخانغە خىزمەت
قىلدىلار. خىزمەتى ئۇلكى مىرزا سۇلتان ئەھمەد ئىبنى سۇلتان
ئەبۇسەئىد مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭكى بىلە جەڭ قىلدىلار.
بۇ شاھى بەگ خان ئەمىر ئابدۇلئىمام تۈركانغە نەۋكەر ئىدى.
بۇزۇلۇپ سۇلتان مەھمۇد خانغە كەردى. بۇ خىزمەتنى مەنزۇر
بىلىپ تۈركىستاننى ئىنايەت قىلدى. ئاخىر سۇلتان مەھمۇد خان-
نى بەش ئوغلى بىلە شەھىد قىلدى.

جۇجى خان بەسى شىككار دوست ئىدى. تۈزۈكى چىرىگى
خوب بىلۇر ئىدى. جۇجى خاننىڭ ئەۋلادىدا جانى بەگ خان
ئىدى. بەسى ھەممە خىسال ۋە نىكۇ ئەفئال. شۇندا مۇختەسەر
قىلدۇق. ئۇزگەسى تەقرىبەن كەلگۈسىدۇر.

تولى خان پادىشاھزادەئى مەردانە ۋە دىلاۋەر ۋە زىبا
مەنزەر خۇش گۇفتار ئىدى. ئوكتاي خاندىن ئىلگىرى ئالەمدىن
ئۆتتى.

ئاندانع نەقل قىلىپدۇرلار: خان رەنجۇر ئىدى. ئۇز رەسمى-
مىدە سۇغە بىر نەمە دەم قىلىپ «قامان» دەپ قويۇپ ئىدى. تولى
خان چىرىك بارىپ ئىدى. ئاغاسى قاشىغە كەلدى. كوردى، ئاغا-
سى رەنجۇر، قامان قىلىپ قويۇپدۇر. ئەيتتىكى: «ئەي تەڭرى
جاۋىد ئەگەر گۇناھ ئۈچۈن ئىتاب قىلساڭ ئۈنىڭدىن مەن تولا
كىشى ئۆلتۈردۈم، بالا - بارقەسىنى يىغلاتتىم. ئەگەر سۈرەت
ئۈچۈن ئەلتۈر بولساڭ، ئاندىن مەن خۇش سۈرەتدۇرمەن. مېنى
ئالىپ بارغىل» دىيىب، قامان سۇنى ئالىپ ئىچتى. قائاندىن رۇخ-
سەت ئالىپ ئوردىسىغە ياندى. يولدا رەنجۇر بولۇپ بىر نەرەڭ
بولدى. ئانى بورتان ئالدىندا دەفن قىلدىلار. چىڭگىزخاننىڭ

ئاياغىدا مەدفۇن بولدى. تولى خاننىڭ ئۇلۇغ خاتۇنى سەيۇر-
قۇت بەگ ئۇڭخاننىڭ ئىنىسى ھاكىۇنىڭ قىزى ئىدى. تورت ئۇ-
لۇغ ئوغلىكى: ئەۋۋەل موڭكاخان، ئىككىنجى قۇبىلايخان، ئۇچىنجى
ھۇلاكۇخان، تورتىنجى ئارىق بوكە خان. ئوكتايخان ئالەمدىن
ئوتتى، كۇيۇكخان تەختكە ئولتۇردى. ئاتاسىنىڭ ئورنىدا، بىر يىل
تەمام بولدى. كۇيۇكخان ھەم ئالەمدىن ئوتتى. ئوكتاي خاننىڭ
ۋەلى ئەھدى شاھزادە بەشەۋت ئىدى. ئول خاندىن ئىلگەرى ئا-
لەمدىن ئوتتى. بۇ پادىشاھزادەلەر ئاراسىدا موڭكا خاندىن
تەخت - تاجغە لايىقى يوق ئىدى. قۇرىلتاي قىلدىلار. جەمئ
شاھزادەلەر، باتۇخان باشلىغ دەشتى قىپچاقدىن كەلدى.

قارا ھۇلاكۇ باشلىغ ھەممە چىغتاي خاننىڭ ئەۋلادى ماڭا
سارنويان باشلىغىن جەمئى ئۇمەرالار يىغىلىپ موڭكا خاننى كو-
تەرىپ ئاياق تۇتۇپ قەدىم يۇسۇن بىلە تەخت - تاجغە چى-
قاردىلار. موڭكا خانغە خانلىق قەرار تاپتى. بەسى مەردانە ۋە
مۇبارىز پۇر تەدبىر ۋە قاھىر. چىڭگىزخان ئالغان مەملەكەتنىڭ
بەئزىسى يەنە ياغى بولۇپدۇر. بەئزىسى ھەنۇز فەتھ بولغان ئە-
مەس ئىكەن، دىب جاھانگىرلىق ئۇچۇن لەشكەر بۇيۇرماق بولدى.
ئۇلۇغ ئىنىسى قۇبىلايخان، ئاندىن كىچىكى ھۇلاكۇخان بۇلارنى ئىنتى-
خاب قىلىپ چىرىككە مۇقەررەر قىلدى. چىڭگىزخاننىڭ چېرىكىدىن
ئون كىشىدىن ئىككى كىشى چىقاردى. بىرنى قۇبىلايخانغە، بىرنى
ھۇلاكۇخانغە قوشتى. قۇبىلايخاننى مەشرىق ھەددىگە بۇيۇردى.
باش خىتاي، ماچىن، قارا چاڭ، تاڭغۇت، تۇبەت، جۇرجە،
سۇلىغاد كولى، بەئزى ھىندۇستاننى خىتايغە ۋە ماچىنغە پەيۋەست
ئېرۇر، فەتھ نامزەد قىلدى.

تەمامى ئىران زەمىن، شام، مىسر، روم، ئەرمەن



AltunOq

ۋە يەمەنگە ئۇن كىشىدىن ئىككى كىشى چىقاردى. ھۇلاكۇخانغا توقسان يەتتە مىڭ كىشىنى...

پارس يىلى تارىخقا يۈز قىرىق توققۇز ئىدى. ھۇلاكۇخان جاھانگىرلىق ئۈچۈن قارا قۇرۇمدىن ئىرانغا يۈز قويدى. لەشكەرى فەراۋان ۋە ھەشەمەتى بىپايان بىلە ماۋەرا ئۇننەھرگە كەلدى. سەمەرقەنت شەھرىنىڭ ئالدىدا مەسئۇد بەگ توي ئەنگىز قىلدى. بىر ئاي توي قىلىپ ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ئالىپالىقدىن بىرى شەھرىكى بار ھاكىمى مەسئۇد بەگ دارىغالەرى پىشكەش بىلە كېلىپ ھۇلاكۇخانغا كورۇنۇش قىلدىلار. خۇراساندىن ئەمىر ئارغۇن ئاغا باشلىق ئىمەرالار ۋە شەھنەلەر پىشكەشى لايىق بىلە كېلىپ كورۇنۇش قىلدىلار. ھۇلاكۇخان لەشكەرى بىسيار ۋە پەھلەۋانانى نەيزە گۇزار بىلە خۇراسان تەرەفىگە نوھزەت قىلدى. خۇراساندا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. مۇلاھىدە [باشلىغى] خورشاھ ئىدى، بەسى فەساد - پىتنە بۇ مەلئۇنلاردىن ئۆتتى، بەسى ئەكابىر ۋە پادىشاھلارنى شەھىد قىلدى. ھۇلاكۇخان مۇلاھىدەنىڭ شەھەرلەرنى فەتھ قىلىپ خورشاھنى موڭاخان قاشىغا ئىباردى. مۇلاھىدەنى نىست - نابۇد قىلدى. ھۇلاكۇخان بەسى شۇجائ ۋە بەھادۇر، خۇشقەد، ھىممەتلىك ۋە مەردانە قاھىر ئەقىل كېڭەشدە بىنەزىر خان ئىدى. خۇراسان، فارس ۋە كەرمان مۇلاھىدلەرنىڭ مەملەكەتى يەمەن ۋەل مەۋت، قۇزۋىن ۋە ئەزەربەيجان، ئىراق، ئەجەم موسەخخەر بولدىلار. [بەغدادقا ئەلچى] ئىبەردى. خەلىفە بەغدادۇلمۇستەئسىم بىللاھ ئىدى. ۋەزىرى مۇئەييەددىن ئىبنى ئەلئەلقەمى شىئە ئىدى. خەلىفە پاكدىن ۋە سۇننى ئىدى. ۋەزىرى يامان سۆز بىلە ئەلچىلەرنى ياندۇردى.

ئەلقىسسە، ھۇلاكۇخان توقسان يەتتە مىڭ كىشى بىلە
بەغداد ئۈستۈنىگە كەلدى. خەلىپە ئەلمۇستەئسىم بىللاھ ھەنـ
سەۋر نەۋكەرلەرىدىن باشقا يىگىرمە تۆرت مىڭ كىشىگە
ئۈلۈپە بېرور ئىدى. ۋەزىر مۇئەييەددىن ئەھمەدئىلئەلقەمى ۋە-
زىرى پۇرتەزۋىر خەلىپەنى غاپىل [قىلىپ ئەيتتى]: «كۈن ئۆتۈش-
مەن كۈن پاتىشەغە ھەممە مۇسۇلمان خۇدا - پەرەستلىكى بىلەن
بەندىلى بۇ دەرگاھ ئەمىرلمۇئمىنىنغە جانبازلىق قىلادۇر. بۇ
مۇغۇلى بى دىندىن چەپەرۋا ۋە ئۇمەرائى خەلىپە مۇجاھىدلەردىن
ئىبەك دەۋاندار كۈچۈك» دىدىلار. دەۋاندار بۈزرۈگ دېپ بار
ئىدى. شول ھەدەلدە بىر تەرەف بولۇپ ئىدى. ئوغلى ئەمىر-
سەيد خوب يىگىت ئىدى. سۇلەيمان شاھ ئۇمەرائى خەلىپەدىن
ئىدى. مۇنەججىم ماھىر ئىدى. ۋەتىمەددىن گەرد قارا سەككىزۇر
ۋە غەيرىھەم [بار ئىدى]. خەلىپە بىسيار زەردار ۋە مالدار ئىدى
ماللە بەسى مايىل ئىدى. ئۇمەرالار ئەيتتى: «ئەي ئەمىرلمۇئـ
مىنىن زەرنى كىشى شۇبۇكۈن ئۈچۈن يىغارلار. لەشكەر
يىغالى، مال بېرەلى» دېپ. خەلىپەگە ۋەزىر ئىبنۇلئەلقەمى
ئەيتتى: «ئەلگە مال بېرىپ نەۋكەر ناجەت ئەمەس. بۇ دەر-
گاھغە تەمامى خۇدا پەرەست نەۋكەر ۋە چاكەر. مال يىغماغى
كېرەك. ئەسەلگە چېرىن يىغى بولۇر. بەلكى بىر نەچچە كۈن
كىن ئۇمەرالى تەسەللى زەر ئۈچۈن ئەتراپقە پەراكەندە قىلدى».
ھەنىگە ۋەزىر ئەيتتىكى: «تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇل بىر
ئوچ تويراق ئورسە كاپىرلار بەر بىلە يەكسان بولۇر» دېپ.
بۇ سوزگە مەغرۇر بولدى. بەگلەرى ئېيتتىلەركى: «ھۇلاكۇخان
ياۋۇن پەتمەسدە ئۈن مىڭ مىسقال ئالتۇن، يۈز ئات، بەئزىسى
ئالتۇن ئىگەرلىك، بەئزىسى كۈمۈش ئىگەرلىك ئات. يالىڭاچ

ىمەك زەرى پاچە، بەش مىڭ پۇتە، ئىككى يۈز مىلتىق، ئىلىك
جۇببە پىشكەش ئەمەس بولەك دېپ «ئېبەرىلىك» دېپ ۋەزىر
مەئقۇل قىلدىكى «دۈشمەن قورقتى دەر» دېپ. ھۇلاكۇخان
ئەزىمەت تەمام بەغدادغە رەۋان بولدى. خەلىفە يەنە ئەلچى
ئەۋەردى: «خان شۇندىن يانسۇن. بۇيان لازىم ئەمەس. مەن
دوقاخان بىلە دوست» دېپ. ھۇلاكۇخان ئەيتتى: «مۇنچە كەلمى
بە. چوڭ خەلىفەنى كۆرمەي يانماي» دېپ.

ئەلقىسسە. خەلىفەيى ئاباسىنە ئوتتۇز يەتتە كىشى ئۆتمىش
ئاخىرى بىننى ئاباباس ئىدى. دەۋلەتى بولۇپ ئىدى. ئولكى مەئـ
قول سوز ۋە ئىش مەقبۇل بولمادى. ۋەزىر دارام بەدەك جەس
تەنى مەغرۇر قىلدى. ھۇلاكۇخان بەغدادنى موھاسىرە قىلدى.
بەغدادتا لەشكەرىنىڭ كەمى يوق ئىدى. ئەمما خەلىفە بىر ئە
بىر ساددە ئىدى. ياخشى سەردار سىپاھى يوق ئىدى. موھاسىرە
ئۇزاق بولدى. دەۋلەتدار كۆچەك. نەتىمدىن نەرد قارا سەمۇر
چىقىپ شەبتۇن كەلتۈردى. ئون سەككىز مىڭ كىشى بىلە. جەڭ
سەخت بولدى. نەتىمدىن بىلە قارا سەنتۇر ئولدى. دەۋلەتدار
نەچچە كىشى بىلە قاچىپ كەلدى. لەشكەر بىر تەرەپ بولدى.
ئۈچ ئاي موھاسىرە بولدى. بەغداد بەسى تەڭ بولدى. خەلىفەنە
ئەكابىر، سادات، قۇززات ۋە ئۆمەرالار بىلە كۆرۈنۈشكە
چىقار بولدى. پىشكەش بى نىھايەت ئالىپ خەلىفەنى باشىنە
چادىرغە توشۇدى. ئەلھال خوب پىش كەلدى. ئەمما دەۋلەتدارنى،
سۇلەيمان شاھنى، ئەمىر سەئىدنى تۇتتىلار. سۇلەيمانشاھنى
بەتتە يۈز ئاغا ـ ئىنىسى بىلە باغلاپ كەلدىلەر.

ھۇلاكۇخان سوردى: «ئەي سۇلەيمانشاھ، سېنىڭدەك ئەخىر

شۇناس مونەججىم نىمە ئۈچۈن خەلىپەنى ئەسىۋەت قىلىپ باشلامادىكەن؟»

سۇلەيمانشاھ ئەيتتىكىم: «خەلىپە بى سەئادەت ئىدى، ياخ-شى سوزنى ئىشىتمەدى» دېپ. سۇلەيمانشاھنى جەممىيەتى بىلە ئولتۇردى. دەۋاندارنى ئۈچ مىڭ جەممىيەتى بىلە ئولتۇردى. ئەمىر سەئىدنى قەتىل قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن خەلىپەنى ئىككى ئوغلى بىلە ئولتۇردى. موغاخان بىر مۇنەججىم قوشۇپ ئىدى. ئۇل ئەيتتىكى: «ئازار ئال ئەبباس مۇبارەك ئەمەس. خۇسرەۋسەن قەتىل قىلماق ھېچ ۋەجھسى رەۋا ئەمەس، دۇنيا قارانغۇ بولۇر. يەر تەۋرەر. ۋابا بولۇر.» دېپ. شەيخ نەسىر تۇسى ھۇلاكۇنىڭ خىزمەتىغە كېلىپ ئىدى.

تۇسى ئەيتتىكى: «ھېچ ۋاقىئە بولماس. بەسى ئەكابىر ساھابە مىڭلى ئەمىرلمۇئمىنىن ئۆلدى. ئەمىرلمۇئمىنىن ئەلى، تەلھە، زۇبەير ۋە غەيرىھۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولدىلار. مۇنداق بولمادى. خاس ئالى ئەبباسنى دە-بەكىز مۇھەممەد ئىمىن زۇلەيدىن قەتىل قىلدى. موتەۋەككىل خەلىپەنى مونتەسىر قەتىل قىلدى. ھېچ ھادىسە ۋاقىئە بولمادى.» مىكرىغە قالىپ خەلىپەنى كىمىزگە يورگەدىلەر، لەت قىلدىلار.

ئەيتتىلەر: «ئەگەر بىر نىمەرسەئى دىگەندىن زاھىر بولسە. خەلىپەنى قويالى. بولماسا ئولگەنى ئولگەن.» دېپ لەت قىلدىلار. ھېچنىمە ھادىسە بولمادى، ئەئزايى خەلىپە خەمىردەك نەرم بولدى. دەۋلەتى بىننى ئەبباس ئاخىر بولدى. ئوتتۇز يەتتە كىشى مۇددەتى خەلافەت ۋە ھوكۇمەتلەرى بەشيۈز يىگىرمە ئۈچ يىل. ئەۋۋەل ئەبدۇللاھ سەففاج، ئىككىنچى مەنسۇر ئەبۇ جەئفەر، ئۈچىنچى مەھدى، تورتىنچى ھادى، بەشىنچى

ھارۇنەر رەشىد، ئالتىنچى مۇھەممەد ئەمىن، يەتتىنچى مەئمۇن، سەككىزىنچى مۇستەئسىم بىللاھ، توققۇزىنچى ۋاسىق، ئونىنچى مۇتەۋەككەل، ئونبىرىنچى مۇنتەسىر، ئون ئىككىنچى مۇستەئىن، ئون ئۈچىنچى مۇئتەر، ئون تۆرتىنچى مۇھتەدى، ئون بەشىنچى مۇئتەمىد، ئون ئالتىنچى مۇئتەزىد، ئون يەتتىنچى مۇكتەفى. ئون سەككىزىنچى مۇقتەدىر، ئون توققۇزىنچى قاھىر، يىگىرمىنچى رازى، يىگىرمە بىرىنچى مۇتتەقى، يىگىرمە ئىككىنچى مۇستەكفى، يىگىرمە ئۈچىنچى مۇتىئ، يىگىرمە تۆرتىنچى تابىئ، يىگىرمە بەشىنچى قادىر، يىگىرمە ئالتىنچى قايىم، يىگىرمە يەتتىنچى مۇئتەدى، يىگىرمە سەككىزىنچى مۇستەزھىر، يىگىرمە توققۇزىنچى مۇستەرشىد، ئوتتۇزىنچى راشىد، ئوتتۇز بىرىنچى مۇقتەفى، ئوتتۇز ئىككىنچى مۇستەنجىد، ئوتتۇز ئۈچىنچى مۇستەزا، ئوتتۇز تۆرتىنچى ناسىرىددىنوللاھ. ئوتتۇز بەشىنچى زاھىر، ئوتتۇز ئالتىنچى مۇستەنسىر، ئوتتۇز يەتتىنچى مۇستەئسىم بۇ ھەممە با ھەشەمەت پادىشاھلاردىن بەغدادتا نەرىنە قويۇلادىلار. دەۋلەتى ئال ئەبباس ئاخىر زەۋال بولدى. مەخلۇقنىڭكى بار، ئاخىر زەۋالى بار. ئۆلكى بى زەۋال ۋە پادىشاھى بى ئىمكال خۇدايتەئالا ئەززە شەئنەھۇ. بەغدادتا سەكسەن مىڭ ئادەمى بىجان بولدى. ھۇلاكۇخان تەختى ئىران ۋە ئىراققە مۇقەررەر بولدى. سەيفىددىن پۈتۈكچىنى شەھىد قىلدى. ۋەزىر ئىنتىخان ئىتدى. ھۇلاكۇخان ئىلخان. شوھرەت تاپتى. ھەر خانىكى ھۇلاكۇنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇردى. ئانى ئىلخان ئاتادىلار. سەيفىددىن پۈتۈكچىنىڭ ئورنىدا خوجە شەمسىددىن مۇھەممەت قەددەسە سىررەھۇنى ۋەزىر قىلدى. خوجە شەمسىددىن مۇھەممەت ساھىبى دىۋان، خوش خەت، مەردى فازىل، سەخى، باتەدبىر


Altun0q

ۋە ساھىب راي مۇسۇلمانلارنىڭ دەقىقىنى ياخشى ئادا قىلدى-
لار. ئىنىسى خوجە ئەلائۇددىن ئەتامەلىك مۇسەننىفى «تارىخى
جاھانكۇشاي» بۇ خوجەلەر بوزرۇگزادە. جەۋانمەرد. با نەزىرەت.
بەغدادغە خوجە ئەلائۇددىن ئەتامەلىك ھاكىم ئىدى. خوجە مۇ-
ھەممەتنىڭ ئاتىغە بەسى كىتاب تەسنىف قىلدىلار. شول جۇملە بىرى
شەمسىيە ئاتلىغ ئۇزى شەرھ ئاغاز قىلىپ ئىدى. ئۆمرى يارى بەرمەدى.
ئەلقىسسە، ئىككى يۈز ئەللىك ئالتە قەلئەنە تامامى
ھۇلاكۇخانغە مۇتىئ ۋە مۇسەخخەر بولدى. خۇتبە ۋە سىككە
ئىلخانىلىق ئاتى بىلە زىبۇ-زىننەت تاپتى. ھۇلاكۇخان سەككىز يىل
ئىران، تۇرانغە خانلىق قىلدى. قىرىق سەككىز يىل ئۆمۈر كۆردى.
ھۇلاكۇخان ئالەمدىن ئۆتتى. جەمى شاھزادەلەر ۋە ئۇمەرالار
قۇرۇلتاي قىلىپ ئاباقاخاننى خان كۆتەردىلەر. ئاباقاخان پا-
دىشاھزادەلى، ۋە دىلاۋەر، جەۋانمەرد، زىبا مەنزەر، دەۋلەت-
مەند ۋە ئادىل ئىدى. خوجە شەمسىددىن مۇھەممەد ساھىب دى-
ۋاننى ئەۋۋەلقى دەستۇرى بىلەن ۋەزىر قىلدى. ئىنىسى خوجە
ئەلائۇددىن بەغدات ھاكىمى ئىدى. يەنە ھاكىم بولدى. رۇمغە
مۇئىنىددىن پەرۋانەنى ھاكىم قىلدى. ئاباقاخان ئون يەتتە
يىل خانلىق قىلدى. ماۋارائۇننەھردىن بىراق خان لەشكەر
تارتىپ كەلدى. باسرۇق بولۇپ ياندى. بىر كۈن ئاباقاخان ھە-
مەداندا شاراپ ئىچىپ مەجلىس ئىچەپ بەزم ئىدى. ئاباقاخانغە
ۋەھشى ئەزىم مۇستەۋلى بولدى. قويچىسىدىن ئوق، يا تىلەدى.
«بىر ئۇلۇغ ماڭا قەست قىلادۇر» دىب. ئوق، يانى ئالالمادى.
يىقىلىپ جان بەردى. ئوغلى ئارغۇنخان خۇراساندا ئىدى.
ئاباقاخاننىڭ ئىنىسى تەكۇدار ئىكى سۇلتان ئەھمەد [دىب] مە-

بوز [ئىدى]. ئىلگىرى ئورداغە كەلدى. ئۇمەرا ۋە نويان يىغىـ
لىپ ئەھمەدخاننى خان كوتەردىلەر. ئەلناقىنى داماد قىلدى.
مەڭلى بۇقانى ئەمىرۇل ئۇمەرا قىلدى. ئەھمەدخاننىڭ مۇسۇلـ
مانلىققە بەسى زەۋقى شەۋقى بار ئىدى. مەڭخانى مۇسۇلمان
بولدى. ۋەزىر ۋە پادشاھ ئىسلامغە تەمام رەۋاج ۋە رەۋنەق
بەردىلەر. بەئزى ئۇمەرائى بىدىن مەڭلى بۇقا ئارغۇن
خانغە بوزۇلۇپ ئەھمەد خاننى ئولتۇردىلەر. ئارغۇن خاننى قو-
رىلتاي ئەزىم قىلىپ خان كوتەردىلەر. ئارغۇنخان مەڭلى بۇ-
قانى ئولتۇردى. ئارغۇن ئىسلامغە بەسى دۇشمەن ئىدى. خوجە
سەئىدددىن مۇھەممەد ساھىب دىۋانىنى شەھىد قىلدى. «ھەمىچ
مۇسۇلمان ئورداغە كەلمەسۇن» دىب يارلىغ قىلدى. ئەھلى
ئىسلامغە بەسى تەڭلىك بولدى. پات ۋۇرسەتتە ئارغۇنخانغە مە-
رەزى جانسىتان ئارىز بولدى. بەسى يامان رەنجىگە قالدى.
بەختىرىنى خار سەفەر ئاخىرەت قىلدى. ئىككى ئوغلى بار ئىدى.
ئەۋۋەل غازانخان، ئىككىنجى ئولجايتۇخان. غازان خوراساندا ئىدى
ئىنىسى كەنجە تو رۇمدىن كەلدى. جەمى ئۇمەرا يىغىلىپ كەن-
جەتونى خان كوتەردىلەر. كەنجەخان مەملەكەتنىڭ زىبـ...
مەشغۇل بولدى. مەنسەبى ئەمىرۇلئۇمەرالىقنى تاغاچار نويانغە
بەردى، خوجە سەدرىدددىن خالدىنى ۋەزىر قىلدى. كەنجىتو-
خان بىسىيار سەخى ۋە جەۋانمەردخان ئىدى. بايدۇخان ئىبنى
تودان ئىبنى ھۇلاكۇخان خۇرۇج قىلدى. تاغاچار تولاداي
قىبجوت مال بو ئومەرالار، ھەرام نەمەكلىك قىلىپ بايدۇغە بۇ-
رۇلغىنىدەك، كەنجە تۇخان بايدۇغە ئوترو چېرىك بۇيۇردى. تاغا-
چار بىرلە ئەمىر ئاقبۇقا چەلايىرنى باش قىلىپ. تاغاچار
بايدۇغە قوشۇلدى. ئاقبۇقا ئەندەك چېرىك بىرلە كەنجە تو-

خان قاشىغە كەلدى. ھەرام نەمەكلەر بىر يولى بايدۇغە بولۇپ كەنجە تۇخان ھەزىمەت تاپتى. كەنجە تۇخان ئۈچ يىل خان بولدى. كەنجى تۇخان بىلە ئاق بوقانى قەتل قىلدىلار. جەمئى ئۇلۇغ ـ كىچىك يىغىلىپ بايدۇ خاننى خان كوتەردىلەر.

## [زىكرى سۇلتان مەھمۇد غازانخان]

خانى خانان سۇلتان مەھمۇد غازان فەرزەند ئەر جۇ- مەند ئارغۇن خان ئىدى. ئارغۇن خان سەفەرى ئاخىرەت قىل- دى. خۇراساندا ئىدى. كەنجە تۇخاننىڭ زامانىدا ھەم خۇراسان- دا ئىدى. كەنجە تۇخاننىڭ قەتلى ۋە بايدۇخاننىڭ خانلىغىنى ئېشىتتى، ئىرىسە ئەمىر نەۋرۇز ئىبنى ئارغۇن ئاتا خۇراساندا ئىدى. شەھزادەئى غازاننىڭ خىزمەتىغە كەلىپ ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىپ يەكدىل ۋە يەكجەھەت بولۇپ بايدۇنىڭ ئۇستۇنگە چې- رىك ئاتلاندىلار. ئىككى لەشكەر روبەرو تۇشتى. بايدۇنىڭ چې- رىكى ئىككى بەرابەر غازانخاننىڭ لەشكەرىچە بار ئىدى. غازان ۋەھىم قىلدى. ئەمىرنەۋرۇز فىرۇز بەخت ئەرزىگە يەتكۈردىكى: «ئەي پادشاھى ئالەم، ھىچ ۋەھىم ۋە ھىراس قىلغۇلۇق ئەمەس. خان ئەگەر مۇسۇلمان بولسەلەر. مەنكى زامىن دۇرمەن. سۇ دۇشمەنلەرنى ئالۇرمىز». غازان قەبۇل قىلىپ ئەيتتىكى: «ئەگەر تەڭرىتەئەلا ماڭا نۇسرەت بەرسە، ئەلبەتتە مۇسۇلمان بولاي» دېب. ئەمىر نەۋرۇز ئەلچىلىككە بارىپ بايدۇغە كورۇنۇش قىلدى، كوپ ئۇمەرانى تاغاچار باشلىغ بۇزۇپ ياندى.

ئەلقىسسە، بايدۇخان باسرۇق [بولدى]. بايدۇنى ئولتۇر-

دىلەر، تەختىغە بەر قەرار بولدى. ئىككى كۈندىن سوڭ ئەمىر نەۋرۇز غازاننىڭ ئەرزىگە يەتكۈردى: «خۇدايى تەئەلا ساڭا نۇسرەت بەردى. ئەمدى خان ۋەدىسىدە ۋەپا قىلماق كېرەك» دېدى. خاننىڭ كۆڭلىگە پەر تەۋى تۈشۈپ ئىدى. ئىشتىياق بىلە ئەيتتىلەركىم: «كامىل بولغاي ئانىڭ ئىلكىدە ئەھكامى مۇسۇلمانلىقنى ئۆرگەنگەيمەن». ئەسىب بام بەھىر ئاباددىن ھەزرەتى شەيخ سەدرىددىن ئىبراھىم ئىبنى شەيخ سەئىدىددىن ھەمەۋى قەددەسەللاھۇ سىررەھۇمنى ئالىپ كەلدىلەر.

ھەزرەتى شەيخ مەزكۇر سۇلتان مەھمۇد غازان خانغە ئەھكامى ئىسلامنى ئۆرگەتىپ غۇسل قىلدۇرۇپ مۇسۇلمان قىلدىلار. شول كۈن خان بىلە يەتمىش مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولدى. ئىسلام ئىراندا شايىئ بولدى. تاغاچار ئۆچ خانغە مۇخالىفەت قىلىپ ئىدى، ئانى ئۆلتۈردى.

سۇلتان مەھمۇدغازانخان نۇر ھەدەقەئى چەشم سەلاتىن مۇغۇلان بەلكى ھەمەئى ھەمە خاقانى جەھانغە سۇلتان مەھمۇد غازانخان پادىشاھ ئىدى. مۇسۇلمان، پاك ـ ئېتىقاد، ئادىل، بەھادۇر، شۇجائ ۋە خوب سۇرەت ۋە سەخى [ئىدى]. ئەمىر نەۋرۇز خىزمەتى شايەستە بەجا كەلتۈردى. مۇسۇلمانلىققە بائىس بولدى. بەسى ئۇلۇغ ۋە باھەشەمەت بولدى. كوپ ئەمەرا ۋە ۋۇزەرا ھەسەد يىدى. ئەمىر نەۋرۇز فىرۇز بەخت بايدۇ بىلە ياغى ئىكەندە مىسىر پادىشاھىغە خەت ۋە نامە ئىبەرىپ ئىرانغە تەكلىف قىلىپ ئىدى. قۇتلۇقشاھ نويان مىسىردىن ئاسىرۇن بولۇپ ياندى.

خوجا سەدرىددىن ۋە يەنە جۇملەئى ئەمىر ئۇمەرا ئەمىر نەۋرۇزدىن ھەسەد ئېلتىپ مىسىر پادىشاھى دەلىلى ئەشرەفكە

ناھە ئىبەردى دېب مۇتتەھەم قىلدىلار. ئەمىر نەۋرۇز خىزمە-
تىغە ئىشەنمەي خانغە بەسى تەئەددى قىلۇر ئىدى. خانىنىڭ
ئەمىر بىلە مىزاجى تەغىر تاپتى. ھاسىدلار ۋەقىت تاپىپ ئەمىر
نەۋرۇزنىڭ ئىنىسى لەكزى كۈرگاننى تۇتتىلار. ئەمىر نەۋرۇز
فىرۇز بەخت خوراساندا ئىدى. پەناھى مەلىك فەخرىددىن كۆت-
غە ئەلتتى. غازانخان ئەنارەللاھە بۇرھانەھۇ ئەمىر نەۋرۇز
غازاننىڭ توھمەتىغە تەڭ بولۇپ ئىدى. ئەھالى فىتنە غەممازلار-
نىڭ سۆزى كارگەر قىلدى. ئەمىر نەۋرۇز ئۆمرىنى غەزات.
جەھاد، نەماز، خەيرات، تەلاۋەتى قۇرئان، راۋاجى
شەرئى ۋە ئىمان بىلە ئۆتكەر[دى]. كىشى يەنە ئاخىر دەمىدە
مەرتەبەئى شەھادەتكە يەتكەي نەۋرۇز بەك غازىدەك. خۇدايە-
تەئالا نەسىب ئەتكەي.

ئەمن قىتئە ئەمىر نەۋرۇز غازىنىڭ تەئرىخى:

## رۇبائى

بىشەش سەد نەۋەد شەش دىرۇن شەھرى ھىرات،
گۆزەشت ئەزمەھى شەۋۋال بەست با يەكروز.
زى ھەپتە رۇزى دۇشەنبە مىيانەئى دۇ نەماز،
رەسىد لەشكەرى غازان شەھىد شۇد نەۋرۇز. ①

① [يىلنىغا] ئالتە يۈز توقسەن ئالتە، ھىرات شەھرى ئىچىدە، شەۋۋال (ئارا ئايى)دىن يىگىرمە بىر كۈن ئۆتكەندە. ھەپتىنىڭ دۇشەنبە كۈنى ئىككى ناماز ئارىسىدا، غازاننىڭ لەشكىرى كەلدى. نەۋرۇز شەھىد بولدى.

غازان خان نەۋرۇز بەگنىڭ ئورنىغا ئولجايتۇ سۇلتاننى نەسەبەت قىلدى. ئولجايتۇخان سۇلتان غازانخاننىڭ ئىنىسى ئىدى. سۇلتان مەھمۇد غازان تەمام هۇلاكۇخاننىڭ يۇرتىغا سەككىز يىل خانلىق قىلدى. ئوتتۇز تورت يىل ئومۇر كوردى. ئولجايتۇخانى ۋەسىيەت قىلدى، غازانخان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇنىڭ ۋەقتىمغە جەمئى ئەهلى ئىسلام ئەزا تۇتتى.

ئولجايتۇ سۇلتان ئەدالى قىلدى. دىنى ئىسلامىغە رەۋاج بەردى. سۇلتان مۇھەممەد خۇدا بەندە ئىشتىهار تاپتى. خوجە رەشىدىددىن نەۋۋەرە قەبرەهۇ ۋەزىرى غازان خان ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد خۇدابەندە هەم ۋەزىر قىلىپ خوجە سەدرىددىننى شىرىك ۋەزىر قىلىپ ئىدى. خىيانەتكە مۇتتەهەم بولۇپ قەتل تاپتى. ئەمىر نەۋرۇز غازىغە فىتنە قىلدى. ئاخىر ئۆزىنىڭگە ياندى. خوجە ئەلى شاھ خەتلانى ۋەزىر قىلدى، خوجە رەشىد بىلە شىرىك. خوجە رەشىد ئەلەيھىر رەھمە ئادىل ۋە سەخى، فازىل، هونەرمەند، ۋە ئالىم، موسەننىفى «تەئرىخى جەۋامىئۇر رەشىدى» [ئىدى]. تەبرىزدە ئىمارەتى ئالى بۇنياد قىلدى، «رەشىدىيە» ئاتادىلار. تەئرىخدە ئانداغ دەپدۇلاركىم: «بەنە ئىمارەتىنى ئەتكەندىن رەشىدىيەنى بوزماق مۇشكۇلدۇرۇر.» قۇتلۇغ شاھ نوياننى سەپەهسالار لەشكەرى ئەمىرۇل ئۇمەرا قىلدىلار. سۇلتان مۇھەممەد خۇدا بەندە مىسىرغە چېرىك باردى. مىسرى پادىشاھى مەلىك ناسىر هەم ئەسبابى هەرب ۋە زەرب راس قىلىپ جەڭنىڭ خىيالىدا ئىدى. ۋەزىرى بى نەزىر خاجە ساھىب تەدبىر قىلدىكى مەلىك ناسىر پىشكەش ۋە ئەسىر هايى يار بەردار ۋە شۇتۇر هايى قاتار ۋە توقچاق هاي بادرەفتار چىقارىپ سولھ تىلەدى. سۇلتان مۇھەممەد خۇدا بەندە ئەنارەللاهە بۇرھانەهۇ ئىسلامغە

بىسيار رەۋاج بەردى. دىنى شەرىنى، مىللەتنى ھەممىنى قەۋى
قىلدى. مۇسۇلمانلارغا مەيلى تەمام بار ئىدى. ئۆزى خانى پاك
ئېتىقاد ۋە مۇسۇلمانى نىھاد، ئادىل، سەخى، بەھادۇر،
جەۋانمەرد، خۇش مەنزەر ئىدى. خوجە رەشىد ئەلەيھىر رەھمە-
نى ۋەزىر قىلدى. بۇ ۋەزىر ئادىل، ئالىم، سەخى. دىنى
ئەھلى ئىسلامغا ئانچە ئىنئام بەرەتتىكى ھەددۇ ھىسابى يوق. ئولكى
ھۇلاكۇخاننىڭ مەملەكەتى رۇم، ئىراق، ئەجەم، ئەزەربەيجان،
فارس ۋە خۇراساندا ئون ئىككى يىل تەمام خان بولدى. ئوتتۇز
ئالتە يىل بەئزى رەۋايەت [تە] ئوتتۇز سەككىز يىل خانلىق قىلدى.
خان بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن شەھرى سۇلتانىيەنى بەنا قىلىپ،
تەختگاھ ئېتىپ، ئۆزى ياتقالى ئىمارەتى ئالى ئېتىپ شول ئىمارەت-
دە دەفن قىلدىلار. غازانخان ئەۋۋەلە قەبىردىن ئىلگىرى ئىراندا
مۇغۇلخانلارنىڭ مەقبەرىسى مەئلۇم ئەمەس ئىدى. سۇلتان مەھمۇد
غازان تەبرىزدە مەدفۇن بولۇپ ئىدى. سۇلتان مۇھەممەدخۇدا-
بەندەنىڭ ئوغلىكى سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان ئېرۇر. ئون ئۈچ يا-
شار، خۇراسان پادىشاھى ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد خۇدابەندە
رەنجۇر بولدى. ئوغلى سۇلتان ئەبۇسەئىدخانغا كىشى ئىبەردى
سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان كەلمەستىن ئىلگەرى ئېلخان ئالەمدىن
ۋىداد قىلدى. جەمئى ئەمىر ئۇمەرا، ۋەزىر - ۋۇزەرا يىغىلىپ
سۇلتان ئەبۇسەئىدخاننى باشغا تاج قويۇپ تەختكە ئولتۇرغۇزدىلار.
ئەمىر چۇپاننى ئەمىرۇلئۇمەرا قىلدى. پادىشاھ كىچىك، ھەل
ۋە ئەقد ئەمىر چۇپان بولدى. ھەتتاكى خوجە رەشىدىددىننىڭ
فازىل، ئالىم، ئادىل، ئامىل ۋە سەخى بۇزرۇك خوجە ئالىشاھ
دىن رىشۋە ئالىپ خاجەنى سەئى قىلىپ قەتل قىلدى. خوجە
ئالىشاھ ھەم پات - پۇرسەت[دە] سەفەرى ئاخىرەت قىلدى. چۇپان

## دوزىتىش

| بەت | قۇر يۇقۇرىدىن | قۇر تۆۋەندىن | يېزىلغىنى | توغرىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| 1 | | 1 | مۇھەممەت | مەھمۇت |
| 63 | 7 | | بايغۇ | يابغۇ |
| 86 | 3 | | تەفەردۇج | تەفەررۇج |
| 108 | 11 | | جۇنابى | خۇنابى |

نويان [نى] خوراسانغه هاكىم قىلدىلار. ئۇلۇغ ئوغلى تۆمۈرتاش رۇم هاكىمى بولدى. بىر يۈتۈكچىسىنى خانغه ۋەزىر قىلدى، سايىن ۋەزىر لەقەب تاپتى. ئەمىر چوپان هەر ئىش قىلسە، ناچار كۆتەرۈر ئىدى. ئەمىر چوپاننىڭ قىزى بەغدات خاتۇنغه خان ئاشىق بولۇپ، بى سەبرى ئارام بولۇپ چوپان بەگكە مەمرەلەردىن كىشى ئىبەردى. ئول كىشى خاننىڭ ئەرزىنى يەتكۈردى. چوپان نويانغه بەسى يامان كېلىپ غەيرەت قىلىپ شور ئەنگىز نەمەنە ئامىز سۆزلەر ئەيتتى. خان خامۇش بولۇپ، ئەمىر چوپاننىڭ يوقلۇقىنى خاهىش قىلدى. بۇ مەئنىنى بەزى ئۇمەرا ۋە ئىنچكىلەر ئەھەم قىلىپ، چوپاننىڭ يامان ئىشلارىنى ۋە ئوغلانلارىنى ئۆزىنىڭ نەھەككۈمىنى خانغه يەتكۈرۈپ تۇردىلەر. ئۇمەرالارنىڭ ۋەزىرلارنىڭ ئەمىر چوپاندا دەردى بار ئىدى. بىچارە خان نە ئىختىيار يوق ئىدى. ئۇلۇغ ئوغلى تۆمۈرتاش رۇم هاكىمى ئىدى. ئاتىغه خۇتبەئى سىككە قىلدى. ياغى بولدى. چوپان بەگ بېرىپ باغلاپ ئالىپ كەلدى. ئەمىرنىڭ خاتىرىدىن ئەفۇ قىلىپ يەنە رۇمغا هاكىم قىلدى. دەمەشق خوجە دەپ ئەمىر چوپاننىڭ بىر ئوغلى [بار ئىدى]. مۇقەررەبى دەرگاھ دەمەشق خوجەنى خان بۇيرۇپ قەتل قىلدىلار. چوپان نويان خوراساندا ئىدى. ئوغلىنىڭ قەتل خەبەرىنى ئىشىتىپ ئۇمەرايى خوراسان ئىتتىفاق قىلىپ خان ئۈزەسىگە كەلدى. خان ئۈترۇ چىقىپ تۇشتى. يازۇق يەتتىلەر. ئۇمەرالار بۇزۇلۇپ خانغه كىردىلەر. ئەمىر چوپان هەزىمەت تاپىپ هىرات [قە] باردى. مەلىك غىياسىددىن كۆرتكە ئىلتىجا كەلتۈردى.

مەلىك كور نەمەكنى چوپان نويان تەربىيەتى كۆل قىلىپ ئىدى. مەلىك غىياسىددىن ئەمىر چوپاننى ئۆلتۈرۈر بولدى. چو-



AltunOq

پان بەگ كىشى ئىبەردى: «مەلىككە بىر مۇلاقات بولاي» دەپ. مەلىك قەبۇل قىلمادى. ئەيتتى: «ھەر سۆزى بولسە، ۋەسىيەتى بولسە ئەيتسۇن، مۇلاقات مۇشكۇل» دەپ.

ئەمىر چوپان ئەيتتىكى: «مېنىڭ باشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلماسۇنلار، زىراكى بىر بارماغىم قوش. شۇنى ئىسىرسۇنلار» دەپ.

ئەلقىسسە، ئەمىر چوپاننى ئۆلتۈردى. ئوغلى جەلالدخاننى ئۆلتۈردى. زىبارۇي نېكوسىرەت يىگىت ئىدى. بەغداد خاتۇننى خان ئالىپ ئىدى. بەغداد خاتۇن كىشى ئىبەرىپ ئاتاسى چوپان بەگنىڭ جەسەدىنى ھەزرەتى مەككەگە ئىبەردى. مەككەتۇللادا دەفىن قىلدىلار. خوجە غىياسىددىن خوجە فازىل، ئادىل، ئالىيمىقدار، تەئرىخ گۈزىدە، «تەئرىخى مەجمە ئۇلئەنساب شەرھى شەمسىيە» خوجەنىڭ ئاتىغە [يېزىلدى]. بولارغە ئىنئام ۋە ئېھسان ۋافىر ئاتا قىلدى.

رۇمدىن خەبەرى كەلدى. ئەمىر ھۆسەيىن بىلە جەمەئتى بۇيرۇپ ئىدى، ماۋەرائۇننەھردىن خەبەرى شاھزادەلى چىغتاي نەژاد كەلدى. خۇراسانغە ئەبۇ سەئىدخان ناچار دۈشمەن تەرەفىگە رەۋان بولدى. دۈشمەن لەشكەرى بىفايان بىلە كېلىپ ئىكەن. سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان ئەندەك كىشى بىلە كېلىپ روبەرۇ بولدى. بىۋەھىم ۋە ھىراس دۈشمەنگە ھەملە قىلدى. سەخت جەڭ بولدى. خان ئەندەك جەلادەت زاھىر قىلدىكى، رۇستەم ئىسفەندىيار بولسەلەر، خاننىڭ بەھادۇرلىقىغە پۇشت دەست ئىنسانى بەرۇر ئىدىلەر.

ماۋەرا ئۇننەھر چېرىكى باسرۇق بولۇپ ياندى. بۇ جەڭدىن كېيىن «سۇلتان ئەبۇسەئىد غازى باھادۇرخان» دەپ پۈتۈدىلەر مۇنشىلەر. سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان ئون ئۈچ ياشىدا خان بولدى.

ئون توققۇز يىل خانلىق قىلدى. ئوتتۇز ئىككى يىل ئۆمۈر كۆردى. سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان پادىشاھزادە خوپ سۈرەت ۋە نىكوسىيرەت، ئادىل مۇسۇلمان، سەخى، دىلاۋەر ۋە جەۋانمەرد [ئىدى]. ياش ئالەمدىن ئۆتتى. ئىران خەلقى بىر يىل ئەزا تۇتتىلار. مۇنارلەرغە قارا كەيدۈردىلەر. كوچەلەرغە كۆل ساچتىلار. ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.

## [تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى بەيانى]

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلامى ھەزرەت مەۋلانا ئەرشىدىددىن قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدى.

ئىنداغ رەۋايەت قىلۇرلاركىم، چىغتايخان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنجى ئوغلى ئىدى. بەسى، باسەياسەت، قاھىر ۋە دىلاۋەر، مەردانە تۈرە ۋە تۈزۈت - ياساقتە بەسى جىددى جەھدى بار ئىدى، ئوكتايخاندىن بىر يىل ئىلگەرى ۋەفات بولۇپ ئىدى. خان ئۆز ئورنىدا نەبىرەسى قارا ھۇلاكۇنى نىسبەت قىلىپ ئىدى. زىراكى چىغتايخاننىڭ ۋەلى ئەھدى قايىم مەقامى مامۇكەينىڭ ئوغلى قارا ھۇلاكۇ ۋە يەسۇ قارا بورى. چىغتايخان ئاقىلى كافى كېڭەشلىك كىشى ئىدى. ئوكتايخانغە كەما يەنبەغى ئىتا- ئەت قىلدى. قائان ھەم ئەۋلادى چىغتايغە خوپ نىگەھداش قىلدى. چىغتاينىڭ ۋەلى ئەھدى ئوغلى مامۇكەي بەسى مۇقبىل، خۇشخۇي، زىبامەنزەر ۋە قەمەر پەيكەر ۋە نىكوسىيرەت، خوش مۇجاۋەدە ۋە چابۇكسۇۋار، تىرەنداز، نەيزە گۇزار يىگىت ئىدى. سىننى سالى

ھەم يىگىرمە بىر، يىگىرمە ئىككى ياشدا بار ئىدى. چىڭگىزخان ئەسلەن ۋە قەتئەن ئۇزىدىن جۇدا قىلماس ئىدى. جۇجىخان، چىغتايخان، ئوكتايخاننى فەتھ خارەزمغە بۇيرۇپ ئىدى. چىڭگىزخان بەلىخ تالقان ئۇزەسىگە يۈردى. يولدا قەلئەئى ماميانىنى مۇھاسىرە قىلدى. قەلئەدىن مامۇكەينى ئاتتى. مامۇكەي ئولدى. چىڭگىزخان بەسى پەرىشان ۋە ماتەمزەدە بولدى. يارلىغ قىلدى: «مامۇكەينىڭ ئولگەنىنى ھېچ كىشى چىغتايغە ئېيتماسۇن» دېب. چىغتايخان خارەزمنى فەتھ قىلىپ ئوكتاي قائان بىلە چىڭگىزخاننىڭ خىزمەتىگە كەلدى. جۇجىخان كەلمەي يۇرتىغە ياندى. [چىڭگىز] خان جۇجىدىن بەسى ئاغرىدى. بۇ شاھزادەلەرگە ئىنئام ۋە ئېھسان ئەتا قىلدى. يەنە چىغتايغە ئەيتتىكىم: «مېنىڭ بۇيرۇغۇمنى تۇتمايسىزلەر. ماڭا ئوخشاش خانلارنىڭ ئوغلانلارى بىر ئاغىز سوزىگە جان بېرىپدۇرلار.» دېب.

چىغتايخان ھەم ئەرز قىلدى، چوكۇپ ئولتۇرۇپ: «ئەي خانى ئالەم! بىز ھەم يارلىغىڭنى تۇتماساق مەن ئولەي» دېب ئېيتتى. چىڭگىزخان ئەيتتى: «ئەي چىغتاي! ئانداغ بولسە مامۇكەي ئالەمدىن ئوتتى، يىغلاماغىل» دېب.

چىغتاي سەبىر قىلىپ ئەيتتىكىم: «سەئادىتمەندى تەكەن، ئالدىڭىزدا ئولۇپدۇر.» دېب، ھېچ تەغىر تاپمادى. بىر پۇرسەتتىن كېيىن بەھانە قىلىپ تاشقارى چىقىپ بىر خىلۋەتكە بارىپ نالەئى زارە قىلىپ، يەنە يۈزىنى يۇيۇپ، كوزىنى ياشدىن پاك قىلىپ چىڭگىزخان قاشىغە كىردى. بۇۋاقىئە بولغۇنچە شىددەتى كىشى ئولتۇرۇرگە ئەمەس ئىدى. مامۇكەي ئولدى. ئاندىن شول قەلئەدە ھېچ جاندار قالمادى، قەتلى تاپتى. چىغ-

تاي خاننىڭ پايتەختى بەشبالىق ئىدى. تۇ[ر]فاننى ئۇچ [دىب] يېتىپدۇرلار.

قارا ھۇلاكۇدىن قارا يەسۇ ئىلگەرى ئالەمدىن ئۆتتى. قارا ھۇلاكۇ ئالەمدىن ئۆتتى. خاتۇنى بەسى ئاقىلە، كېڭەشلىك زەئىفە ئىدى. ئانى ئۆزغىنە خاتۇن تۇرالچى كورگاننىڭ قىزى [دەرئىدىلەر]. قارا ھۇلاكۇ ئۆلدى، ئوغلى مۇبارەكشاھ كىچىك چىغتاي خاننىڭ ئورنىغە خان بولدى. ئاجايىپ ياخشى باسقۇردى. نەچچە يىلدىن كېيىن بايغۇ خان بولدى. زالىم كافىر ئىدى. نابۇد بولدى. ئانىڭدىن كېيىن مۇبارەكشاھ ئىبنى قارا ھۇلاكۇ خان بولدى. ئول ۋەقتىدە قارا چار نويان بىر تەرەف بولۇپ ئىدى. ئوغلى ئېجىل نويان ئاتالىق بولدى. بەرلاس ئايماقىدىن يەسۇ قارانىڭ ئوغلى بۇراق خان بەسى بەھادۇر ۋە مەردانە، كېڭەشلىك ئىدى. مۇبارەكشاھنىڭ ئاناسى ئۇلاچە بۇراق خان راي ۋە تەدبىر بىلە مۇبارەكشاھدىن خانلىقنى ئالىپ پادىشاھى با ھەشەمەت ۋە پۇر شەۋكەت بولدى. خوراسانغە چېرىك بارىپ ئالالماي ياندى. ئاخىر مۇسۇلمان بولۇپ سۇلتان غىياسىددىن ئات كوتەردى. بەش ئوغلى بار ئىدى. ئەۋۋەل مۆئمىن. ئىككىنجى قوقتاي، ئۈچىنجى بورمە، تورتىنجى داۋا، بەشىنجى بەك تومۇر. زۇبدەئى ۋە خەلاسە ۋە چىراغى ئەۋلاد بۇراق خان، داۋاخان. داۋاچىجان ھەم ئاتاپدۇرلار. داۋاخان پادىشاھى ئالى مىقدار ۋە ئەدالەت شىئار ئىدى. مۇسۇلمان ۋە پاك ئېتىقاد [ئىدى]. داۋاخاندىن كېيىن يەنە كافىر فاجىر تەختغە ئولتۇردى. مۇسۇلمانلىق رەۋاج تاپمادى. نەچچە كىشى تەختغە ئولتۇردى. ئەمما فايدا بىر تەرەف بولدى. مىرزا ھەيدەر دوغلات «تەئرىخى رەشىدى»دە داۋاخاننىڭ مەزارى ياركەندە دېدۇرلار. يەنە ھەم

مەقبۇلۇلقەۋل، كىشىلەردىن ئېشىتتىم: «داۋاخان پادىشاھنىڭ ئۇسىزنىڭغە مەسئۇدبەگ ئىبنى مەخمۇدبەگ گۇمبەزى ئالى بۇنياد قىلدى» دىب. خوجەخان مەھمۇدخوجەئەتتۇرەللاھۇ مەشھەدەھۇدىن مىرزا ھەيدەر كوراگان تەئرىخىدە نەقىل قىلىپدۇر: «ھەر بار داۋاخان پادىشاھنىڭ ئالدى بىلە ئۇتسەلەر ئەيتۇر ئىدىلەركى بۇ ئەزىزنىڭ جەزبەسى بەسى تەۋى ئىكەن. ھەر بار بۇ مەزارغە يەتسەم ماڭا جەزبە ھاسىل بولادۇر» دەپدۇرلەر. داۋاخان شۇڭقار بولدى. ئىككى، ئۈچ كافىرتورە خان بولدى. ئاندىن كېيىن نەۋبەت ئىسەنبۇقاخان ئىبنى داۋاخانغە يەتتى. ئىسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى يوق ئىدى. چىرىككە بارىپ كەلدى ۋە نەچچە كۈندىن كېيىن بىر نەرەف بولدى.

## [تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ نەسەبى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى بەيانى]

ئەنارەللاھە بۇرھانەھۇ تۇغلۇق تومۇرخان نۇرى ھەدەقەئى چىراغى بىنەش دۇرمان چىغتايخان ئىرۇر. تۇغلۇق تومۇرخان ئىبنى ئىسەنبۇقاخان، ئىبنى داۋاخان، ئىبنى بۇراقخان، ئىبنى يەسۇ قاراخان، ئىبنى ماموكەيخان، ئىبنى چىغتايخان، ئىبنى چىڭگىزخان، ئىبنى يەسۇكەيخان، ئىبنى بەرتانخان، ئىبنى قۇبلخان، ئىبنى تومنەخان، ئىبنى بايسۇنقۇرخان، ئىبنى قايدۇخان، ئىبنى دوتۇمخان، ئىبنى بۇقاخان، ئىبنى بوزەنجىر قائان، ئىبنى ئالانقوۋا كوركلۇك بىنت چوپنەخان ئىرۇر.

مىرزا ھەيدەر دوغلات مۇسەننىفى تەئرىخىدە ئانداغ ئىتىبدۇر-

AltunOq

لارکی: «ئىسەن بۇ قاخان چېرىك بارىپ ئىدى. ئۇلۇغ خاتۇنى
بار ئىدى ساتىلمىش» دېب. مۇغۇل پادىشاھلارىنىڭ نەچە خاتۇنى
بولسە. ئىختىيار ئۇلۇغ خاتۇنىدا. كىچىكلەرىنى خاھلاسا كىشىگە
بېرۇر، خاھلاسا ساقلار ئىدى. «مەڭلىك خاتۇن» دېب كىچىك خا-
تۇنى بار ئىدى. بو ساتىلمىش ئەقىرە ئىدى. ئاڭلادىكى مەڭلىك
خاتۇن [خان] دىن ئاغىر بوي ئىدى. خان چېرىكدە ئىكەندە
شىراۋۇل دوختەۋي دىگەن ئۇمەرا كورۇنۇشكە كېلىپ ئىدى. سا-
تىلمىش رەشىك ئېلتىپ مەڭلىك خاتۇننى بەردى. شىراۋۇل دوخ-
تەۋى مەڭلىكنى ئالىپ يورتىغە ياندى. شىراۋۇل دوختەۋىنىڭ يۇر-
تى بىسيار يىراق ئىدى. ئېسەن بۇ قاخان چېرىكدىن يانىپ كەل-
دى. مەڭلىك خاتۇننى سوردى. ساتىلمىش خاتۇن جاۋاپ
بەردى: «مەڭلىكنى مەن شىراۋۇل دوختەۋىغە بەردىم» دىب. ئىسەنبۇ قاخان
ئېيتتىكىم: «مەڭلىك مەندىن ھامىلە ئىدى، ئوغۇل بولۇر ئېھتىمالى
بار ئىدى» دىدى. مۇندىن زىيادە نىمە دېمىدى. ئەمما خاتۇندىن
بىسيار رەنجىدە بولدى. فۇرسەتدە ئىسەنبۇقاخان ۋەفات بولدى.
مەملەكەت خانسىز قالىپ بەسى خاراب ۋە پەرىشان بولدى. ئەمىر
بولاجى دوغالات خان تاپماقتە بەسى دەغدۇغە قىلدى. ئاما
خان ئۇرۇغىدىن بو مەملەكەتدە يوق ئىدى. فەرراشلارىنىڭ ئۇلۇ-
غى بار ئىدى. تاش تومۇر دېب. [ئۇنى] شىراۋۇل دوختەۋىنىڭ
يۇرتىغە يۇبەردى. تاش تومۇر ئۇچ يۈز ئەچكۇ تىلەپ ئەيتتىكى:
«ئۇزۇق ۋە نەۋا قىلماس. بۇ ئەچكۇلەرنى ئۇزۇق قىلىپ
مەقسۇدغە بەتكەيمەن». ئۇچ يۈز ئەچكۇ بېرىپ رەۋان قىلدى.

تاش‌تومۇر مىرزا ئاياقدىن ئاياقىغا كىشى شىراۋۇل دوختەۋنىڭ يۇرتىغا يەتتى. ئەرسە خەبەر سوردى. ئىشى ئۇڭ كەلدى. مەڭلىك خاتۇن ئۇچرادى. مەڭلىك ئەيتتىكى: «خاندىن ئالىپ كەلگەن ھامىلەمنى ئوغۇل تۇغدۇم. تۇغلۇق تومۇرخان ئات قويدۇق. دوختەۋدىن بىر ئوغۇل تۇغدۇم، ئىنچى مەلىك ئات قويدۇم».

ئەلقىسسە، تاش تومۇر مىرزا تۇغلۇق تومۇرخاننى ئالىپ قاچتى. ئەمىر بۇلاچى ئاقسۇدا ئىدى. خاننى ئاقسۇغا ئالىپ كەلگۈنچە خان مۇزاتدا ھاڭغە تۈشتى. تاش‌تومۇر مىرزا يىغلاپ تۇرۇپ ئىدى، جەمئى سەۋداگەر كېلىپ تۈشۈبدۇر. كارۋان باشىنىڭ ئاتى بەگچەك ئىدى. ئاڭا ئەيتتىكى: «خان [نى] ئالىپ كېلىپ ئىدىم. ھاڭغا تۈشتى» دىب. بەگچەك ھاڭغا تۈشتى. خاننى سالامەت تاپىپ بەسى شات مان بولدى. ئاۋاز قىلدى: «ئاغرامچى سالىڭلار» دىب.

ئاغرامچى سالدىلار. بەگچەك خان بىلە ئەھد پەيمان قىلىشىپ خانغە ئوزرە ئەيتىپ ئىلگەرى بەگچەك چىقتى، ئەيتتىكى: «مەن ئىلگەرى چىقماسام مېنى ئالماسلار» دىب. بەگچەك ۋە تاش تومۇر مىرزا خاننى ئالىپ ئاقسۇغە كەلدىلەر. تۇغلۇق تومۇر خان ئون ئالتە ياشىدا ئىدى. تاش تومۇر مىرزا كوك بىر ئەچكۇ قالغاندا خاننى ئالىپ كەلدى. تاش تومۇر مىرزانى ئۇردا بېگى قىلدى. ئەچكۇ لەقەب قويدىلار. ئەۋلادىدا بۇ لەقەب قالدىلار. بەگچەكنى ئەمىرۇلئۇمەرا قىلدى. ئول سەۋداگەرلەر ئىززەت ئاياقى [قىلدى]. شول ۋەختىدا ئەمىر بولاچى ئاغاسى ئەمىر تولەك ئەكسەر ماڭلاي - سوددگە مۇتەسەررۇف ئىدى، ئاقسۇغە خان كوتەردىلەر.

## [تۇغلۇق تومۇر خاننىڭ ئىسلام دىنىنى قەبۇل قىلغانلىغى باياني]

[تۇغلۇق تومۇر خان] ھەزرەتى مەۋلانا ئەرشىددىن ئەددەسەللاھۇ سەررەھۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدى. «تەئرىخ رەشىدى»دە ئانداغ رەۋايەت قىلىپدۇرلاركى: «مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇد بىرادەر ھەزرەتى ھافىز كەبىرىددىن بۇخارى چىڭگىزخاننىڭ نەتراتىدا ھافىزىددىن كەبىر بۇخارى ئەشەھىددىن ئىدى. بۇ بۇزرۇگدىن كېيىن قەلەمى رەشىدى ئىجتىھاد بەستە ۋە شىكەستە بولدى. مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىر قەددەسە سەررەھۇ شەھىد بولدى. بىرادىرىنى كوچۇرۇپ قارا قۇرۇمغە ئالىپ بارىپ ئىدىلەر. مەۋلانا شۇ جائىددىن مەھمۇد ئەلەيھىر رەھمە شول مۇساپىرەتتە ئالەمدىن نەقىل قىلدىلار.

چىڭگىزخاندىن كېيىن مەۋلانا مەزكۇرنىڭ ئەۋلادى قارا قۇرۇمدىن كېلىپ شەھرى كېتەكدە ئىستىقامەت قىلدىلار. شەيخىل ئىسلام ئەزىز ۋە موئتەبەر ئىدىلار. ئاخىر ئەۋزاندانى مەۋلانا مەزكۇر ھەزرەتى مەۋلانائى جامالىددىن ئەتىرەللاھۇ مەشھەدەھۇ بىسيار ئەزىز ۋە بۇزرۇگۋار ئىدى. شەھرى كېتەكنىڭ خەلقى بەسى خىسىق تۇجۇرغە رىغبەت قىلدىلار. ناداز جۇمەئەددىن كېيىن ھەزرەتى شەيخ جامالىددىن قەددەسەللاھۇ سەررەھۇ مىنبەرغە چىقىپ ۋەئز ئەيتتىلەر. ئانداغ دېدىلەركى: «ئەي يارانلار مۇندىن ئىلگەرى كەررات ۋە مەررات سىزلەرگە ۋەئز نەسىيەت قىلدىم، ھېچقايسىسىنى ئىشىتمەدىڭلەر. بۇ ئاخىرى نەسىھەتىم. بۇ شەھەرگە

بالایی ئەزیم کەلدی. سىزلەردىن رۇخسەت تىلەيدۇرمەن. دىدار قىيامەتكە قالدى» دېب، مىنبەردىن تۈشۈپ سەپەرگە رەۋان بولدی. مۇئەززىنى مەسجىدنىڭ هەزرەتى شەيخقە ئېتىقادى بار ئىدى. ئىلتىماسى هەمراھلىق قىلدى. هەزرەتى شەيخ هەم قەبۇل قىلىپ شەهەردىن پەرسەڭ بارىپ تۈشتىلەر. موللائى مۇئەززىن هەزرەتى شەيخدىن ئىجازەت تىلەپ شەهەرگە ياندى.

موھەممەدنى فارىغ بولۇپ مۇنارەغە چىقتى. رەسىم خەيرباد ئەزانى نامازى خۇپتەن ئاغاز قىلدى. ئاسماندىن قارا ياغلىغ بىرنەرسە ياغادۇر. ئەمما خۇشلۇك، ئەزان تەمام بولدى، ئەرسە مۇناردىن تۈشە بولدى. مۇنارەنىڭ ئىشكى بەند بولۇپدۇر. بىر سائەت تەۋەققۇف قىلدى. مۇنارە يەرگە ياۋۇق كورۇندى. مۇنارەدىن تۈشۈپ سۈرئەت بىلە هەزرەتى بوزرۇگۋار قاشلارىغە كېلىپ بۇ ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. هەزرەتى شەيخ: «غەزەبى ئاللادىن بىراغلىق ياخشى» دېب، كوچۈپ رەۋان بولدىلار. تەي مەنازىل ۋە مەراهىل قىلىپ سەرھەددى ئاقسۇ ئايكول دىگەن مەۋزەئغە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئىدىلەر. تۇغلۇق تومۇرخان ئوۋغە چىقىپ ئىدى. تەۋاچىلار كوردىكى جەمئى پەراغەت بىلە تىنىچ ئولتۇرۇپدۇر. هەزرەتى شەيخ بوزرۇگۋارنى تۇتۇپ باغلاپ تۇغلۇق تىمورخان قاشىغە ئېلىپ باردى. خان ئەيتتىكى: «ئەي تازىك نەدەپ جائىشىمە دىلىڭ!؟» دېب. هەزرەتى شەيخ ئەيتتىلەركى: «بىز مۇسافىر، كېتەك بۇزۇلۇپ كەلدۇك. يارلىغ شىكاردىن خەبەرىمىز يوق» دېب. خان يەنە ئەيتتى: «سەن ئوبدانمۇ، يا بۇ ئىتلارمۇ؟». هەزرەتى شەيخ ئەيتتىلەركىم: «ئەگەر ئىمان مەندە بولسە، مەن ئوبدان: ئەگەر ئىمان مەندە بولمەسە، مەندىن ئىتلەر ئوبدان.» خان شول مەھەلدە ئىتلەرغە خوك گوشتى بېرىپ تۇرۇپ ئىدى

خانىنىڭ كۆڭلىگە تەئسىر قىلىپ بىر گوشەدە تۇرۇپ بىر مۇغۇلنىڭ بۇيۇردى: «بارىپ شول تاژىك [نى] تالىپ كەلىڭ، ئېئزاز ئىكرام بىلە ئاتىڭغە مىندۈرۈپ» دېب. بۇ مۇغۇل ئاتنى تارتتى. ھەزرەتى شەيخ كوردىلەركى، ئول مۇغۇلنىڭ ئىگەرى خۇنى خىنزىر بىلە مۇلەۋۋەس، پىيادە بارۇرنى ئىختىيار قىلدىلار. ئول مۇغۇل: «يارلىغ ئانداغ ئەمەس، ئاتغە مىنىپ بارماق كېرەك» دېب تۇردى. ھەزرەتى شەيخ ناچار رويمالى تەھارەتنى ئول مۇغۇلنىڭ چىركىن ئىگەرىگە يايىپ مىنىپ باردىلار. خان بىر گوشەدە تۇرۇپدۇر، ئەسما بەشەرەسىدە ھەزن ۋە رۇشد زاھىر. خان سوردىكى: «ئول نىمە دۇرۇركىم، ئول بولسە ئادەمى ئىتدىن ئوبدان، ئول بولماسا ئىت ئانىڭدىن شەرىفى؟». ھەزرەتى شەيخ ئەيتتىلەركىم: «ئول ئىمان ئېرۇر» دېب، ئىمان ۋە ئىسلامنى تەئرىف ۋە تەۋسىفىكە مايەنبەغى قىلدىلار. تۇغلۇق تىمۇرخان ئەنارىدىلاھۇ بۇرھانەھۇ گىريان بولدى. ئەيتتىكى: «ئەگەر مەن خان بولسام ئىستىقلال بىرلە، ئەلبەتتە سىز كېلىپ مېنى مۇسۇلمان قىلغايسىز» دېب ۋەئدە بەردى. خان شول مەھەلدە ئون سەككىز ياشار ئېدى. ھەزرەتى شەيخ جەمالىددىن قەددەسەللاھۇ روھەھۇ ئايكولدە ئالەمدىن سەفەر قىلدىلار. ھەزرەتى شەيخ نەزئ ۋەقتىدە ئوغلانلارى مەۋلانا ئەرشىددىن قەددەسە سىررەھۇغە ۋەسىيەت قىلىپ ئەيتتىلەركىم: «مەن تۈش كورۇپ ئىدىم، چىراغ ياندۇرۇپ بەلەند پۈشتە ئۈزەسىدە، تەمام مەشرىق تەرەفى يارۇدى. بۇ تۈشنىڭ تەئبىرى ئولدۇركى، تۇغلۇق تىمۇرخان مادا ۋەئدە بېرىب ئېردىكى، ئەگەر ئىستىقلال بىلە خان بولسام، ئەلبەتتە سىز كېلىڭ، مەن مۇسۇلمان بولغايمەن، دېب، مېنىڭ ئۆمرۈم ۋەفا قىلمادى، ئەلبەتتە بۇ ۋەئدەدىن غافىل بولماغايسىز، ئەلبەتتە تۇغ-

لۇق تۇمۇرخان مۇسۇلمان بولۇر» دېب. ھەزرەتى شەيخ جەما-
لىددىن رەھمەتۇللاھۇ ۋە بەرەكاتۇھۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ نەچچە
مەھەلدىن سوڭ تۇغلۇق تىمورخان ئىستىقلال بىلە خان بولدى.
بەسى شەۋكەت ۋە ئەزەمەت پەيدا قىلدى. بۇ ئاۋازەسى ئاقسۇدا
ھەزرەتى مەۋلانايى ئەرشىددىن تەيىبەللاھۇ مەشھەدەھۇغە يەتتى.
ھەزرەتى مەۋلانا ئەرشىددىن ئەزىم مۇغۇلىستان قىلىپ ئوردۇغە
باردى. تۇغلۇق تۇمۇرخان چىڭگىزخانغە مۇلاقات مۇيەسسەر بو-
لمادى. ئۇلۇغ سەبەبىدىن ئوردۇغە ياۋۇق ۋەتەن تۇتۇپ، ھەر
سەھەر كولباكى ئىسلامكى ئەزان ئەيتا باشلادىلەر. بىر سەھەر
خان ئەيتتىكى: «نەچچە كۈندۈركى خاب خۇش، ۋەقتىمكى سەھەر
بولغاي، بىر كىشى ئاۋازى بىدار ساز بىلە رەھمەت بېرەدۇر.
ئانى مۇندا ئالىپ كەل» دېب. ئول مۇغۇل سۇرەت ھەزرەتى مەۋ-
لانا ھەنۇز كولباكى ئىسلامنى يەئنى ئەزاننى تەمام قىلماي ئىدى-
لەر، ياقالارىدىن تۇتۇپ، كىشىكشاي خان قاشىغە ئالىپ كەلدى.
خان ھەزرەتى مەۋلانادىن سوردى: «نې كىشى ئېرۇرسەن، تاتى-
لىمغ ئۇيقۇدىن قاتىغ ئەۋاز بىلە بىدار قىلاسەن؟» دېب. ھەزرەتى
مەۋلانا ئەرشىددىن قەددەسە سىررەھۇ ئەيتتىلەركى: «مەن ئول كى-
شىنىڭ پەرزەندى ئېرۇرمەنكى، ۋەئدەئى مۇسۇلمانلىق قىلىپ ئې-
كەنلەر، شول ۋەئدەدىن كوز تۇتۇپ دەرگاھلارىغە كەلدىم» دېب.
خانغە رىققەتى بولدى، ھەزرەتى شەيخنى سوردى. مەۋلانا جەۋاپ
بەردىكى: «ئەرشىددىن قەددەسە سىررەھۇ پەدەرى بۇزۇرۇكۋارىم
ئالەمنى ۋىدائ قىلدىلار. ماڭا ۋەسىيەت قىلدىلاركى ئەلبەتتە تۇغ-
لۇق تىمورخاننىڭ خىزمەتىگە يەتكىل، خان مۇسۇلمان بولۇر»
دېب» دېدى. خان ئىسلامغە رىغبەت قىلدىلار. ھەزرەتى مەۋلانا-
غا ئىخلاس قىلدۇرۇپ، ئىمان ئەرز قىلىپ ئەھكام ۋە ئەركان-

نى مۇسۇلمانلىقنى تەئلىم قىلىپ، خان مۇسۇلمان بولىدى. شۇن- داغ ئىتتىفاق قىلىشتىلاركى: «ئۇمەرالارنى بىر - بىر چىرلاپ ئىم- مان ئەرزە قىلالى، قەبۇل قىلسالەر خوپ، ئەگەر قەبۇلى ئىسلام قىلماسالار، ئايەتى «ئۇقتولۇلمۇشرىكىن① » غە ئەمەل قىلالى» دېب. ئەمىر تولەك دوغلات ئۇلۇس بېگى ئىدى، خان ئانى چىر- لادى. ئەمىر تولەك كەلدى، كوردىكى بىر تاژىك بىلە رو - بەرۇ ئولتۇرادۇرلار، ئەمىر كېلىپ ئولتۇردى. خان ئەيتتىلەر كىم: «كۇ- فرنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولساق» دېب. ئەمىر تولەك يىغلاپ ئەيتتىكى: «مۇندىن ياخشى ئىش دۇنيادا بەھەم يەتمەس،...... مەن ئۈچ يىل بولدى، سۇلەھايى كاشغەرنىڭ قولىدا [مۇسۇلمان بولغان] مۇسۇلمانلىقنى پىنھان تۇتۇپ ئىدىم» دېب، يىغلاشىپ ئەمىر تولەك ھەزرەتى مەۋلانا ئەرشىددىن رەھمەتەللاھۇ بىلە كورۇشتى- لەر، قوشۇپ يىغلادىلار. ئۇمەرالارنى بىر - بىر چىرلاپ ئىمانغە تەكلىف قىلدىلار، ھەممە مۇسۇلمان بولدىلار. نەۋبەت ئۇمەرايى جوراسغە يەتتى. جوراس ئايىاقى بەسى تولا ئىدى. ئۇمەرايى جو- راس شەرتى نامەئقۇل ئاراغە سالدى، ئەيتتىكى: «مېنىڭ بىر كىشىم بار، ئاتى سىنقۇيبۇقا ئاتلىغ، كافىرى باقۇۋۋەت. ئىككى تىشلىق تېۋەنى بىر قولى بىلە كوتەرۇر، ئەگەر بۇ تاژىك سىنى- قۇيبۇقانى چالسە. مەن مۇسۇلمان بولاي» دېب. خان ئەيتتى- لەر: «ئول كافىر بەسى پۇر قۇۋۋەت، بۇ شەرت ئەمەس» دېب. ھەزرەتى مەۋلانا ئەرشىددىن قەددەسە سىررەھۇ ئەيتتىكى: «بىز شەرت خوب، ئەگەر خۇدايى تەئالا خاھىش قىلغان بولسە، مې- نىڭ قولۇمدا بۇ ئۇلۇسنىڭ ئىمانىنى، ئەللاھۇ تەئالا ماڭا قۇۋ- ۋەت بېرۇر» دېب. ھەزرەتى مەۋلانا سىنقۇيبۇقا بىلەن چالىش-

① ئوقتولۇلمۇشرىكىن —— مۇشرىكلار (خوداغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر) نى ئۆلتۈرۈڭلەر.

نىلار. ھەزرەتى مەۋلانا بەشلەرنى قىسىپ رو - بەرو بولدىلار.
سىنقۇيبۇقا ئۇترۇ كەلدى. ھەزرەتى مەۋلانانىڭ قوللارى سىك-
قۇيبۇقاغە تېگىشى بىلە ئول كافىر يىقىلدى. بىر سائەت ياتىپ
كەلىمەشەھادەت ئوقۇپ قوپۇپ ھەزرەتى مەۋلانانىڭ ئاياغلارىغە
يىقىلدى. بۇ كارامەت ھەزرەتى مەۋلانادىن زۇھۇر قىلدى. شول كۈن
يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى ھازىر ئىدى. بەيەكبارە كەلىمە شەھادەت
ئەيتىپ مۇسۇلمان بولدىلار. مۇسۇلمانلىق مۇغۇل ئۇلۇسى ئارا
شايىئ بولدى. تا بۇ زامانەغە ئىستىھكام تاپتى. مۇندىن بۇرنا كە-
بەك خان مۇسۇلمان ئىدى، بەسى پادىشاھى ئەدالەت شىئار ۋە
ئالى مىقدار [ئىدى]، قەلئەئى بەلخنى ئىمارەت قىلدى. كۈمۈش
ۋە ئالتۇن پۇل چىقاردى. «كەپەكى» دىب مەشھۇر بولدى. كە-
پەك خان ئالەمدىن ئۆتتى، يەنە ئۇلۇس كافىر بولدى، خانى
كافىر ئۆچۈن، يەنە نەچچە كافىر خانلار پەيدا بولدى. يەنە
تەرمە شىرىن خان ئىبنى داۋاخان خان بولدى. ئول ھەم مۇ-
سۇلمان بولۇپ، دىنى ئىسلامغە رەۋاج بېردى. ھىندۇستانغە چې-
رىك بارىپ، غەزات قىلىپ، غەزاتدىن ياندى. تەرمە شىرىن خان
ئالەمدىن ئۆتتى. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن تۇغلۇق تومۇرخان خان
بولدى. بۇ ئارادا مۇسۇلمانلىق بىر تەرەف بولۇپ، كۇفر ۋە كا-
فىرلىق رەۋاج تاپتى. ھەزرەتى مەۋلانا ئەرشىددىن قەددەسە سىر-
رەھۇنىڭ سەئيى بىلە تۇغلۇق تومۇرخان [مۇسۇلمان] بولدى. مۇ-
سۇلمانلىق بۇ زامانەغە بەرقەرار بولدى. ئىنشائاللاھۇ تەئالا
تا قىيامەت بەرقەرار بولغاي. تۇغلۇق تومۇرخان مۇسۇلمان بول-
غاندا، يىگىرمە تورت ياشدا ئىدى. خان باشلىغ ئۆزلەرىنى ئۆ-
زى خەتنە قىلدىلار. باش تۇشۇرۇپ ئېئتىقادى پاك بىرلە مۇ-
سۇلمان بولدىلار. سوڭقى كۈنى قالغان خەلق مۇسۇلمان بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان شەۋكەت ۋە ئەزىمەت پەيدا قىلىپ ئۇلۇغ خان بولدى. ئۇمەرائى ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ مۇخالىفەتىنى ئېشىتىپ چېرىك ئاتلانىپ ماۋەرا ئۇننەھرغە كەلدى. كىشۋەر گۈشايلىق يۈسۈنى بىلە تۇغلۇق تۆمۈرخان چاق بۇلاق دىگەن مەۋزەئغە تۈشتى. دەريايى خوجەندگە يېقىن ئۈچ ئۇمەرانى مىڭلىغلاي [غە] بۇيۇردى. ئۇلۇغ تىمور ئويماقى، كەرەيەت بەگچەك ئويماقى ئەركنۇت ئويماقى. بۇ ئەمىرلەر دەريايى خوجەندىدىن ئۆتتىلەر. ئەمىر بايزىد جەلايىر كورۇنۇشكە كەلدى. ئەمىر بەيان سۇلدۇس كورۇنۇشكە كەلدى. ئەمىر ھاجى بەرلاس ۋەھىم ھىراسىدىن قاچىپ خۇراسان [غە] كەتتى. ئەمىر تىمور كوراگان ئەمىر ھاجىغە ئەيتتىكى: «سىز خۇراسان [غە] بارۇر بولدۇڭۇز، تۇغلۇق تىمورخاننىڭ خىزمىتىگە بارسام» دىب. رۇخسەت بېرىپ خۇراسان [غە] باردى. ئەمىر تىمورخاننىڭ ئوردىسىغە يەتتى. ئەمىر ھەمىد خاننىڭ ئالدىدا مۇئتەبەر ئىدى. ئەمىر تومۇرگە مۇرەببى ئىدى. خانغە ئەمىر تومۇرنى سپارىش قىلىپ تۆمەنەن دىلكەش كەشى قەدىم دەستۇر بىلە سيۇرغال قىلدى. ئەمىر تومۇرنىڭ تەئەللۇق ئەھلى ئۇلۇسى قەتل ۋە غارەتدىن سالامەت قالدى. ئەمىر خىزىر بورى كورۇنۇشكە كەلدى. خان ئۇمەرائى سەلاسە ئەۋۋەل قىتۇر ھاجى بەگنى ۋە بەگچەك [نى] مەملەكەتى ماۋەرائۇننەھرگە نىسبەت قىلىپ، مۇغۇلىستانغە ياندى. ياناچە ئۇمەراغە مۇخالىفەت پەيدا بولۇپ، تۇغلۇق تىمورخان يەنە ماۋەرائۇننەھرگە چېرىك كەلدى. ئەمىر بەيان سۇلدۇس، ئەمىر بەيان جەلايىر، ئەمىر خىزىر بورى خاننىڭ كورۇنۇشكە كەلدى. ئەمىر ھاجى بارلاس ھەم كورۇنۇشكە چاپدۇپ ئىدى. خان ئەمىر بەيان سولدۇسنى، بايزىد جەلايىرنى ئۆلتۈردى. مۇخالىفەت سەبەبىدىن. بۇ خەبەرنى ئەمىر

هاجى ئىشتتى، قورقۇپ خۇراسانغا كەتتى. ئەمىر تۆمۈر بەنە رۇخسەت ئالىپ خان قاشىغا كەلدى. ئەمىر هاجى خۇراسان[غا] بارىپ غافىل ئولتۇرۇپ ئىدى، قارايىمان هۇجۇم قىلىپ، ئىنىسى ئىدىكۇ بەرلاس بىرلە ئولتۇردى. تۇغلۇق تىمۇرخان ئوغلى ئىلياس خوجە خاننى نىسبەت قىلىپ، ئەمىر بەگچەكنى ئاتالىق قىلىپ ياندى. ئەمىر تۆمۈرنى ئىلياس خوجە خانغا تاپشۇرۇپ، يۇرتنى باسقتۇرۇپ ياندى. ئەمىر بەگچەك زۇلۇم قىلدى. ماۋەرا ئۇننەھر ئۇلۇسى يىغىلىپ مىسل ئەمىر هۇسەيىن ئىبنى ھەلار ئىبنى ئەمىر قىزغىن ئەمىر تۆمۈر ئىلياس خوجەخان بىلە جەڭ قىلدىلار. ئىلياس خوجە خان باسرۇق بولۇپ بارغۇنچە ئىزىددىن دوغلات قەتل قىلدى. پات فۇرسەتدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋەفات بولدى. ئوتتۇز تورت ياشىدا ئىدى. ئون يىل سۇسۇلمانلىقنى رەۋاج بەردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان پادىشاھى مۇسۇلمان ۋە پاك ئېئتىقاد، ئادىل ۋە مەردانە، جەۋانمەرد، نېكۇ ئەخلاق ئىدى. ئەمىر تولەك ئولدى، ئورنىدا ئۇلۇس بېگى ئەمىر بولاچى بولدى. ئەمىر بولاچى ۋەفات بولدى، ئورنىدا ئوغلى خۇدايىدادنى ئۇلۇس بېگى قىلدى. ئەمىر خۇدايىداد يەتتە ياشىدا ئىدى. قەمەرىددىن ئەمىر بولاچىنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇلۇس بېگلىكىنى تالاشىپ، خانغا ئەرز قىلدى. خان ئەمىر بولاچىنىڭ خىزمەتىنى مەنزۇرى نەزەر قىلىپ ئەمىر قەمەرىددىنغا بەرمەدى. قەمەرىددىن كۆڭلىدە كىنە تۇتتى. تا خان بار ئىدى، ھېچ زاھىر قىلالماي يۈرۈپ ئىكەن، خان ۋەفات بولدى، قەمەرىددىن ئون سەككىز سۇلتاننى قەتل قىلدى. يالغۇز خىزىر خوجەخان قالدى. بۇ بەيان تاپتۇسدۇر.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بەشبالىق ۋە قىيالىق ۋە ئالمالىق ۋە كاشقەر ۋە خوتەن، ئوزكەند ۋە فەرغانە،

ئوترار ۋە تاشكەند ۋە خوجەند ۋە ماۋەرائۇننەھرگە، بۇخارا، سەمەرقەند، جەيھوندىن ئۆتۈپ بەلخ ۋە غورۇ ۋە تالقان ۋە قۇندۇزغىچە تەخت تەسەررۇفىدا قىلىپ ئىدى، خان سەمەرقەندە قىشلاپ، مۇغۇلىستانغە ياندى. ئەمىر تومۇرخاندىن كېيىن قەمرىددىنىنىڭ ئوزەسىگە چېرىك باردى. قەمرىددىن بىتاب ئىدى، ئاتدا ئولتۇرالمادى. كولمە قوجۇر دىگەن يەردە جاڭگال ئىچىدە ئىككى كىشى بىلە بەش - ئالتە ئايلىق ئوزۇق قويۇپ قاشتىلار. ئۈچ ئايدىن كېيىن خەلقى يانىپ كېلىپ تەجەسسۇس قىلدىلار. قەمرىددىن بىلە ئول ئىككى ھەمرالارىدىن نىشانى تاپمادىلار. تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ بەرگەن تۇزى، ئىچكەن ئاشى شەرتى قەمرىددىندىن تېپىلىپ ئاقىپ زەرداپ بولۇپ. يالغۇز بىكەس، خار - زارلىق بىلە بىر تەرەپ بولدى. زالىمنىڭ ۋە غەددار ھەرام نەمەكنىڭ ئاخىرى مۇنداغ بولۇر. ئىلاھا سەن ساقلاغىل غەددارلىق ۋە ھەرام نەمەكلىك، ئاند شەرت سىندۇرۇشدىن يالغانچىلىقدىن.

## زىكرى خىزىر خاجەخان ئىبنى تۇغلۇق تومۇرخان

خىزىر خاجەخان ئاخىرىن پەرزەندانى تۇغلۇق تومۇرخاندۇرۇركى، سۈت ئەمەر ئىدى، مىرزائاغا ئەمىر خۇدايدادنىڭ ۋالىدەسى قەمرىددىندىن ياشۇرۇپ ئون ئىككى ياشقە كىردى. قەمرىددىن بەسى تەفتىش قىلدى. تاپغۇدەك بولدى، ئەمىر خۇدايداد خىزىر خاننى قاچۇرۇر بولدى. ۋالىدەسى ئەيتتىكى: «ئەي ئوغلۇم خانغە بىگانە كىشى قوشۇپ قاچۇرغىن، ئۆز كىشىڭدىن قوشساڭ، خان خان بولسە بۇ كىشىلەر ناچار كىشى بولۇر، سېنىڭ ئەۋلادىڭغە ئەداۋەت زاھىر قىلۇر، بىگانە كىشىلەرنىڭ ئىشى

بولماس» دېب. مىرا خۇدايىداد ئەھادىنناس دىن ئون ئىككى كىشى
قوشۇپ قاچۇردى. بۇ كىشلەرنىڭ بىرسى چەكرەك ئىدى. ئومەـ
رائى ئىتاچى ئانىڭ نەسلىدىن، ئاق بۇراقھەم ئاتاپدۇرلار، يەنە بىرى
خارەزىملىق توججارى ئىدى. ئومەرائى ساغرىچى ئانىڭ نەسلىدىن. يەنە
بىرى چالىش سەيىيادلارىدىن ئىدى. ئومەرائى قۇشچى ئانىڭ نەسلىدىن.
بۇ ئايماقنى كوكۇلداش ھەم ئاتاپدۇرلار. بۇلار لايىقى ئومەرا ۋە بەگـ
لىك ئۇچۇن بۇ ئۇچ ئايماق ئومەرا بولدى. يەنە توققۇز كىشىگە ئوز
ھالىغە باقىپ مەنسەپ بەردىلەر. خىزىر خاجە خاننى كاشقەر
بەدەخشاننىڭ ئاراسىداقى تاغلارنىڭ ئاراسىدا ئالىپ يۇردىلەر.
قەمەرىددىن خەبەر ئالىپ كىشى بۇيرۇدى. خىزىر خاجە خاننى
خوتەن تاغىغە ئالىپ قاچتىلار. قەمەرىددىندىن قورقۇپ چۇرچەن.
سارىغ ئۇيغۇر، لوپ ۋە كېتەك سارى ئالىپ قاچتى. ئون ئىككى
يىل بولدى، قەمەرىددىن زالىم نابۇد بولۇب، خەلايىقە خان
لازىم بولدى. ئەمىر خۇدايىداد كىشى ئىبەرىپ، خىزىر خاجە خانـ
نى ئالىپ كېلىپ چانقى ۋە قۇرۇلتاي قىلىپ خان كوتەردىلەر.
كارى سەلتەنەت رەۋاجى تەمام تاپتى. خىزىر خاجە خان غەـ
زات ئۇچۇن خىتاي بارىپ قارا خاجە ئەئزەم بىلادى خىتايـ
نى ئالىپ مۇسۇلمان قىلدى. تۇرپانىنى ئالىپ ئىسلام ئاچتى.
قارا خاجەنى خىزىرخان مۇھاسىرە قىلدى. ئۇچ [نى] قورشاپ
تۇردى. ئەۋۋەلقى سەفدە ئالتۇن بەلچىلىك كىشى تۇردى. ئىكـ
كىنچى سەفدە پولاد بەلچىلىك كىشى تۇردى، ئۇچىنچى
سەفدە كۇمۇش بەلچىلىك كىشى تۇردى. خىزىرخان تۇرپاننى
پايتەخت قىلىپ، قىشلاق قىلدى. خاۋاقىنى دوغلانىڭ بىر پايـ
تەختىگە كاشقەر، بىرسى تۇ[ر]فان. سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ئوغـ
لى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ پايتەختى تاشكەند ئىدى. خان تاشـ

كەندده مەدفۇن بولدى. يۇنۇسخان نەۋۋەرە قەبرەھۇزىنىڭ مازارى
تاشكەندده مەشھۇر مەئرۇف.

ئەلقىسسە، قارا خاجەنىڭ ئەمۋالىنى شەرىئەت بىلە قىسسەت قىلدىلار. تەمام چېرىككە، خانغە بىر قارا ئەتلەس بىرلە بىر كوك ئۆي تويە. مەۋزەئى مەشھۇر مۇغۇلىستان يايلاقى قىمىز كوك تويەدە مەجلىس تۈزۈپ ئەمىر خۇدايىداد خانغە قىمىز تۇتۇپ، خان قىمىزنى ئالىپ، شول مەھەلدە مەھرەملەردىن بىر كىشى كىرىپ: «مىر تومۇرنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئەيتادۇر: ‹خىزىر خاجە خان قونالغە، ئات بوغزى تەييار قىلىپ بىزگە باشچى بولسۇن›، دېب» دېدى. خاننىڭ قولىدىن قىمىز توكۈلدى، ئەمىر خۇدايىداد ئەرز قىلدى: «ئەي خانىم، ئالىمانى تاشلاپ ئالغۇچە يۈز نىئمەت خۇدايىتەئالا بېرۇر، ئەمىر تومۇر كېلۇرگە كېلمىش، ئاگاغىچە خۇدايىتەئالانىڭ مىلك - مىلك رەسمىتى بار، ھالا دىلجەمئ ئەيمىش - پەراغەت قىلماق كېرەك» دېب. خان قىمىزنى ئىچىپ پىيالەنى ھەنوز بەرمەي ئىدى. بىر قارا ئاتلىغ، ئاق تونلۇق كىشى چاپىپ جالالخانەدە تۇرماي، مەئرىكەغە يېتىپ ئەۋاز قىلدى: «ئەمىر تومۇر دەر ئۇترارمۇرد — (ئەمىر تومۇر ئۇتراردا ئۇلدى)» دېب. ھەرچەندە جەددى جەھد قىلدىلار، ئول كىشى پەرۋا قىلماي چاپىپ ياندى. ئاتلانىب چاپتى، گەردىگە يەتمەدىلەر. قىرىق بەش كۈندىن كېيىن تەھقىق خەبەر كەلدى: «ئەمىر تومۇر ئۇتراردا ۋەفات بولدى» دېب. خىزىرخان پادىشاھى مۇسۇلمان نىھاد. پاك ئېئتىقاد، ئەدالەت شىئار، ئالىمىقدار ئىدى. مىرزا ھەيدەر كورگان «تارىخ رەشىدى» دە نەقىل قىلىپدۇركى، داۋاخان ياركەندده مەدفۇن بولدى، تۇغلۇق تىمۇرخان ئالمالىقدا ياتتى. خىزىر خاجەخان تۇرپاندا مەدفۇن بولدىلار، يەمشىنى دىگەن قەريەدە. ئوغلى مۇھەممەدخان.

نەبىرەسى شىر مۇھەممەدخان ھەم يەمشىدە مەدفۇن بولدىلار. خىزىر خاجەخانىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، ئەۋۋەل مۇھەممەدخان، ئىككىنچى شەمئى جەھانخان، ئۈچىنچى نەقشى جەھانخان. جانەشىن خىزىر خاجەخان مۇھەممەدخان ئەتىرەلاھۇ مەشھەدەھۇ ئىدى. مۇھەممەدخان پادىشاھى مۇسۇلمان نىھاد، پاك ئېتىقاد ۋە بائەدل داد ۋە ئالىمقدار، شەجائەت شىئار ئىدى. مۇسۇلمانلىقغە رەۋاج بەردى. ھەر مۇغۇلكى دەستار كىيمەي قاشىغە كەلسە، «سۇننەتنى تەرك قىلىپسەن» دېب، باشىغە تاقامىخى قاقار ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبېك كورگان سەمەرقەند پادىشاھى ئىدى. رەسەد باغلادى. بۇ خەبەرنى مۇھەممەدخان ئەنارەللاھە بۇرھانۇھۇ ئېشىتىپ، چادىر كولىنىڭ شىمال تەرەفىدە تاش بىلە رەباتى بەنا قىلدى. ئەجىب ئىمارەتى مەقبۇل، گۈنبەزى ئالى، ھەجەر ھايى مەرغۇپ مەسجىدى ئەتتى. ئەمما مۇھەممەدخان ياش بىر تەرەف بولدى. ئىككى ئوغلى بار ئىدى، ئەۋۋەل شىر مۇھەممەدخان، ئىككىنچى شىر ئەلى خان، ئۇن سەككىز ياشار ۋەفات بولدى. مۇھەممەدخان نەۋۋەرە قەبرەھۇ مەنزىلى فانىدىن سەرايى جاۋىدانىغە مەيل قىلدى. ئەھلى ئۇلۇس قۇرۇلتاي قىلىپ شىر مۇھەممەدخاننى خان كوتەردىلەر. شىر مۇھەممەدخاننىڭ زەمانىدا ئانداغ ئەمنىيەت ۋە رىفاھىيەت ئېل ئارا پەيدا بولدى. ھېچ قەرىندە بۇنداغ تىنچلىق نىشان بولمادىلار. شىرئەلىخان شىرمۇھەممەدخان زەمانىدا بىر تەرەف بولدى. ئانىڭدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز قالدى. ئوغلى سۇلتان ئۇۋەيسخان، قىزى مەخدۇم خانىم. ئەمما ئەل ئاراسىدا مەخدۇم سىلو شوھرەت تاپتى. بەسى خۇشروي ۋە زىبا، جەمالى پاكەمال ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىبنى شىرئەلىخان ئىبنى مۇھەممەدخان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئاتاسىدىن

كىچىك قالدى. ئەمەكسى شىرمۇھەممەدخان قاشىدا بولدى. ئۇۋەيسخان بەسى چابۇك ۋە چۇست خان [ئىدى]. شىر مۇھەممەدخان ئاغىر ياۋقار كىشى ئىدى. ئۇۋەيسخان مەرتەبەئى سەبادىن دەرىجەئى رىجالغە تەرەققى قىلدى. شىرمۇھەممەدخانىنىڭ ئاغىرلىقى گەران كەلدى. قاچىپ كەتتى. ئەمەكىسىغە بىسيار يامان كەلدى. بىر نەچچە كىشى ئۇۋەيسخانىنىڭ خىزمەتىغە كەلدى. شىرمۇھەممەدخانغە مۇخالەفەت ئاغاز قىلدى. بىر كىچە يىراق يەردىن شەبىخون قىلدى. شىرمۇھەممەدخان قاراق يەكلىغ دىگەن مەۋزەئىدە ئىلىجەم ئولتۇرۇپ ئىدى، سۇلتان ئۇۋەيسخان يەتتى. تورت كىشى بىلە شىرمۇھەممەد قاچىپ سۇغە تۇشۇپ پىنھان بولدى. غوغا بەھەد بولدى. شىرمۇھەممەدخانىنىڭ لەشكەرى خەبەردار بولۇپ، ئوردىغە كەلدى. ئۇۋەيسخان بەسەد ھىلە سەلامەت خەلاس بولدى. قالماق تورەسى ئاتى ئېسەن، لەقەبى بەگئاسلان جەڭ قىلدى. خان قولغە تۇشتى. خانغە ئېئزاز ۋە ئىكرام قىلىپ رۇخسەت بەردى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە بەگئاسلان بىلە جەڭ قىلدى. خان يەنە قولغە تۇشتى. ئېسەن ئەيتتىكى: «بۇ مەرتەبەسە خان ھەمشىرەسى مەخدۇم سىلۇنى بەرسۇن، بولماسە خانىنى قويماسمەن.» دىب. خان ئەيتتىكى: «ئېسەن مۇسۇلمان بولسۇن، ھەمشىرەمنى بېرەي» دىب. ئېسەن مۇسۇلمان بولدى، مەخدۇم سىلۇ خانىمنى بەردى، ئىككى ئوغۇل بولدى. «ساتۇق خان كىلەدۇر» دىب خەبەر بولدى، ئۇۋەيسخان ئوترو ئاتلاندى. خانىنىڭ بىر تىرەنداز نەۋكەرى بار ئىدى. خانىنى «ياغى» دىب ئەيتىپ شەھىد قىلدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى، سۇلتان يۇنۇسخان، ئېسەنخان. ئۇۋەيسخان ئولگەندە بىرى يۇنۇسخان ئوچ ياشدا.

ئېسەن بۇغەخان ئون بىر ياشدا قالدى. ئۇ ۋەيسخان شەھىد بولدى.
بىسيار مۇغۇل ئۇلۇسى ئېسەن بۇغەخاننى خان كۆتەردى. مىرەك
تۈركمەن بىلە ئەزران بايرىن ئۇتتۇزمىڭ ئۆيلۈك كىشىگەباش بولۇپ،
سەمەرقەندگە باردى. مىرزا ئۇلۇغ بەگ كورگان كىشى ئىبەرىپ
تەكلىپ قىلىپ بۇ ئۇتتۇزمىڭ ئۆيلۈك كىشى سەمەرقەند [غە]
بەتتى. ئەرسە، مىرزا ئۇلۇغ بەگ مىرەك تۈركمەن بىلە ئەزران
بايرىن باشلىغ قەتل قىلىپ، سۇلتان يۇنۇسخان باشلىغ بولارنىڭ
بالا - باقەسىنى ئەسىر قىلىپ، شاھرۇخ سۇلتانغە پېشكەش
ئىبەردى. شاھرۇخ سۇلتان ئەتتەرەللاھۇ تۇربەتەھۇ ئوغلى
ئۇلۇغ بەگ كورگاننى بەسى ئەيىب سەرزەنىش قىلىپ، يۇنۇس-
خان بەۋۈرە مەرقەدەھۇنى مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىغە
تاپشۇردى. ئون ئۈچ يىل مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى قەد-
دەسە سىررەھۇنىڭ ئالدىدا دەرس قىلىپ. تەئرىخلاردا ئانداغ ئەي-
تىپتۇركى. ھەزرەتى ئەسكەندەر زۇلقەرنەيندىن [كېيىن] مىرزا
ئۇلۇغبەگدەك ئالىم ۋە دانىشمەند پادىشاھ ئۆتكەن ئەمەس. مىرزا
ئۇلۇغبەگدىن كېيىن يۇنۇسخاندىن دانىشمەند ۋە ئالىم پادىشاھ
زوھۇر تاپقان ئەمەس.

ئېسەن بۇغەخان مۇغۇلۇستاندا شەۋكەت پەيدا
قىلدى. ئول ۋەقتىدە خۇراسەن ۋە ماۋەرائۇننەھرگە مىرزا
سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا پادىشاھ ئىدى. قەتتەي ئىراق ھە-
ۋەس بولدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھەربار ئىراق تەرەفىگە
چېرىك بارچە ئېسەن بۇغەخان ئەندىجاننى يا تۈركىستاننى مۇ-
ھاسىرە قىلىپ بەسى تەڭ قىلدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد كوراگان
ئول تەرەفكە باراچە مۇغۇل چېرىكى مۇغۇلىستانغە ياندى. سۇلتان
ئەبۇ سەئىد ئۇمەرا ۋۇزەرالارى بىلە كېڭەش قىلدى ۋە مەسلە-

ھەت ئاكا قەرار تاپتىكى: «ئېسەنبۇغەخاننىڭ ئاغاسى يۇنۇسخان خۇراساندا كەسبى فەزايىلغە مەشغۇل. بۇ دىياردا بار موغۇلنى قوشۇپ، موغۇلىستانغە خان قىلسە ئۇلار ئاغا - ئىنى دەرماندە بولۇر» دىب. ئىراق ۋە خۇراساندا بار موغۇلنى يىغدىلار. ئون يەتتەمىڭ كىشى بولدى، يۇنۇسخاننى خان كوتەرىپ، موغۇللارنى قوشۇپ، موغۇلىستانغە رەۋان قىلدى. ئېسەنبۇغەخان [بىلە ئۇقسالاردا جەڭ ۋاقىئە بولدى، ئېسەن بۇغەخان بىلە ئەمىر سەئىد ئەلى دوغلات غالىب كەلدى. يۇنۇسخان ئەزەمەت تاپىب يەنە مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد قاشغە كەلدى. مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد كوشەك زاغاندا يۇنۇسخان بىلە ئەھد پەيمان قىلىشتىلار. سۇلتان ئەبۇ سەئىد يۇنۇسخانغە ئەيتتىكى: «قەدىم ئەييامدىن ئەمىر تومۇر كوراگان تۇغلۇق تومۇرخان ئۇرۇغىدىن بىر كىشىگە خان ئات قويۇپ، مەنشۇر پىتىب ئىبەرۇر ئىكەن. سيۇرغىمىش خاننىڭ ۋاقتىدە نىشان مۇنداغ بىتەر ئىكەن: «سۇلتان سيۇرغىمىش يارلىغىدىن تومۇر كوراگان سوزۇم» دىب. ھالا مەن ئۇز باشىمچە سىزنى فەلاكەتدىن چىقارىب خان كوتەردىم. ئەمدى ئارادا دوستلۇق بولسۇن، سىزلەر مىر تومۇر ئەۋلادى بىزنىڭ نەۋكەرىمىز دىمەگەي. دوست بىلمەگىزلەر». يەنە ئون بەش مىڭ موغۇل تاپىب قوشۇب ئىبەردى. ئېسەنبۇغەخان ئالەمدىن ئوتۇپ ئىدى، ئوغلى دوست مۇھەممەدخان بولۇپدۇر. سەيد ئەلى ھەم ئالەمدىن ئوتۇپ ئىكەن، سەيد ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى، ئەۋۋەل سانىز مىرزا، ئىككىنجى ھەيدەر مۇھەممەد مىرزا. ھەيدەر مۇھەممەد مىرزانىڭ ئاناسى ئۇزۇن سۇلتان خانىم — ھەمشىرەئى ئۇۋەيسخان. مىرزا سانىزنىڭ ۋالىدەسى ئومەرائى جوراسدىن ئىدى. سانىز مىرزا جانەشىن ئەمىر سەيد ئەلى يۇنۇسخانغە ئىتائەت قىلدى. ھەيدەر

مۇھەممەد مىرزا دوست مۇھەممەدخانغا ئىلتىجا قىلدى.

ئەلقىسسە، دوست مۇھەممەدخان دىۋانەۋەش ۋە پەيما نەكەش يىگىت ئىدى. ئېسەن بۇغاخان ئالەمدىن سەپەر قىلدى. بىر قۇماسنى دوست مۇھەممەدخان ئالۇر بولدى. ئۇلەمادىن پەتىۋا تىلەدى: «مادەر سەنەمنى نىكاھ قىلىپ ئالسام» دېب. ئالىملار: «ئالماق نارەۋا» دېب پەتىۋا بەرمەدى. ئالتە ئالىمنى شەھىد قىلدى. يەنە مەست ئالدىدا قىلىچ قويۇپ، ھەزرەتى موللا مۇھەممەد ئەتتار دېب ئالىمى بار ئىدى. بەسى تەقۋا شىئار، دەرۋىش. ئۇنىڭدىن سوردى: «ئەي موللا، ئۆگەي ئانامنى ئالاي دەيدۇرمەن، پەتىۋا بەرگىلى ماڭا رەۋامۇ؟» دېب. ھەزرەتى موللا مۇھەممەد ئەتتار ئەيتتىكى: «سىزگە رەۋا» دېب. دوست مۇھەممەدخان مادەرە سەنەمنى ئالدى. شول كېچە ئاناسى ئېسەن بۇغاخاننى تۈشىدە كوردى، قاراقاشقە ئات مىنىپدۇر، كېلىپ ئوق-ياسىنى ئېلىپ دوست مۇھەممەدخاننى ئاتتى. ئەيتتىكىم: «ئەي بەدبەخت، بىز مۇسۇلمان بولغالى يۈز يىل بولۇپ ئىدى، يەنە كافىر بولدۇڭ» دېب. ئاتتىدىن تۈشۈپ، يۈزىگە قارا سۇۋاپ ئاتلاندى. خان خىلە تورۇپ ئويغاندى، ئاناسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ غۇسل قىلدى، خان ئىناقلارى ھەزرەتى موللا مۇھەممەد ئەتتارغا غۇلۇ قىلدىلار: «خانىمىزنى سەن پەتىۋا بېرىپ بۇ ھالغە سالدىڭ» دېب. موللا ئەلەيھىر رەھمە ئەيتتىلەركى: «مەن پەتىۋا بەرمەدىم، ساڭا رەۋا دېدىم» دېب. دوست مۇھەممەدخان ھەم ئەيتتىكى: «مەۋلانا ماڭا پەتىۋا بەرمەدى. ئالتە ئالىمنى ئۆلتۈردۈم، مەۋلانا ئەيتتىلەركى، ‹ساڭا رەۋا› دېب. موللادا گۇناھ يوق» دېب. خان ئالتە كۈن ياتىپ يەتتىنچى كۈنى بىر نەرەي بولدى.

# زىكرى سۇلتان يۇنۇسخان ئىبنى سۇلتان ئۇۋەيسخان

ئوغلانلارى سۇلتان مەھمۇدخان ۋە سۇلتان ئەھمەدخان مەشھۇر ئالاچەخان. قالماق ۋە موغۇل تىلى بىلە ئالاچە — ئۆلتۈرگەك دىگەن ئىرمىش. تارىخى خۇاندە مىر «رەۋزە تۇسسەفا» دا سۇلتان ئەھمەدخاننى ئالاچە خان [دىب] رەقەم قىلىپدۇرلار. يۇنۇسخان بەسى ئالىم ۋە دانىشمەن خان ئىدى، ئىسەن بۇغەخانغە موغۇل كەمايەنبەغى ئىتائەت قىلىپ، ئاقسۇدا شۇڭقار بولۇپ. ھاجى ئانادا مەدفۇن بولدى. چىغتايخانىنىڭ ئەۋلادى كەم قىرىق يەشدىن ئوتۇپدۇر. بەلكى كەم قىرىققە يېتىپدۇر. ئەمما سۇلتان يۇنۇسخان ئەنەرەللا ھەبۇر ھەنەشۇ يەتمىش تورت يىل ئومۇر كوردى. تاشكەنتشەھرىدە مەدفۇن بولدىلار. يۇنۇسخان قارا توقايدا قىشلاپ ئىدى. قازاق تورەلەرى بىلە ئاند شەرت قىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىدىلەر. بىر كۈن خان ئەلەيھىررەھمە سىر دەرياسىدىن ئوتۇپ شىكارغە بارىپ ئىدى، بەرۇچ ئوغلان قازاق تورەلەرىدىن يىگىرمە مىڭ كىشى بىلە كېلىپ ئوردەنى ئالىپ ئولجەغە مەشغۇل ئىدى، ھەر كىشى بىر ئويدە، بەرۇچ ئوغلان ئورنى خانىنىڭ ئوردەسىدا ئىدى. يۇنۇسخانغە خەبەر يەتتى. خان ئۇۋنى بۇزۇپ تىز - تۇند يەتتىلەر. نەغمەرچى نەغمە چالدى. خاننى [كەلدى دىب] ئاۋاز كەلدى. يىگىرمە مىڭ قازاقنى ئوي - ئويدە ئولتۇردىلەر. خان يەتكۈنچە ئوردادا بار كىشى ۋە قىزلار يىغىلىپ بەرۇچنى قەتل قىلىپ تۇرۇپ ئىدىلەر. خان يېتىپ كەلدىلەر. يىگىرمە مىڭ كىشى...

دىن جاندار خەلاس تاپمادى. ئەۋۋەل ئىككى مەرتەبە قازاق يۇ-
نۇسخانغە غالىپ كېلىپ مۇنداغ قەبىھ ئەزم نەكرىتەئالا جانىغە
روزى بەردى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوغلانلىرى ئۆلغانىدى.
مۇغۇلىستانغە دەست تاپتى. ئەۋۋەل ئۇمەرائى مۇغۇل خانغە سەر-
كەشلىك قىلۇر ئىدى، سانىسىز مىرزادىن كېيىن ھەيدەر مۇھەممەد
مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كورگان بىلە سەيىد مۇھەممەت مىرزا
نىڭ ئاتاسى ئېرۇر. ئاباكىر مىرزانىڭ ئەمەكىسى ھەم ئۇگەي ئاتا-
سى [ئېرۇر]. ئاباكىر مىرزانىڭ ئاناسى چەمەك ئاغادىن سانىسىز
مىرزانىڭ ئىككى ئوغلى [بولغان]، ئەۋۋەل مىرزا ئاباكىر، ئىككىنجى
ئۆمەر مىرزا. ھەيدەر مىرزا ئەنكە دېب ئالدى. ئىككى ئوغۇل بول-
دى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كورگان، يەنە بىرى سەيىد مۇھەممەد
مىرزا. ھەيدەر مۇھەممەد مىرزا مەرد، دەۋلەتمەند، دەۋلەتى
مىراس تاپقان. ئىسسىغ، ساۋۇقنى ئازمۇدە قىلغان ئەمەس. ئاباكىر
مىرزا قاچىپ كېلىپ ياركەندگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئەۋۋەلقى ھاكىمى-
نى كاشقەر [گە] ئىبەردى. سانىسىز مىرزا ياركەندە ئولتۇرۇپ
ئىدى، ھەيدەر مۇھەممەد مىرزا كاشقەردە ئاتاسى سەيىد ئەلى
بەگنىڭ ئورنىدا ئىدى. ياركەند داروغەسى ئاباكىر مىرزا يەركەن-
دىن ئالىپ ئولتۇردى، دېب، ھەيدەر مۇھەممەد مىرزاغە يامان
كەلدى. ۋالىدەسى ئەيتتىكى: «ئاباكىر ئۆز فەرزەندىڭمىز. ياركەند
بىر بېگانەنىڭ قولىدا [ئىدى]، سىزگە ئىشتىماد قىلغاندۇر» دېب.
بۇ سوز مىرزا ئاباكىرغە يەتتى. مۇندىن ياخشىراق سوز ياساپ
ئەيتىپ ئىبەردى. مىرزا ھەيدەر مۇھەممەد كورگان: «غەددار ۋە
مەككارنىڭ دەغاسىنى راست دېب يەنە نېمە دېگەلى بولمادى.

ئاكامنىڭ ئوغلى ئۆز پەرزەندىم.» دېب، ئاباكىرنىڭ تەربىيەتىگە مەشغۇل بولدى. ئۇل ئۈچ يىلغىچە پىشكەش ئەندەك ئىبەردى. غەددار ئەيتتىكى: «ئاتا دىسە ئاتام، تورە دىسە تورەم، مەن جابدۇغ ئۆزەمسىدە بارىپ تويلاتىپ پىشكەش قىلىپ يانسام.» دېب. ھەيدەر مۇھەممەد مىرزا باۋەر قىلىپ، بەتەۋەررۇخۇد قويدى.

خوتەندە خان نەزەر ۋە قۇل نەزەر مىرزا دېب ئىككى مىرزا بار ئىدى، خىزىر شاھ بەگنىڭ نەبىرەسى ئىدى. خىزىر شاھ بەگ ئەمىر خۇدايدادنىڭ غومادىن توغقان ئوغلى ئىدى. خوتەننى بېرىب ئىدى. ھەيدەر مۇھەممەد مىرزاغە بۇ خان نەزەر مىرزا سەركەش[لىك] قىلىپ ئىدى. ئاباكىر مىرزا ئەمەكىسىدىن روخسەت تىلەپ خوتەن [گە] باردى. خان نەزەر مىرزانىڭ بىر تاياقى بار ئىدى، ئىككى قۇۋۋەتلىغ كىشى كوتەرۇر ئىدى، ئاما خان نەزەر بىر قولىدا ئىشلەتۇر ئىدى. مىرزا ئاباكىرنىڭ بىر تەۋانا كىشىسى بار ئىدى. ئاڭا ئەيتتىكى: «مۇسەھەفنى ئالىپ بارغىل، مۇسەھەفغە قول سۇناچە يېگىمىدىن تۇتۇپ تارت، مەن ھەم ھازىردۇرمەن» دېب. ئاباكىرنىڭ تەدبىرى مۇۋافىق تەقدىر تۇشتى. خان نەزەر مىرزانى تۇتۇپ ئولتۇردىلەر. يۈز كىشى بارىپ قۇل نەزەرنى تۇتۇپ ئولتۇردى. خوتەن ئاباكىر مىرزاغە ساف بولدى، ئەرسە، ئەمەكىسى ھەيدەر مۇھەممەد مىرزاغە تەبل جەڭ ئاشكارا قىلدى. ئۈچ مىڭ كىشى تەييار قىلدى. ھەممە سەف شىكەن. ھەيدەر مۇھەممەد كورگان چېرىك يىبەردى، باسرۇق بولدى. ئۆزى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلە كەلدى، ئاباكىرنى سەھال خىيال قىلىپ. باسرۇق بولدى. «يازلىقتە كېلەي» دېب ياندى. يازغە يونىسخان نەۋۋەرە قەبرەھۇ ئاتمىش مىڭ كىشى ئالىپ كەلدىلەر. خان قالۇغاچ يارىغە تۇشتى. ھەيدەر مۇھەممەت مىرزا نىمىنىڭ نارى ئالدىغە تۇشۇپ

شەھەرنى قاباپ خان نەشىن ئوتاب ئولتۇرۇپ ئىدىلەر، بىر كى-
شى كېلىپ خانغە ئەيتتىكىم: «ئاجايىپ خوب جەڭ بولدى» دېب.
خان كەفىش بىلە ئاتلانىپ تەۋەردۆج كورگەلى يارغە كەلدىلەر.
يارنىڭ ئۈزەسىدىن ئوبدان كورۇنمەيدۇر دېب، ياردىن توبەن
نۇشتىلەر. خاننى كورۇپ خەلق جەڭ دەلىر قىلدىلار. بۇ مەئىننى
مىرزا ئاباكېر فەھم قىلدىكى، خان كېلىپ تۇردى. كىشى يىساپ
ئىبەردى، جەڭ قىلادۇرغان ئەلنى قاچۇرۇپ كەلدى. خاننىڭ
قاشىدا قىلار ھەم بەرھەم يەپ قاچىپ يارنىڭ ئۈستۈنگە چىقتى.
خان كوردىلەركى، چېرىك بەرھەم يېدى. خان قاچقان ئەلنى
تۇرغۇزاي دېب يار باشغە چىقتىلار. باش سىراتان چېرىك خان-
نى قاچتى خىيال قىلىپ، بەيەكبارەكى ئاتمىش مىڭ چېرىك باس-
رۇق بولدى. ئاباكېر ئۈچ مىڭ كىشى بىلە توفسان مىڭ [كىشىگە]
شىكەست بەردى. يۇنىسخان، ھەيدەر مۇھەممەد مىرزا مۇغۇلىستان
[غە] چىقتىلار. كاشقەر ۋە ياركەند ئاباكېر مىرزاغە ساف بولدى.
يۇنىسخان يەنە چېرىك تەييار قىلىپ كەلگۈنىچە دامادى ئومەر-
شەيخ مىرزا ئىبنى مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد كورگان بۇزدەزى
سۇلتان ئەھمەد مىرزا نىزاغ تۈشتى. ھەردۇ مىرزا دامادى خان
ئىدى. خانغە كىشى ئىبەرىپ ئالىپ كېلىپ، خان ئىككى دامادنى
سۇلھ قىلىپ مىرزا سۇلتان ئەھمەد بىلە مىرزا ئومەر شەيخ ئا-
رادىن چىقارىپ تاشكەندنى يۇنىسخانغە بەردىلەر. يۇنىسخان تاش-
كەنددە ئالەمدىن سەفەر قىلدى. سۇلتان ئەھمەدخان مۇغۇلىستان-
دا ئىدى، سۇلتان مەھمۇدخاننى ئەھلى ئۇلۇس قۇرۇلتاي قىلىپ
تاشكەنددە تەختى خانغە ئولتۇرغۇزدىلار. سۇلتان مەھمۇدخان پادشاھ
زادەئى خۇشى تەبئ ۋە خۇشرۇي ئىدى. تۈركى ۋە پارسىشېئرنى
خوب ئەيتۇر ئىدى. بۇ تۈركى بېيت سۇلتان مەھمۇد خاندىن:

## بېيىت

ئەھلى دۇنيا بىرلە دۇنيادىن ۋەدا كورمەس كىشى،
ئەي خۇش ئۇل ئازادە كىم ئالەم بىلە يوقتۇر ئىشى.

سۇلتان مەھمۇدخان شاھى بەگ خاننى كۆل تەربىيەت قىلىپ چىرىك قوشۇپ بېرىپ، بۇخارا، سەمەرقەندنى ئالىپ بەردى. بەش ئۇلۇغ بەگنى ئۆلتۈرۈپ، بەش ئازىزلىنى تەربىيەت قىلىپ ئىدى. «شاھى بەگ خاننى تەربىيەت قىلىپ بۇخارا ۋە سەمەر قەندگە خان قىلساق، ھەرنە زەرەخشەئى ۋە دەردسەرى پادىشاھلىقنى ئۇل قىلسە، بىز تاشكەندىدە فەراغەت قىلساق» دېپ. شاھى بەگ خانغە ئىمداد قىلىپ بۇخارا ۋە سەمەرقەندگە خان بولدى. ئەۋۋەل سۇلتان مەھمۇدخانغە قەسد [قىلدى]، خان دەرماندە بولۇپ ئىش ئالاچەخانغە كىشى ئىبەردى، ئالاچەخان ئون بەش مىڭ كىشى ئالىپ بۇرادەرى سۇلتان مەھمۇدخانغە كومەك ئۈچۈن كەلدى. ئىككى خاننىڭ قىرىق مىڭ كىشىسى بار ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۇلۇغ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەدخان بىلە مۇھەممەد ھۇسەيىن كورگاننى باش قىلىپ يىگىرمە بەش مىڭ كىشى بىلە ئۇرە تۆپەدە قونۇپ ئىدىلەر، شاھى بەگخان بۇ خەبەرنى ئېشىتتى، ئەرسە. بەسى خۇررەم بولدى. «خانلارنى مۇنداغ چېرىكسىز تاپماق مۇشكۇل ئىدى» دېپ. شەبىخۇن قىلىپ ئۇرە تۆپە [گە] كەلدى، بۇ چېرىك ئەسبابى جەنگە مۇقەييەد بولدىلار. بۇ چېرىككە باقماي ئاقسۇ [غە] يوردى، ئوتتۇز مىڭ كىشى. مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا خانلارغە خەبەرچى چاپتۇردى، بۇ كىشى

ھەم شاھى بەگخان كورۇنمەك بىلە بەرابەر يەتتى، ئون بەش-
مىڭ كىشى بىلە ئىككى خان ئوتتۇرۇ چىقدىلار. خانلارنىڭ دەۋلە-
تى ئاخىر بولۇپ ئىدى، ھەر ئىككى [خان] قولغە تۈشتىلەر. ھەر
ئىككى خانغە ئات بېرىپ، رۇخسەت بېرىپ ئاقسۇ [غە] كەلدىلەر.
ئالاچە خان ئاغاسى قاشغە بارۇردا ئۆز ئورنىدا ئۇلۇغ ئوغلى
مەنسۇرخاننى خان قىلىپ بارىپ ئىدى، مەنسۇرخان ئەمەكىسى
سۇلتان مەھمۇدخاننى ئاتاسى ئالاچە خاننى سۇلتان ئەھمەدخان-
نى ئىستىقبال قىلدى. ھەر ئىككى خان ئاقسۇ [غە] كەلدىلەر.
سۇلتان ئەھمەدخان رەنجۇر بولدى. ئېيتتىلەركىم: «شاھى بەگ-
خان زەھەر بەرگەندۇر، تەرياق فارۇقى بىلە داۋا قىلسانىز» دېب.
ئالاچە خان ئېيتتىكى: «ماڭا ئار لايىق بولۇپ، بۇ رەنجىگە قالدىم.
بۇ رەنجىمنىڭ داۋاسى شاھى بەگ بىلە جەڭ قىلماق» دېب. لەش-
كەر تەرتىب قىلغۇچە ئالەمى فانىدىن ۋىداع قىلدى. سۇلتان مەھ-
مۇدخان ئاقسۇ، ئۈچ، چالىش ۋە تۇر [ر] فاننى ئالاچە خاننىڭ
ئەۋلادى مەنسۇرخانغە قويۇپ مۇغۇلىستانغە چىقتى. سۇلتان ئەھ-
مەدخان ئوتتۇز توققۇز ياشدا بىر تەرەف بولدى، ئاقسۇدا مەد-
فۇن بولدىلار.

## غەبلى داستان سەئىدخان ئىبنى
## سۇلتان ئەھمەدخان

سۇلتان سەئىدخان ئىبنى سۇلتان مەھمۇدخان ئىبنى سۇل-
تان يۇنسخان ئەنارەللاھە بۇرھانەھۇ سۇلتان سەئىدخان ئالاچە
خاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى. ئەۋۋەل مەنسۇرخان، ئىككىنچى ئىسكە-

دەرخان. ئىسكەندەرخان [نىڭ] سۇلتان سەئىدخاندىن كىچىك ئون ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى: باباچاق سۇلتان، خەلىل سۇلتان، ئىمىن خاجە سۇلتان، چىن تومۇر سۇلتان، يۇسۇن تومۇر سۇلتان، نەختە بۇغە سۇلتان. يەتتىسى كىچىك ۋەپات بولدى. سۇلتان سەئىدخان ئون تورت ياشدا ئالاچە خاندىن قالدى. سۇلتان مەھمۇدخان مۇغۇلىستاندا مولۇل بولدى. ئالاچە خاننىڭ مەملىكەتىنى ئوغۇللارىغە قويۇپ تاشكەند [گە] باردى. خوجەندگە يېتىپ ئىدى، شاھى بەگ كىشى ئىبەرتىپ خوجەند دەرياسىنىڭ[1] لەبىدە تورت ئوغلى بىلە شەھىد قىلدى. سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان خەلىلنى قىرغىزخان كوتەرىپ ئەۋقات كوچۈرۈپ ئىدىلەر. مەنسۇرخانغە چىرىك كەلدى. چارۇن چەلەك دىگەن مەۋزەئدە جەڭ ۋاقىئە بولدى. مەنسۇرخان غالىپ كەلدى. سۇلتان خەلىل ناچار ئەندىجانغە جانى بەگ سۇلتان قاشىغە باردى. مۇھەممەد مىرزا سۇلتان ئەلى مىرزا [نى] توبرەنويغۇتغە بۇيرۇپ دەريايى ئۇخسىدا سۇلتان خەلىلنى شەھىد قىلدىلار. نەچچە مەھەلدىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان ھەم مۇغۇلىستاندا بولالماي ئەندىجان [غە] باردى. ئەندىجانغە تابىئاتى بىلە جانى بەگ سۇلتان خان ئىدى. ئەمما دىماغى خەلەل تاپىپ ئىدى، بىر سوزدە تۇرماس ئىدى. خاجە ئەلى باھادۇر دىب شاھى بەگخان ئادى ئەندىجانغە ھاكىم قىلىپ جانى بەگ سۇلتانغە ئاتالىق ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ئەندىجانغە كېلىپ خەبەر سوردىكى: «سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان خەلىل قايان باردى؟» دىب. ئولارنىڭ شەھادەت خەبەرىنى ئېشىتتى. خان ھەم جاندىن ئۈمىلىك بولۇپ تۇرۇر ئىدى، خاننىڭ خەبەرى جانى بەگ سۇلتانغە يەتتى. ئول كۈن سۇلتانغە ھەۋايى مۇسۇلمانلىق كوڭلىگە تۇشۇپ ئىدى، ئەيتەتكىم: «مەن



AltunOq

جەللادمۇ، سۇلتان سەئىدخان قايان بارسە بارسۇن، ماڭا كەپىل بەرمەدىلەر» دېدى. نىشان ئىبەردى. خوجە ئەلى بەھادۇر قاشىدا سۇلتان سەئىدخان ئولتۇرۇپ ئىدى. نىشان ئالىپ كەلگەن كىشى خانغە خۇش خەبەر ئەيتتى. خان ئەيتتىكى: «ماڭا تەسەللى لازىم ئەمەس، جان بار ئولۇم بار» دېب. خاجە ئەلى بەھادۇر ئېيتتىكى: «ماڭا شۇمچە بەھانە يېتەر، بولماسە جانى بەگ سۇلتان سوزىگە ۋەفا قىلماس» دېب. تاڭلاسى يەنە. نىشان كەلدى: «مۇغول سۇلتانىنى قەتىل قىلسۇن» دېب.

خاجە ئەلى بەھادۇر ئەيتتىكى: «ئەرتە كەتكەن سۇلتاننى قايتدىن تاپارمىز» دېب. ئاللا قولى ياساۋۇل چىغىتايىدىن بالىغان كىشى ئىدى. ئول ئەيتتىكى: «سۇلتان مۇغول يانىڭىزدا، بىز سوز نىمە سوز؟» دېب. خاجە ئەلى بەھادۇر ئەۋۋەل ئول ياساۋۇلنى گۇندەغە سالدۇردى: «سەن دەۋلەتخا، مەن ئەمەسمۇ؟» دېب. نەچچە موئتەمەد كىشى تاپىپ خانغە قوشتى. ئەۋۋەل مەۋلانا خولقى — تالىبۇلئىلىم. خوب شېئىر نەغمز ئېيتور ئىدى ئىككىنچى سالىھ — مەردتۇججار، رەھشىناس ئىدى. ئۈچىنچى مەۋلانە يۇسۇف كاشتەرى — مەرد مۇسىقى ۋەنەدىم پېشە ئىدى. تورتىنچى مىرئەھمەد — ئول بىسيار سەفەر قىلغان كىشى ئىدى. بەشىنچى گادايى بەردى — مەجلس ئارا كىشى ئىدى. ئالتىنچى جەلال خىزمەتكارى خوب ئىدى. خانغە قوشۇپ رەۋان قىلدى. مەۋلانا خۇلقى ۋە خان تالىبۇلئىلىم سۇرەتى بىلەن، خوجە سالىھ ۋە مەۋلانا يۇسۇف سەۋدەگەر سۇرەتى بىلە مىر ئەھمەد، گادايى بەردى، جەلال خىزمەتكار تەۋرى بىلە قاچىپ بەددەخشاندا قەلئەئى زەفەرگە كەلدىلەر. مىرزاخان قەلئەئى زەفەردە پادىشاھ ئەردى. خانغە خىزمەتى پىسەندىدە قىلدى. مىرزاخان

ئىبنى مىرزا سۇلتان مەھمۇد ئىبنى مىرزا سۇلتان سەئىد كورگان
ۋالىدەسى سۇلتان نىگار خانىم، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قىزى
سۇلتان ئەھمەدخان بىلە بىر تۇققان ئىدى. سۇلتان سەئىدخان
كابىلغە بابۇر پادشاھ ئەتەرەللاھە مەشىھەدەھۇ قاشىغە باردى. پا-
دىشاھ خانغە بەسى ئىئزاز، ئىكرام قىلدى. خان بارھا ئېيتۇر ئىدى.
«ھىچ مەھەلدە كابىلدا پادىشاھ قاشىدا بىغەم ئۆمۈر ئۆتتى، ئە-
يىش فەراغەت قىلدۇق، يەنە مەھەلدە قىلالمادۇق» دېب. ئەندە-
جاندىن كىشى كەلدى. «سەيىد مۇھەممەد مىرزا، سۇلتان ئەلى مىر-
زا، پىشىكە مىرزا توبرە نويغۇت فىرۇج قىلىپ جانى بەگ سۇل-
تاننى ئىخراج قىلدۇق» دېب. زوھورىددىن مۇھەممەد بابىر پادىشاھ
سۇلتان سەئىدخان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇنى ئومەرائى ئەزىم ئىشان
مىسلى ئەمىر دايىم، ئەلى دۇخنەۋىنى ئىنىلىرى ئەھمەد ئەلى
مىرزا ۋە مەھمۇد قۇلى مىرزا ۋە ئەمىر غورى بارلاس ۋە مىرزا
مۇھەممەد بەگچەك، ئىنىسى بەگ مەھمۇد مىرزا، شانەزەر مىرزا،
ئەلى ھەنداگە نەچچەند ئومەرالارنى قوشۇپ رۇخسەت بېرىپ
ئەندىجانغە راۋان قىلدى. خان ئەندىجانغە يەتتىلەر. سەيىد مۇ-
ھەممەد مىرزا، سۇلتان مىرزايى بەگچەك ۋە پىشىكە، مىرزايى
ئېيتارچى توبرە نۇيغۇت ھەممە ئىستىقبال قىلىپ ئەندىجانغە ئا-
لىپ كىرىپ خان كوتەردىلەر. شول مەھەلدە پادىشاھ، ھەمزە
سۇلتان، مەھدى سۇلتان، ماماق سۇلتان قولغە تۇشتى. يىگىرمە
مىڭ ئۆزبەگ قەتل تاپتى، ئۆلكى، مۇغۇل بىلە چىغتايغە قىل-
غانى ياندى. خان ئەندىجانغە خان بولۇپ، تابىئاتىغە مۇتەسەر-
رۇف بولدىلار. جانى بەگ سۇلتان كوجۇكە خان كاسانىنى مۇھا-
سىرە قىلدى. خان سۇلتان ئەلى مىرزانى، توبرە نۇيغۇتنى باش
قىلىپ كاسانغە كومەك ئىبەردىلەر. «كاسانىنى تەڭ قىلدى» دېب

خەبەر كەلدى. خان سەيد مۇھەممەد مىرزانى كېڭەش قىلىپ ئەي-
تىلەركى: «ئۆزبەك بۇ چېرىكدىن ۋەھىم قىلماس، ئەمما قەلئە-
دەكى ئەلگە تەسەللى خاتىر بولۇر» دېب. بار چېرىكنى كاسان
(غە) بۇيرۇدىلار. بۇ خەبەر [نى] مىرزا ئاباكېر ئېشىتىپ يىگىر-
مە مىڭ كىشى ئالىپ يەتتى. بۇ خەبەر خانغە يەتتى، خان
سەيد مۇھەممەد مىرزا بىلە ئىتتىفاق قىلىپ ناچار ئۆترۇ چىقدىلار.
شول مەھەلدە كاسان غە بارغان چېرىك يەتتى. خانىنىڭ چېرى-
كى مىڭ سەككىز يۈز كىشى ئىدى، ئەمما بىسىيار جەڭ دىدە
ۋە بەھادۇر ئىدىلەر. تۇتۇلۇق دىگەن مەۋزەئىدە سەخت جەڭ
بولدى. ئاباكېر مىرزا باسرۇق بولدى. تورت مىڭ كىشى ئىرىك
قولغە تۇشتى، تورت مىڭدىن زىيادەرەك كىشى جەڭدە تىر تە-
ڭنى بولدى. ئاباكېر مىرزا قاچىپ كاشغەر [گە] كەلدى. خانغە
سەيد مۇھەممەد مىرزا ئەرز قىلىپ، قولغە تۇشكەن ئەلسى ئەفۇ
قىلدىلار. مىرزا ئاباكېرنىڭ ئۈچ ئۇلۇغ بېگى بار ئىدى. ئەۋۋەل
ئەمىر ۋەلى — سەردارى خوب ئىدى. سىپاھگەرچىلىكدە بىسيار
ماھىر ئىدى. مۇھەممەد بەگ ھەم خوب بەھادۇر ئىدى، شادانە
كوكۇلداش. مۇندىن ئىلگىرى ئاباكېر مىرزا ۋەلىنى باش قىلىپ
چېرىك ئىبەردى، خان سەيد مۇھەممەد مىرزانى ئۆترۇ بۇيرۇدى.
ئاخىر سۇلھ بولدى. سەيد مۇھەممەد مىرزا يۈز كورۇشۇرنى دەغ-
دەغە قىلدى. مىر ۋەلى خىيال قىلدى: «سەيد مۇھەممەد مىرزا
قولغە تۇشسە ئاباكېر مىرزاغە مۇندىن ئوبدان خىزمەت بولماس»
دېب. يۈز كورۇشۇرگە مايىل بولدى. سەيد مۇھەممەد مىرزا ئو-
زئى مىرزا ئاباكېر بىلە مۇلاقات قىلدىلار. كوپ سوز ئوتتى.
ئاخىر سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئەيتتىكى: «مېنىڭ مىر ۋەلى بى-
لە مەخفى سوزۇم بار، خىلۋەت قىلىشاق» دېب، يەنە ئەيتتى-

تى: «ئۆمەرالار قوپسۇنلار». ئۆمەرالار قوپتىلار. سەيد مۇھەممەد مىرزا بىلە مىر ۋەلى قالدىلار. سەيد مۇھەممەد مىرزا ئۆمەرالار قاشىدا ئەيتقان سوزلەرنى يەنە ئىئادە قىلدى. مەجلىس تەمام بولۇپ تارقادىلار. چېرىك يانىپ مىرزا ئاباكىر قاشىغە باردىلار. ئاباكىر مىرزا سوز سوردى، بەيان قىلدى، يەنە سوردى، مەھرەملەر ئەيتتىلەر، ئۇشبۇ سوز شۇبۇ ئىدى، مىر ۋەلى بىلە خىلۋەت قىلدىلار، ئۇل بىزگە مەلۇم بولمادى دېدىلار. مىر ۋەلىدىن سوردى، مىرۋەلى ئېل ئارىسىدا ئۆتكەن سوزنى ئەيتتى. مىرزا ئاباكىر ئەيتتىكى: «بىر ئەيتقان سوزنى يەنە ئېيتماقنىڭ مەنىسى بارمۇ» دېدى. موندىن زىيادە دېمەدى. ئەمما كۆڭلىدە ئاداۋەت تۇتۇپ، مىرۋەلىنى ئاختە قىلىپ ئۆلتۈردى. مىرزالى مەندىن چىراق ئىدى. ئانى موندا ق قىلدى. ئىنى ھەم قىلۇر دېب بەد گۇمان بولدى، دېب دۇھەممەد ئىنىنى ھەم ئۆلتۈردى. شاھدانە كوكەلداش [سەھىي] دىۋان ئىدى. بەسى رەئىيى ئەمۇال قىلدىكى، ھەد ۋە ھسابى يوق. ئانى ھەم ئاختە قىلىپ ئۆلتۈردى. ئابدال شەيخ دېب زەرگەرى بار ئىدى، ئانى ئەمىر زۇلنۇمەرا قىلدى، شاھ دانە بەگ نىڭ ئورنىدا جۇملەتەنمۇلۇك ۋە دىۋان قىلدى. ئابدال شەيخ زىدىنى مالنى خوب قىلدى. كارى لەشكەر سامان تاپمادى. ئاباكىر مىرزا ياسال قىلدى. ئابدال شەيخنى بەگ ياساغاندا يەنە ھەم كەسبەنى ۋە دېھقاننى تەربىيەت قىلىپ بەگ ياساپ ئىدى. قوياننى كوك تومۇر دېب تىنىرەنۇدى. ساۋۇتنى كىيەلمەدى. مىرزا مەئيۇس بولدى. تۈنلۈندا مىرزا ئاباكىر باسرۇق بولۇپ ياندى. خان ئۆمەرالار بىلە كېڭەش قىل-

دىلار: «ئەندىجاندا بولماق ياخشىمۇ يا كاشقەر [گە] بارغان — ياخشىمۇ؟» دىيىپ. سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئەيتتىكى: «كاشقەر [گە] بارالى، مىرزا ئاباكىر ياركەند، كاشقەر، خوتەنگە ئىككى كەم ئەللىك يىل ھاكىم بولدى. ئۆمرى ھەم يەتمىش يىلغە يېقىن كەلدى. دەۋلەتى ھەم ئاخىر بولۇپدۇر، بۇ دەمگە كىشى ئۆلتۈرەدۇر». كېڭەش مۇنىڭا قەرار تاپىپ كاشقەرگە [گە] كەلدىلەر. خاننىڭ چېرىكى ھىسابىدا كەم، ئەمما ھەممە بەھادۇر ۋە كېڭەشلىك كىشىلەر، ئۇشچىدىن بولەك تورت مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى. خان ئاتۇش [قە] كېلىپ. ھەزرەتى شەيخ ھەبىبنى تەۋاف قىلىپ ئۆتتىلەر.

ئاباكىر مىرزا ئۇچىـۇرخانىنىڭ تارىخە كۆنگىرە ئېتىپ، دەرۋازە قويۇپ ئىدى. تۇۋاچىلار شۇندا توسۇپ تۇردى.

ئۇل تەبەقەئى دوغلات نەۋۋەل سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئىككى يۈز سەكسەن نەۋكەرى بىلە، ئىككىنچى، مىرزا ھەيدەر يۈز يىگىرمە نەۋكەرى بىلە، مىرزا ئەلى تاغا توقسان نەۋكەرى بىلە؛ شاھ نەزەر مىرزا ئاتمىش نەۋكەرى بىلە، ئاندىن قۇتلۇغ مەرگ مىرزا يەتمىش نەۋكەرى بىلە، بەھرىكە مىرزا قىرق نەۋكەرى بىلە، تەبەقەئى دۇختۇي ئەمىر دايىم ئەلى ئىككى يۈز نەۋكەرى بىلە. ئىنىسى ئەھمەد ئەلى مىرزا، مەھمۇد قۇلى مىرزا ئىككىسى ئاتمىش نەۋكەرى بىلە، تەبەقەئى بارلاس باش ئەلى مىرزا ئىككى يۈز نەۋكەرى بىلە؛ تەبەقەئى يارقى باش كەكەبەك، نەبەرەبەك بولارنىڭ ئىككى يۈز جەمئىيەتى بار ئىدى؛ تەبەقەئى ئوردا بېگى باش قارا باش مىرزا، گەدا مىرزا، ھاجى مىرزا، سەيۇن مىرزا، ۋەلى مىرزا: تەبەقەئى ئىتارچى پىشكەمىرزا يۈز نەۋكەرى بىلە؛ تەبەقەئى كونجى جەنگە مىرزا، قۇل نەزەر مىرزا، شىرىم

مىرزا كەلمەپ ئىدى، يۈزدىن زىيادە جەممىيەتى بار ئىدى. دىگەر تەبەقەئى جۇراس مۇكابەگ يۈزدىن زىيادە نەۋكەرى بار ئىدى. ئىككى ئىنىسى بابا سارىخ مىرزا يۈز نەۋكەرى بار، شەھباز مىرزانىڭ يۈز نەۋكەرى بار ئىدى. يەنە ئاغا، ئىنىسى بىلە بەش-يۈز جەممىيەتى بار ئىدى. دىگەر تەبەقەئى بەگچەك — ئەۋۋەل مىر ئەييۇب ئىككى يۈز نەۋكەرى بار ئىدى. مىرزا مۇھەممەد [نىڭ] نەۋكەر [ى] مىر ئەييۇبدىن زىيادە ئىدى، ئۇلۇس بىگى ئىدى. مىر ئەييۇب كەلدى، ئاغام دىب ئىمارەتنى مىر ئەييۇبغە قويۇپ، ئۆزى تابىئ بولدى. مۇھەممەد بەگنىڭ يۈز نەۋ-كەرى بار ئىدى. يادكار مىرزا [نىڭ] ئاتمىش نەۋكەرى بار، بەگ مۇھەممەد مىرزانىڭ يەتمىش نەۋكەرى بار، نەزەر مىرزا-نىڭ قىرق نەۋكەرى بار ئىدى. بىسيار مىرزا زادە بار ئىدى، يالغۇز ئۈچۈن ئۇمەرا قاتارىدا سەبەت قىلغانى يوق. قارى بەگلەر بار ئىدى، يۈسۈن - تۈزۈكنى سورار ئىدىلەر. ئە-لى مىرگ مىرزا، قارا باش مىرزا، كەكە بەگ، سەيىد ئەلى ئاتا، كوكۆلداش ئەبدۇلئەزىز، مىرزا دوختۇي بىلە بارلاسنىڭ مۇقەد-دەم ۋە تەخىر تالاشىپ، ئەمىر جەببار بەردىدىن سوردىلار. دوختۇي، يۇقارى ئولتۇرغان، دىب گۇۋاھلىق بەردى. جوراس بىلە بەگچەك تالاش قىلدىلار. خان ئەيتتىلەر: «كىم قىلىچ چاپسە شول يوقارى ئولتۇرسۇن» دىب، ياقاغە چىقمادى.

ئاباكىر مىرزا كاشقەرنىڭ شەھرىنى يەتتە كۈندە راست قىلىپ، ئەسبابى قەلئەدارلىقنى راست قىلىپ، يۈسۈن ئاتلىغ بىر-ىنى هاكىم قىلىپ ياغى هىسار [غە] باردى. ئاندا هەم مۇمكىن ئەسبابى قەلئەدارلىقنى تەييار قىلىپ، ئىمىن دورغانى هاكىم

قىلىپ: «مەن يەنە كېلۇرمەن» دېب، ياركەند كەلىدى. ياركەندىدە ياسال قىلدى، بەگلەرى ئاتدىن يىقىلىپ، قولىي سىندى. مىرزا ئاباكىر كۆللى مەئيۇس بولدى.

سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاهۇ بۇرھانەھۇ ياكى ھىسارنى قىرق كۈندىن زىيادە مۇھاسىرە قىلدى. ئىمىن دورغە كىشى چىقارىپ، خاننى دىدى، خان ھەم ئىنايەت قىلدىلار. كاشقەرنى ھەم ھىيلە بىلە ئالدىلار. مىرزا ئاباكىر بۇ خەبەرنى ئىشىتتى. يۇرتنى ئوغلى جەھانگىر مىرزاغە بېرىپ، تۇبەت كەتتى. خوتەن بىلە ئاتاسى كېتىپ، بەش كۈندىن سوڭ مىرزا جەھانگىر ھەم سانجۇ سارى چىقتى. مىرزا جەھانگىر خەزىنەئى مىرزا ئاباكىرغە تالان ھوكىم قىلدى، خەلق ئىمكانى بار ئالدى. مىرزا جەھانگىر چىقىپ تورت كۈندىن كېيىن خاجە ئەلى بەھادۇر كەلدى، ئۇچ يۈز كىشى بىلە ئانچە ئىمكانى خاجە ئەلى بەھادۇر ئالدىلار، گويا كى كىشى بىر تار موي ئالغانى يوق. بۇ خاجە ئەلى بەھادۇر بايرىن ئايماقى مەرد بەھادۇر، بىسيار ساھىب تەجرىبە، خاننە مۇغۇلىستاندا بەسى خىزمەت پىسەندىدە بەجا كەلتۈرۈپ دەۋلەتخاھلىق قىلغان. تەفسىل بىلە «تارىخ رەشىدى» دە بار. خاجە ئەلى بەھادۇر شەھەرنى زەبت قىلىپ تۇرۇپ ئىدى، خان كەلدىلەر. ئەمىر دايىم ئەلى بەگ بىلە مۇھەممەد مىرزانى خوتەنگە ھاكىم قىلدىلار. يەنە بەش ئومەرانى قارا قۇلاق مىرزا، ھاجى مىرزا ۋە سۇلتان ئەلى مىرزا ۋە نەزەر مىرزا، مىرزا ئەلى تاغا، مىر قەنبەر، بەگقۇلى بەھادۇر مەكرەيت بۇ سەردارلارنى مىرزا ئاباكىرنىڭ ئارقاسىدىن بۇيۇردىلار. مىرزا ئاباكىر قىرق سەككىز يىل كاشقەر، ياكى ھىسار ۋە ياركەند ۋە خوتەن نەچچە قەسىبەچەغە ھاكىم بولدى، ئاندىمىش سەككىز يىل ئومۇر كور-

دى. ئۇل بىسىيار سەخى ۋە باھىممەت بولدى. قىرق سەككىز يىلنىڭ ئىچىدە يىغىلغان جەۋاھىر ۋە نەفىسە ۋە مەتائى ئابدانىنى توپچاق ئاتلار، توققۇز يۈز خىچىر يا توققۇز يۈز قاتار خىچىر-گە يۈكلەپ قاراڭغۇ تاغ [قە] باردى. دەريانىڭ ئاقتەشتە يەتتى، توپچاق ئارغوماقلارنى ھەممە ئۆلتۈرۈپ، جەۋاھىرلارنى دەرياغە قۇيدى. بىر پارەسىنى ئوتقە سالدى، مەرۋارىد ۋە لەئلى ئابدار بىر تەرەپ بولۇپدۇر. ئەمما ياقۇت ئەۋۋالقى رەڭگى بىلە تۇ-رۇپدۇر. تومۇرنى قوللاپ ئۈتىپ سالىپ، خورجىندىن بىر ئەر نىمە ئالدىلەر، ئوزگەسى قولغە كەلمەدى. ئاباكىر مىرزانىڭ كەينىدىن بارغان بەگلەر يىرىم پاتمان ئالتۇن [نى] خانغە يەتكەش قىلا-دىلار. مىرزا ئاباكىرنىڭ قوي - كالاسىنى ئولەتتىلەر. ئەمما مىر-زا ھەيدەرگە ئۇن سەككىز مىڭ قوي تەگدى. ئەھۋالى مىرزا ئا-باكىرنى شۇمىدىن قىياس [قىلىش] كىرەك. شاھدانە يەگىنىڭ زەبت قىلغان ئەھۋالى ئاباكىر مىرزا ئەۋۋەل ئۇزىنى ھەر ئايدا بىر تالاتۇر ئىردى. ئۇن بەش - ئۇن ئالتە يىل مۇنداغ سەخا-ۋەت پىشە قىلدى، ئاندىن زۇلىم - زەلالەتغە قەدەم قويدى. ھەر كىشى ئەندەك خەتا قىلسە ئانى ئاختە قىلىپ قازىققە سالدى، قازىق قىلىپ بەسى ئالتۇن - كۈمۈش تاپتى: كاشقەر-نىڭ قەدىم قەلئەسىنى بۇزۇپ، بەسى نەقدىنە تاپىپ ئالدى. خوتەننىڭ قەلئەسىنى قازىپ، بەسى نەقدىنە، جەۋاھىر تاپىپ ئالدى. «تارىخ رەشىدى» دە نەقل قىلىپدۇر. ياركەندنىڭ قە-دىم قەلئەسىنىڭ ئورنىنى قازىق قىلدى. يىگىرمە يەتتە خۇم تاپ-تى. بۇ كۈپلارنىڭ ئىچىگە ساغداغلىق كىرسە، ساغداقى نەگەدەي

بۇرۇن ئېردى. كۆپلەر ئىچىدە ئافتابەئى گەردەن دەراز، ئىچىدە قۇم ئالتۇن، ئافتابەنىڭ تاشىدا كۈمۈش باش. «تارىخ جەھانكۇشا» دا بەشيۈز مىسقال دەپدۇر. ئافتابەنى كۆپىدىن ئالماي، تەھسىنگە مىرزا ئاباكىر خەزىنەدە قويۇپ ئىدى. مىرزا ھەيدەر كورگان تارىخىدا نەقل قىلىبدۇر، ئافتابە ئولتۇرغان كىشى بوي بار ئىدى، ئافتابەدە خەت چىقتى: «بۇخمار خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە توينىڭ جابدۇغى» دېب. بۇخمار خاتۇن نەۋەقتىدە ئوتكەن كىشى ئىكەن، ئوغلى كىمدۇر، كۆيەۋسى كىمدۇر؟ ھېچكىشى بىلمەدى.

ئاباكىر مىرزا تەدبىر ۋە كېڭەشتە بىنەزىر، مەردانە، دىلاۋەر، جەسۇر، بىلە ئەگەر پىيادە كەلسە، كىشى خىيال قىلۇر ئىدىكى «مىرزا ئاباكىر ئاتلىغ كېلەدۇر» دېب. مىرزا ئاباكىر تىبەتتە بىر قەلئە تەييار قىلىپ ئىدى، باشىغە يامان ئىش تۈشسە ئاندا بارىپ ئامان ئالغاي. ئول قەلئەنى يەنە تىبەت ئالىپ ئىكەن. ئاباكىر مىرزا يەنە ياندى، تىبەتتە تۇرالماي. سەيد مۇھەممەد مىرزا ئاباكىر مىرزانىڭ كىشىلەرىدىن ئىبەردى. «ئاباكىر مىرزادىن خەبەر ئالىپ كېلىڭلار» دېب. ئاباكىر مىرزا تىبەتتە ئامان تاپماي كېلە تۇرۇپ ئىدى، سۈگەتتە مىرزا ئاباكىرغە نەۋكەرلەرى ئۇچرادى. ئاباكىر مىرزا خەبەر سوردى. نەۋكەرلەرى ئەيتتىلەركى: «خان سەيد مۇھەممەد مىرزا بىزنى ئىبەردىلەر، ئەلبەتتە بارماق كېرەك» دېب، خاندىن ئىلتىفات ۋە ئىنايەت ۋەئدەسىنى يەتكۈزدىلەر. ئاباكىر مىرزا ئەيتتىكى: «ئەلبەتتە مېنى خانغە يەتكۈرۈڭلار، گۇناھىمنى بىلۇر» دېب. نەۋكەرلەرى تەملىق نىسبار قىلدىلار. نەماز خۇفتەندىن [كېيىن] ئويىتۇغە مەشغۇل

بولدىلار. بۇ كور نەمەكلەر ئۆيتۇدا ئاباكىر مىرزانى ئۆلتۈرۈپ، باشىنى ئالىپ كەلدىلەر. خان بۇ كور نەمەكلەرنى قىساس قىلدىلار.

## سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاھە بۇرھانەھۇ جىلۇەسىنىڭ زىكرى

تارىختە توققۇز يۈز يىگىرمە ئىدى، خان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ تەختكە ئولتۇردى. سۇلتان سەئىدخان پادىشاھ شۇجائ ۋە مەردانە، با تەدبىر ئىدى؛ خۇش سەۋاد، خۇش تەبىئى ئىدى. ھەر نەچچە بەد ئىملاھ خەتنى ئوقۇر ئېردى. تۈركى ۋە فارسى شېئىرنى خوب ئەيتۇر ئېردى. بۇ غەزەل خاننىڭ ئېرۇر:

### بېيت

«قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈزلى رەئناسى بار؟
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟
ھورى بىرلەن جەننەتۇلمەئۋانى كوڭلۇم نەيلەسۇن.
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇلمەئۋاسى بار.
يۈزۈ ئۈزرە كاكىلۇ زۇلفىن پەرىشان كورگەلى،
ئەي سەئىدا! ئاشىفتە كوڭلۇمنىڭ ئەجەپ سەۋداسى بار»

* * *

«شۇكرى لىللا ھالەتىم زاھىر بولۇپدۇر يارغە،
ئەمدى ئۆزنى كورسەتەي يار ئالىدا ئەغيارغە.
سەير ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچرە ئول سەرۋى رەۋان،
بەندە بولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدۇ رەفتارغە.»

سۇلتان سەئىدخان ئەنتەرەللاھۇ مەشھەدەھۇنىڭ تورت ئوغلى بار ئىدى. ئەۋۋەل ئەبدۇررەشىد، ئىككىنچى ئىسكەندەر سۇلتان، ئۈچىنچى ئىبراھىم سۇلتان، تورتىنچى مۇھەممەد سۇلتان خانكى تەختكە ئولتۇرۇپ، دەۋلەتمەند بولدى. مەنسۇرخانغە



AltunOq

ۋەھمۇ ھەراس غالىب بولدى. چۇنانكى، مەنسۇرخاندىن خان نەۋ-
ۋەرە مەرقەدەھۇغە جەفا يېتىپ ئىدى.مەنسۇر خانغە ئەلچى ئىبەـ
رىپ، يۈز كورۇشـۇر بولدىلار. مەنسۇر جالىش تۇرفان چېرىـكى
بىلە بايغە كەلدى. خان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ ئاقسۇ [غە] بارىپ،
ئەربات [دا] ئىككى خان يۈز كورۇشتىلەر. مەنسۇرخان ئەيتتىلەر-
كى: «مەن ياشقە ئۇلۇق، خان تورەگە» دېب. سۇلتان سەئىدخان
قەبۇل قىلماي ئەيتتىلەركىم: «ئاكا، ئاتا ئورنىدا» دېب، خۇتبە-
دە «ئەۋۋەل مەنسۇرخاننى ئوقۇپ، ئاندىن سۇلتان سەئىدخاننى
ئوقۇ» دېدى. خان بىلە مەنسۇرخان ساف بولدىلار. باي ۋە كۆ-
چار، جالىش ۋە تۇرفان مەنسۇرخانغە بولدى. كوپ تورە تۇزۇ-
دنى ئەمىر جەبار بەردى. دوغلات سۇرۇپ مۇقەررەر قىلدىلار.
ئەمىن خاجە سۇلتان ئاقسۇ تورەسى ئىدى. خان بىلەبىر توغ-
قان ئىدى. مۇخالىفەت ئىزھار قىلدى. خان مىرزا ھەيدەرنى بۇ-
يۇردىلار: «ئەبدۇررەشىد خاننى ئاقسۇغە خان قىلىپ، ئەمىن
خاجە سۇلتاننى ئالىپ كېلىڭ!» دېب. مىرزا ھەيدەر ئەبدۇر-
رەشىد خان بىلە [ئاقسۇغە] باردىلار. شەھباز مىرزا ئىستىقبال قىل-
دى. ئەبدۇررەشىد خاننى [ئاقسۇغە] خان قىلىپ، ئەمىن خاجە
سۇلتاننى مۇندا ئىبەردى. ئوزى ئاقسۇنى سەرەنجام قىلىپ، ئال-
تە ئاي تۇرۇپ ياندى.

ئەندىجاندىن خاجە مۇھەممەد ئەبدۇللا خاجە ئىبنى
ھەزرەتى ئەھرار قۇددۇس سىررەھۇل مەشھۇر خاجەكە خاجەنىڭ كى-
چىك ئەۋلەد ئوغلى بار ئىدى. خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ئىلتى-
لمغ كەلدىلەر. خان باشلىق ھەممە خاجەغە مۇخلىس ۋە مۇقەي-
يەد بولدىلار. خاجە مۇھەممەد يۇسۇف نەۋۋەرە مەرقەدەھۇنىڭ ئار-
قەسىدىن خاجەكە خاجەنىڭ ئۇلۇغ ئوغلانلىرى ھەزرەتى
سىددىقىددىن مۇھەممەد كەرەمانىنىڭ قىزىدىن ۋۇجۇدغە كەلگەن

ھەزرەتى خاۋەند مەھمۇد ئەلەيھىررەھمە كېلىپ مەنسۇرخان قا-
شىدىن كاشقەر [غە] كەلدىلەر. سەيد مۇھەممەد مىرزا زەئىپ
رەنجۇر ئىدى. ھەزرەتى خاجە تىبابەت بىلە، بەلكى مەھىز
كەرامەت بىلە ئىلاج قىلدىلار. ئاندىن ياركەند [گە] كەلدىلار. خىزمەت
خاجە مۇھەممەد يۇسۇف بىلە تاقار تۇشتى. خەلق خىزمەت خاجە
مۇھەممەد يۇسۇفنى رەئايە قىلىپ، ھەزرەتى خاجە خاۋەند
مەھمۇدنىڭ خىزمەتلەرىگە كەم كەلدىلەر. ئارادا تاقار كۆللى ۋا-
قىئە بولدى.

مىرزا «تارىخ رەشىدى» دە ئانداغ نەقل قىلىبدۇر: «ھەز-
رەتى خاۋەند مەھمۇد قەددەسە سىررەھۇنىڭ مۇلازىمەتلەرىگە با-
رىپ ئىدىم، خىزمەت خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ئولتۇرۇپدۇر. ئەيت-
تىلەركىم: «ئەي مۇھەممەد يۇسۇف. سەن مېنىڭ ئۇلۇغ ئوغلۇم
بىلە ھەمشىرە ئىدىڭ. سەن ئاتامىزنىڭ مۇرىدى بولساڭ. مەن
ھەزرەتى ئىشاننىڭ مۇرىدى. ئول بولمىسا ھەم مېنىڭ بىلە قان-
داق تەڭ بولۇرسەن؟ ماڭا ھەزرەتنىڭ گۇشەئى خاتىرلەرى بار.»
دېب. خىزمەت خاجە مۇھەممەد يۇسۇف بەرابەردە ئەيتتىلەركى:
«ھەر كىشىنىڭ ئۇمىدۋارلىغى ئول ھەزرەتدىدۇر.» دېب. ھەزرەتى
خاجە خاۋەند مەھمۇد ئەلەيھىررەھمە ۋەررىزۋان ئەيتتىلەركىم:
«رازى بولۇرمۇسەن. ھەزرەتى رەسۇل سەللاللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەم ئارامىزدا مۇھاكىمە قىلغاي». خىزمەت خاجە مۇھەممەد
يۇسۇف ھەم: «رازى دۇرمەن» دېدى. مەجلىس ئاخىر بولدى.

ھەزرەت خاجە بەدەخشانغە چىقتىلار. ئەرتەسى خىزمەت
خاجە مۇھەممەد يۇسۇف قاشىدىن كىشى كېلىپ چىرلادى، كەل-
سەم خىزمەت مۇھەممەد يۇسۇف بىتاب بولۇپدۇرلار، ماڭا بىر
نىمۇە يۇكىدا ئەتكەن چەكمەن، بىر رويمال يادكار بەردىلەر. بەئ-

زى فەرزەند ۋە كىشىلەرنى سىپارىش قىلدىلار. مەن ئەيتىمكى:
«ھالا سىھھەت ياتارلار» دېب. خاجە ئەيتتىلەركى: «خاجە
خان مەھمۇد خىلە ۋەقتدۇر مۇئمىد ھەزرەتى رىسالەت سەللاللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەۋازىش يېتە تۇرۇپ ئىدى، ھالا ئول
نەۋازىشدىن ئەسەرى يوق، نۇچۇك بولدى ئىكىن، بۇ ئاغرىقىم-
دىن سىھھەت تاپماسمەن.» دېب. خاجەخان مەھمۇد بىرادەر بەلكى
پەدەر مۇنچە شىددەت لازىم ئەمەس ئىدى. دەرىخ! ئالتىنچى كۈ-
نى ئالەمدىن ئوتتىلەر. مىرزا ھەيدەر زايىر مەشىق تارىخ
تاپىپدۇر.

ھەزرەتى خاجە خاۋەند مەھمۇد قۇددۇس سىررەھىنى نەك-
لىدىن قىلىپ ئالىپ كەلدىلەر. خىزمەت خاجە مۇھەمەد يۇسۇف-
نىڭ ئازالارىنى، ئابۇ ئاشلارىنى ھەزرەتى خاجە خاۋەند مە-
ھمۇدئەلەيھىررەھمە ۋەرىزىۋان ھۇزۇرلارىدا تەمام قىلدىلار. خان
باشلىق ھەزرەتى خاجە خاۋەند مەھمۇد قۇددۇسۇللاھە سىررەھۇغە
ئىنابەت قىلدىلار. ھەزرەت خاجە ياكى ھىساردا بولۇشنى ئىختىيار
قىلدىلار. خان ھەم بارىپ ياكى ھىساردا قىشنى تەمام قىلدىلار.
سولۇككە كىرىپ، تەمامى نا مەشرۇئاتدىن تەۋبە قىلدىلار. «غە-
زات ئەئزەم رۇكىن ئىسلامەست» دېب. غەزات ھەۋەس بولۇپ.
غەزات ئۇچۇن تىبەتكە تەۋەججۇھ قىلدىلار. تىبەت كافىرى مەغز
ئېرۇر. ئوشنى خام يەپدۇر. تىبەتنىڭ موللا خەلقىنى «لامە» ئا-
تاپدۇر. ئۇلۇمائى ئىسلام ئايەت ۋە ھەدىسكە غەزاتنىڭ بارەسىدە
ۋاقىئ كېلىپدۇر. بەيانخان نۇر مەرقەدەھنىداغدۇغە غەزاتىغە بى-
ئارام ۋە بىقەرار بولۇپ، مىرزا ھەيدەرنى ئىلگەرى ئىبەردىلەر.
خان «مار يول» دىگەن مەۋزىئدا مىرزا ھەيدەر بىلە مۇلاقات
قىلدىلار. تەرھى قىشلاق سالدىلار. «مار يول» نىڭ ئىككى ھا-

كىمى بار ئىدى، بىرىنىڭ ئاتى لەتجۇ ئەزان. يەنە بىرىنىڭ ئاتى تاشكون. ھەر ئىككىلەسى خاننىڭ كورۇنۇشلەرىگە كەلدىلەر، خان ھەم نەۋازىش قىلدىلار. كەشمىرنىڭ تورەسى قىزىنى ئىس- كەندەر سۇلتانغە ئاتاپ پېشكەشلەر بىسيار ئىبەردى. خان غە- زان شەگەرف قىلدىلار. ئىسكەندەر سۇلتان بىلە مىرزا ھەيدەرنى ئورساك [غە] بويۇردىلار. كافىرلار قەبىلەسى بوزغالى خانغە ئىش تەئسىر قىلىپ. رەنجۇر بولدىلار. مىرزا ھەيدەرگە ئەيتتىلەر: «تۇز خاھىشىڭدا چېرىك ئالغىل» دېب. مىرزا ھەيدەر بەھرىكە مىرزا دوغلاتنى، مەھمۇد مىرزا ئىبنى سەيد مۇھەممەد مىرزا، ئىب- دۇللا مىرزا، بىرادەر مىرزا، ھەيدەر جەنگى مىرزا ساغرىچىنى ئىنتىخاب خان «مار يولى» دىن دارۇلمۈلك ياركەندگە ياندىلار. رەنجۇر ئىدىلەر. ئىش تەئسىر قىلىپ خان بالتى كەلدىلەر دىمە- گەرلىك كەم بولمادى، سۈرئەت بىلە يۈردىلەر، سەككىز كۈنلۈك يولنى تورت كۈندە كەلدىلەر. خاننىڭ تورت تەرەپلەرىدىن كەل- دىلەر،مەھافە ئەتىدىلەر. يول ناھەمۋار ئىدى، دەمانە ئەتىمەك مۈمكىن ئەمەس دېب. ئەمىر دايىم ئەلى، دىمرزا ئەلى باغىيا، خاجە شاھ مۇھەممەد ۋەزىر كەبىرۇ سەغىرۇ ۋە بەرنا ۋە بۇرھانى سۈرئەت بىلە نالىپ كەلدىلەر. سەك- كىز كۈنلۈك دەمگەرلىگى بار، ئاندىن كېيىن ئىللەت دەمگىرى كەمراق، شول يەردە تەزايى ئاسانى سۇلتان سەئىدخان ئەنار للاھۇ بۇر- ھانەھۇ ۋەفات بولدىلار.

بيت

ئەندىشە زى مەركى مۇستەنا بايەد كەرد،
شادىيۇ تەرەب جۇملە رەھا بايەد كەرد.

باﺋﺎن شەرەﭬﯘ كەمال ﺋﻮزﯨﻨﺪە نەمانەد،
مارا تەمەﺋ ﺧﺎم چەرا بايەد گەرد.
ﺋﻰ چەرخى ﻓﻪلەك ھەمىشە كارەت ﺋﯩﻨﻪﺳﺖ،
جەﯞرۇ ﺳﺘﻪمۇ جەﭬﺎت ﺋﯩﻦ ﺋﺎيىنەست.
ﯞﯨﻦ ﺋﻪز تۇجۇدا كەردەنى يارانى شەﭬﯩﻖ،
ﺋﺎيىنى ﺋﻪﺟﯩﺒﯘ نەچچە بەلا بەدۇنىست. (1)

خان يىگىرمە يىل ياركەندۇە، تابىئاتى بىلە ۋە كاشقەر ۋە ياﻛﻰ تابىئاتى بىلە، خوتەن جەمئى تابىئاتى ۋە ئۇچ ۋە كۇچار تابىئاتى بىلە خان بولدىلار، قىرق يەتتە يىل ئۇمۇر كوردىلەر. خان يولدا ۋەفان بولدىلار. فەسلى ئەسەد ئىدى، سۇرئەت بىلە نەقش مەغفىرەت مەئاب خاننى كەلتۇرۇپ، ھوجرەئى دىۋانخانەدە دەفن قىلىپ، كاشقەرگە سەيد مۇھەممەد مىرزاغە كىشى ئىبەردىلەر. مىرزا ئەلى تاغانىڭ دامادى مىرزا يادكار مۇھەممەدنى ئاقسۇغە ئەبدۇررەشىدخانغە چاپتۇردىلار. سەيد مۇھەممەد مىرزا كاشقەردىن كېلىپ، ئوردەلەرغە ئەزا يەتكۇزۇپ، ئوزى تاشقارى ئەزادار بۇلۇپ ئولتۇردى. ئەمما، بارچە ئۇمەرا، ۋۇزەرابىلەئەھدۇ پەيمان قىلىشتىلار. ئەبدۇررەشىدخان چەھارشەنبە كۇنى كەلدىلەر. سەيد مۇھەممەد مىرزا ئەكابىرلەر بىلە بار ئۇمەرانى پېشباز چىقاردىلار. تاڭلا پەنجشەنبە كۇنى كۇنگە خوب - پىل باشى. تاڭلا كېلىپ تەختكە ئولتۇرغان مۇبارەك دىب، مىرزا ئەلى تاغا بەئزى ئۇمەرا. ۋۇزەرا ۋەسىيەت دىب، سەيد مۇھەممەد مىرزانى خانغە يەتكۇردىلەر. تارىختە توققۇز يۈز قىرق يىل باشىدا كەلدىلەر.

---

(1) تاللانغان پەيغەمبەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئەندىشە قىلىش لازىم، خوشلۇقنى تاشلاش كېرەك.
شۇ قەدەر ئۇلۇغلىقى بىلەن ئۇ تىرىك قالمىدى،
بىز قانداقمۇ خام تامادا بولالايمىز.
ئەي پەلەك سېنىڭ ئىشىڭ ھەمىشە شۇنداق.
جەبىر جاپا قىلىش سېنىڭ ئادەتىڭ.
مېھرىبان يارلاردىن جۇدا قىلىش بۇ ئادەتىڭ،
ئاجايىپ بىر ئادەت، ھەممە سەندىن خاپا.



AltunOq

## گۇفتار جۇلۇس ئەبدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ

سۇلتان سەئىدخان تىراندازلىق ۋە چابۇكسۇۋارلىقـدا بىمە-
سەل، بىمانەند ئىدى. ئەمما ئەبدۇررەشىدخان تىرەندازلىق ۋە چا-
بۇكسۇۋارلىقدا ئۇلۇغ خانىدىن ئاشۇردى. ئەبدۇرەشىدخان پادىشاھ
زادەئى دىلاۋەر ۋە مەردانەخۇش مىنزەر ۋە نىكوسە يىگىرمە ئۈچ
ياشىدا تەختخانىغە ئولتۇردى. شېئىر فارسى ۋە تۈركىنى خوپ ئېيت-
تۇر ئىدىلەر، خۇش سەۋاد ئىدى. ھەر نەچچە بىئىملا خەت بول-
سە. خوپ يادا ئالغاندەك ئوقۇر ئېردى.

ئەبدۇررەشىد خانىنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى: ئەۋۋەل
ئەبدۇللەتىف سۇلتان، ئىككىنچى ئەبدۇلكەرىم خان، ئۈچىنچى ئەب-
دۇررەھىم سۇلتان (بۇ ئەبدۇررەھىم سۇلتان ئون سەككىز ياشىدا
ئىبەتكە بارىپ، شەھىد بولدى. خان بەسى مايىل ئىدىلەر. ئاتىنى
ئەبدۇررەھىمخانغە قويدىلار)، تۆرتىنچى سۇلتان ئىبراھىم ئول مەشھۇر
سۇلى سۇلتان، بەشىنچى مۇھەممەد خان. ئالتىنچى ئەبۇ سەئىد
خان. بۇ ئالتە ئوغۇل چۇچۇك خانىمدىن ئىزجۇدغە كەلگەن. چۇ-
چۇك خانىمنىڭ ۋالىدەسى ئالاچى خانىنىڭ قىزى سۇلتان سەئىد
خان بىلە بىر تۇغقان، ئاتاسى قزاق تۈرەلەرىدىن. بۇ چۇچۇك
زاھىدە ۋە ئابىدە ۋە ھازىمە، سالىھە، كېڭەشلىك كىشى ئىدى. يەت-
تىنچى قەرىش سۇلتان سەيد مىرزا تەرەدەزىنىڭ قىزىدىن ۋۇجۇد-
غە كەلگەن، سەككىزىنچى مۇھەممەد باقى سۇلتان — ئاناسى شاھ-
خانىنىڭ قىزى — خوپ نىكار خانىم. توققۇزىنچى مۇھەممەد شاھ

سۇلتان ــــ ئاناسى ساداتدىن. ئۇن بىرىنچى يۇنۇس سۇلتان ۋە ئەبدۇللاھ سۇلتان ئەمۇەلەد بىر ئانادىن، ئۇن ئىككىنچى ئەبدۇر-رەھىمخان نۇر مەرقەدەھ، ۋالىدەسى سايرۇنناسىدىن.

سۇلتان سەئىدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇنىڭ ۋەفاتلارىنى مەنسۇرخان ئىشتتى. ئەرسە ئاقسۇ ئۇزەسىگە چېرىك كەلدى. ئاقسۇ بەگلەرى دەرۋازە تارتىپ، بىركىدىلەر. ئەبدۇررەشىد خان ھەم بۇ شەۋكەت ۋە ئەزەمەت تەمام ياركەنددىن ئاقسۇغە رەۋان بولدى. مەنسۇرخان «ئەبدۇررەشىدخان كېلەدۇر» دېب مۇقابىلە بولماي، ياندى. خان دەۋلەت بىلە ياركەند[گە] كەلدى. سوڭغى يىل مەنسۇرخان يەنە كەلدى. خان دەريايى لەشكەر ئاراستە قىلىب ئاقسۇ[غە] باردىلار. مەنسۇرخان بۇ مەملەكەتلەردىن نەۋمىد بولدى. غەزات ئۈچۈن خىتاي [غە] باردى. ھەزرەتى خاجە تاجىددىن ئەبەيدۇللاھ مەشھەدەھۇ ئەمر جەببار بەردى دوغلات شەھادەت تاپتىلار. خاجە تاجىددىن قەددەسەللاھۇ سىررەھۇنى خاجە شەھىد ئاتادىلار. خاجە شەھىد مەرد، بۇزرۇك ۋە ئەۋلاد ھەزرەتى مەۋلانا ئەرشىددىن قەددەسەللاھۇ روھەھۇ ساھىب ئېرشاد ۋە كەرامەت ئىدىلار.

خانىنىڭ ئۇلۇق ئوغلى ئەبدۇللەتىف سۇلتان ئاقسۇ خانى ئىدى. قازاق بىلە قىرقىز دەمى ئاسايىش قىلالماس ئىدىلار، سۇلتانىنىڭ ۋەھىمىدىن. ئۇلمەھەلدە قازاقنىڭ ئىككى خانى بار ئىدى ــــ ھەقنەزەرخان ۋە نەۋرۇز ئەھمەدخان. ھەقنەزەرخانىنى ئېمىل دىگەندە سۇلتان[نى] چاپتى بەرك ئالدى. ھەقنەزەرخان قىرقىز بىلە بىرىكىب، سۇلتانىنىڭ ئارقەسىدىن كېلىب، كېچە سۇلتانىنى قەتل قىلدى. شول يىلغىچى ئايماقى جەڭداۋۇل ئىدى. سۇلتانغە خەبەر ئېيتماي قاچىب كەتتى.

ئەلقىسسە، سۇلتانىنى قازاق، قىرغىز ئۇلتۇردى. خانغە بەسى دەرد بولدى. ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد شەرىق قەددەسە سىررەھۇ خىزمەتىگە بارىپ ئەرز قىلدىلار. ھەزرەتى خاجە ئەرۋاھ تەبىيىنە بىرلە سوزلەشتىلەر، خانغە مەدەد ئىلتىماس قىلدىلار. بىشارەت تاپىپ خانغە خەبەر ئەيتتىلەر. خان خۇشھال ۋە خۇررەم بولۇپ، چىرىك ئەسبابىغە مۇقىد بولدىلار. مۇھەممەدى كورگانىنى نەۋرۇز ئەھمەد خانغە ئىبەردىلەر، سوز ئۇلكى: «مېنىڭ ئوغلۇمنى ھەقنەزەر خان بىلە قىرغىز ئۇلتۇردى. ئەگەر بىزگە خان ئەل بولسە چىرىك بىلە مەدەد قىلسۇنىم دىب. نەۋرۇز ئەھمەدخان مۇھەممەدى بەككە ئىززام ۋە ئىكرام قىلىپ. چىرىك كەلمەك بولدى. خان بەش ئايلىق چىرىك يىغلاتتى. شەئنى - شەۋكەت بىلە چىرىك باردى. ئارتىش دىگەن مەۋزىئدا قازاق، قىرغىزغە يەتتى. قازاق، قىرغىز بىركىدى. خان ئۇزلەرى باشلاپ «مېنى دىگەن كىشى بولسە ۋە قىندۇر» دىب، خان ئات سالدى. ئۇلۇغ - كىچىك ۋە تۇرك، تاجىك ھەمراھ قىلدى. ياغىنىڭ رۇشەبەسىنى بۇزۇپ كەتتىلەر. ھەقنەزەرخان باشلىق ئاللەتۇغلۇق تورەنى ئۇلتۇردىلەر. قازاق توغسىز قالدى.

ئەبدۇررەشىدخان بەسى شۇجائەتشىئار ۋە نىكۇ كىردار بىنەزىر كىشى ئىدى. بولۇرغە بارىپ فەتھ قىلىپ ياندى.

### بىيت

زاھىدى خۇدبىن بىن بەر زاھىرى رەسۋايى ما،
مەنزىلى سۇلتان ئىشقەست ئىن دىلى شەيدايى ما.
دەر تەرىقى ئىشق لاقى پاكى بازى مىزەنىم،
گەرچە مەست ئەزبادە ئالۇدە زسەر تا پايى ما.

ئى سەبا! ئىن نامەرا بادەستانى ما بەبۇر،
ھالى دىلرا تاكۇنەد مەئلۇمى ئەز ئىنشايى ما.
زاھىد ئەز خىلۋەت گەرىفتە جا بىمدىگەر گوشەئى.
غەيرى كۇيى يار نەبۇۋەد مەنزىلۇ مەئۋايى ما.
ئى رەشىدى بەردەرى شاھى ئەزەل رەھ يافتەم،
شۇكرى لىللا شەھ كۇنۇن فىردەۋسى ئەئلا جايى ماھ. ①

× × ×

ھەتتا يولىدا جان چىكىپ، بىر جۇستىجۇيى قىلمادىم،
تەۋبە سۇيىدىن تېنىمنى شۇستى شۇيى قىلمادىم.
ۋەھ، نۇچۇك مەقبۇل بولغاي بۇ نەمازىم كىم مىنىڭ
چۈنكى جۇنابى جىگەر بىرلە ھىززۇيى قىلمادىم.
ئۇتتى ئۇمرۇم دۇنيانىڭ مەشغۇلەتىدىن، ۋادەرىغ!
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تار مويى قىلمادىم.
كېچەلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن ئۇلۇم قورقۇنچىدىن.
كوز ياشىم بىرلە بۇزۇمگە ئابرويى قىلمادىم.
ئەي رەشىدى، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دىمە،
ئىشتىنىڭ مەيدانىدا بىر ھاي - ھۇيى قىلمادىم.
بۇ رۇبائى خاندىن تۇرۇر:

---

① ئەي ئۆزىنىلا ئويلىغان زاھىد، بىزنىڭ رەسۋا كورۈنىشىمىزنى كۆرۈپ
بىزنىڭ بۇ ھەيدا كىرگىنىمىز، ئىشقى سۇلتانىنىڭ مەنزىلىدۇر.
بىز ئىشقنىڭ يولىدا پاكىز ئويناش لاپىنى ئۇرىمىز،
ئەگەر باشتىن ئاياق شاراب بىلەن بۇلغانغان بولساقمۇ.
ئى سابا شامىلى بۇ نامىنى دوستلىرىمىزغا ئېلىپ بار،
تاكى بىزنىڭ بۇ يازغانلىرىمىزدىن كۆڭلىمىزنىڭ ھالىنى بىلىپ قالسۇن.
زاھىد خىلۋەتىمىدىن بىر بۇلۇڭدا ئورۇن تۇتۇپتۇ،
ئامما بىزنىڭ مەنزىل ۋە ئورار جايىمىز يارنىڭ كويىدىن باشقا يەردە ئەمەس
ئى رەشىدى ئەزەل پادىشاھى (خۇدا) دەرگاھىغا يول تاپتۇق
خۇداغا شۈكرەكى ئالى جەننەت بىزنىڭ جايىمىز بولغاي.

## نۇرمەرقەدەھ

«ئەي پەيك سەبا، مېنىڭ پەيامىم يەتكۈر،
يارىمغە نىيازئىلە سەلامىم يەتكۈر.
گەر سۇبھى ۋە گەر شام قاشىغە يەتسەڭ.
ئەلئەتتە دۇئايى سۇبھى - شامىم يەتكۈر».

خان نۇرمەرقەدەھنىڭ بىسيار مەشرەبى خۇش تەبىئى-ى دەر ئىلمى مۇسقى ئۇستاد ئىدىلار. «ئىشرەت ئەنگىز» ئاتلىغ سازى نەسىنى قىلدى. خان «ئون ئىككى مۇقام» يىگىرمە تۆرت شۇئبەدە بازنى خوب بىلۇر ئېردىلەر.

خان ئاخىر هالىدا بىر زەئىنى لۇلىنى ئالدىلار. چۇچۇك خانىم سەرزەنىش قىلدى: «سەن لۇلىنى ئالدىڭ» — دېپ. خان بۇ رۇبائىنى بەدىھىيە ئەيتتىلەر:

«مەھبۇب ئەگەر كوڭۇل قەبۇلى بولسە،
شىرىن هەرەكەت خۇش ئۇسۇلى بولسە.
جان ئۇتراسىدا ئانىڭكى يولى بولسە،
نې ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى لۇلى بولسە»

خانىم هەم گۇزەشت قىلدىلار.

خان قەلەندەر بولۇپ يۈرۈر ئېردىلەر. سەير ئۇچۇن خوتەن [گە] بارىپ ئىدىلار، سەرايى فانىدىن مەنزىلى - جاۋىدانىغە مەيل قىلدىلار. يىگىرمە يىل سۇلتان سەئىدخان بىنئىئلان خان بولدى. تارىخىغە توققۇزيۈزقىرقدا يىل باشى كۈنى خان بولدى،


AltunOq

توققۇز يۇز ئاتمىش يەتتىدە ئەبدۇررەشىدخان ۋاپات بولدىلار. يىگىرمە يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدىلار. قىرق توققۇز يىل ئاي ئۆمۈر كوردىلەر. «قالو ئىنناللىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن».

## گۇپتار جۇلۇس ئەبدۇلكەرىمخان ئىبنى ئەبدۇررەشىدخان غازى ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇم

ئەبدۇلكەرىمخان ئىككىنجى ئوغلى ئەبدۇررەشىدخاننىڭ. ئەبدۇللەتىف سۇلتان شەھىد بولدى. قازاق، قىرغىزدىن ئىنتىقام ئالدىلار. بالىقچى بوتەمىش يۇرۇق جەڭداۋۇل ئىدى. سۇلتاننىڭ خەبەر ئەيتماي ئىلتىفات ۋە ئىنئام كورگەن كىشى قانداسەن دېب قاچىپ ئوتۇپ ئىدى، بوتەمىش باشلىق بالىقچىنى تەيىن قىلىپ بەردىلەر. ئەبدۇلكەرىمخاننى ئاقسۇغە نامزەد قىلدىلار. ئەبدۇلكەرىمخان قەبۇل قىلماي ئەرز قىلدىكى: «مېنىڭ نىيەتىم — ئاياغلەرىدا بولماق، نەچچە زامان ھەزرەتلەرى ھەيات خىزمەتلەرىدە بولسام». ھاسىدلار ئاراغە نىفاق قىلغالى خەيلى يەتكۈردىلەر: «ئەبدۇلكەرىم سۇلتاننىڭ يامان خىيالى بار» دېب. ئەبدۇلكەرىمخان خوب كاتىب ئىدىلار. ئەبدۇررەشىد يېزىپتى: «بۇ بېيتنى رەقەم قىلغىل» دېب.

## بېيىت

بەدەر كۈش پادىشاھى را نەشايەد،
ئەگەر شايەد بەجۇز شەش مەھ نەئايەد.①

بۇ بېيىتنى ئېيتىپ، ئۆتەلەرنى بويۇنلەرىغە سالىپ، پايە-
گاھدا يالاڭ باش بولۇپ ئولتۇردىلار. خان ئەندەك ئەفۇى قىل-
دى. بىر كۈن ئەبدۇلكەرىمخان بىلە ھەمراھ ئىدى، شىكار قىل-
غۇچە بىر سورۇك كىيىك قاچتى. خان «ئات!» دېپ بۇيۇردى.
ئەبدۇلكەرىمخان بىر خىرمەن ئورنى يەردە بەش كىيىكنى ئاتىپ
ئالدى. ئەبدۇررەشىدخان سىدقى ۋە ئىخلاس بىلە فاتىھە ئوقۇ-
دى. بىر كۈن خان قاشىدا ئېيتتىلەر: «باشى چوڭ بەگ بولۇر،
ئاياغى چوڭ قول بولۇر» دېپ. خان ئېيتتىلەركى: «ئاندا-
بولسە، مەندىن كېيىن ئەبدۇلكەرىم خان بولۇر» دېپ. ھەزار مەج-
لىس ئىستاغ بىلە ئەرزگە يەتكۈردىلەر: «ئەبدۇلكەرىم سۇلتان-
ھەم دەسى قابىل ۋە لايىق» دېپ. خان ئېيتتىلەر: «ئاغاسىنىڭ
ئورنى ئاغىزغە ئۇنامايدۇر، كاشتەرنى سىرنى سۇلتانغە بەردىڭ»
دېپ. ئەبدۇلكەرىمخان ياڭى ھىسارغە رازى بولدى. خان ھەم
ياڭى ھىسارنى ئىنايەت قىلىپ مىرزاجان مۇھەممەد بايىرىنىنى
ئاتالىق قىلدىلار. ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد شىرىق قەددەسە-
لاھۇ رۇھەھۇ ئەبدۇررەشىدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇدىن ئىككى
يىل ئىلگەرى ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىدىلار. خاجەنىڭ جان ...

① ئالىمنى ئۈنەرگۈچى ئالىمقا يارىمايدۇ،
ئەگەر يارىسىمۇ ئايدىن ئۇزۇق تۇرالمايدۇ.

شىنلارى مۇھەممەد ۋەلى سوفى قەددە سەللاھۇ سىررەھۇ ئىدىلار. ھەزرەتى ئەبدۇلكەرىمخان ئۇلارغە ئىنابەت قىلدىلار. ئەبدۇلكەرىمخان پادىشاھ ئىدى. مۇسۇلمان نىھاد، بائەدل ۋە داد، خۇدايى تەرس، رەھمدىل، مۇتەشەررىئ شەرىئەت، مۇتەھەھەرەئى غەررادىن سەرەوي تەجاۋۇز قىلماس ئىدى. مىرزا زىرەك دېب ئەزىز بار ئىدى. جالىشدا بىر كىمەرسە سەھەر ۋەقتىدە رۇخسارە گۈل ئەيتتى، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

«قارالاسام كورۇنمەيدۇر دۇنيانىڭ ئۇچى،
بۇ دۇنيا بىر كوھنە رەبات. بىز يول ئۇتكۇچى.»

بۇ بېيىت بىلە نەقىش تەئىسىر قىلىپ، جالىشىدىن تاغىمە چىقىپ، بەشكەرەمدىن تۇشتى. كاشقەرنىڭ مەۋزىئى مەشھۇرى كەلەكۈ دىگەن قەريەنىڭ خەلقى بەد مىزەب، خۇدايىدادى شۇندا مۇتەۋەتتىن بولۇپدۇر. ئەبدۇلكەرىم سۇلتان مىرزا زىرەكنىڭ مۇلازىمەتىغە كېلىپ ئىدى. مىرزا زىرەك ئەيتتى: «مەن سىزنى قوشۇقچى بابانىڭ كىچىك ئوغلى خىيال قىلىپ ئىدىم، سىز ئىكەنسىز، قوشۇقچى بابا فەۋت بولدى. سىزنى ھەممە ئاكابىردىن خان كوتەردىلەر. دۇشەنبە كۈنى خەبەردار بولۇڭ» دېب. شۇل كۈنى چەھار شەنبە كۈنى ئىدى. ئەبدۇلكەرىمخان ياكى ھىسار [غە] كېلىپ تەۋەججۇھدا ئىدى. دۇشەنبە كېچەسى ھەزرەتى مۇھەممەد ۋەلى سوفى ئويغاتىپ ئەيتتىلەر: «ئەي سۇلتانىم ئەبدۇرەشىدخان شۇكقار بولۇپدۇر، خوتەندە جەمىئ ئەكابىرلاردىن سىزنى خاھلاپ خان كوتەردىلەر، تىز تۇنىد بارماق كېرەك» دېب. ئەبدۇلكەرىمخان ئاتلانىپ، دەرۋازە ئالدىدا تۇرۇپ ئىدىلار. بىر بوز ئاتلىغ كىشى تىز ئوتۇپ باراد ۇر. خان چىرلاپ خەبەر سور-

دىلار: «خەتلىك بارمۇ؟» دېب، مۇنكىر كەلدى. ئاختارىپ باقتىلەر، خەت چىقتى. مەھمۇد بارلاس ۋە ئەھمەد بارلاسنى سوفى سۇل-تانغە ئىبەرىپ ئىدى، ياركەندگە تەكلىپ قىلىپ ئىدىلار، بۇ كى-شىنى تۇتۇپ، يېڭى ھىسار چىرىكىگە كىشى چاپتۇرۇپ ياركەند[گە] يۈردىلەر. جان مۇھەممەد مىرزاخانغە ئەيتتىلەر: «چىرىكنى يىغىپ، يۈرسەك» دېب. ئەبدۇلكەرىمخان ئەيتتىلەركى: «سوفى ئەلەيھىررەھمە تىز بارالى دەيدۇرلەر، ئالدىمىزدا بارادۇرلار» دېب. قوش كۆنبەز [گە] كەلدىلەر. چۇچۇك خانىم، خاجە ئەب-دۇللاھ ۋەزىر، مىرزا مۇھەممەد يەتتۈب باشلىغ بەگلەر ئەبدۇل-كەرىمخانغە كىشى ئىبەرىپ، قوش كۆنبەزدىن سوفى سۇلتان-كەلى بۇيرۇب. ياركەند [گە] يۈردىلەر. ئەبدۇلكەرىمخان ياركەند[گە] كەلدىلەر. چۇچۇك خانىم، خاجە ئەبدۇللاھ ۋەزىر، جان مۇھەممەد، مىرزا قىرىز، مىرزا مۇھەممەد يەتتۈب، مىرزا ساتقىن باشلىق جەمئى ئۇمەرا قۇرۇلتاي قىلىپ، ئەبدۇلكەرىمخانغا خان[لىق] كۆتەردىلەر. ئۇمەرا، ۋۇزەرا ئىنئام قىلدىلار. شۇئەرالەر قەسىدە ئوتكەردى. ئاخۇند موللا زەيدى مەلىكۇششۇئەرا ئىدى خان بەردى، كۆڭلى قالدىلار.

ئەبدۇلكەرىمخان نۇرمەرقەدەھ بەسى ئادىل ئىدى. ھەر ھەفتەدە داد خۋاھ سورار ئىدىلەر. ئازىنە. دۈشەنبە قازى ۋە مۇفتى [نى] بىر يانلارىدا، ھاكىم ۋەزىرنى بىر يانلارىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دادخاھ سورار ئىدىلار. داد-خاھ شەرئى بولسە قازى ۋە مۇفتىغە سالۇر ئىدىلار دادخاھ ئەگەر تورەلىك بولسە خاجە باشلىق ئۇمەرا فەيسەل بېرۇر ئىدىلار، خان سامىئ بولۇپ ئولتۇرۇر ئىدىلار، سەرەۋي مۇكابەرە بولماس ئىدى. يەنە كۆنلەردە خاجە ئۇبەيد-

دۇللا نۇرمەرقەدەھ دادخاھغە ئەيسەل بىرۇر ئىدىلار. خاجە ئۇبەيدۇللا ۋەزىر ئادىل ۋە قازىل، ئالىم بەلكى ئەھلى باتىن. ئەبدۇلكەرىمخان پادىشاھ ئابىد ۋە زاھىد ۋە ئادىل ۋە مەردانە ئىدى. ھەزرەتى سەييىدىل مۇرسەلىن ۋە خاتەمەن نەبىييىن سەل-لەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەخىر قىلىۇر ئىدىلار: «مەن پادىشاھ ئادىلنىڭ زەمانەسىدە ۋۇجۇدغە كەلدىم» دىب. ئەنا ۋەلەدەت نى زەمىن مۇلكۇل ئادىل نۇشىرۋان دىندا بىگانە ئىدى. ئەمما ئەدل ۋە ئىنسافدا يىگانە ئىدى. ھەزرەتىم پەخىر قىلدىلار. پەيغەمبەر-لەردىن قالسە ئۇچ كىشىنىڭ مەرتەبەسى بەرابەر: ئەۋۋەل قىلىن-ى غەۋس ھەم ئاتاپدۇرلار؛ ئىككىنچى شەھىد ئەئلا خالىسەن لىللا شەھىد بولغاي؛ ئۈچىنچى پادىشاھى ئادىل. ئەگەر پادى-شاھلار بىغەرەز ئەدل قىلسا دەرجەئى قۇتبىغە يىتىبدۇر. خوش دەۋلەتى دۇركى، كىشى تائەت - ئىبادەت قىلماي دەرجەئى ئۇ-لايەتكە يەتكەي. پادىشاھلار غەفلەت بىلە بۇ دەۋلەتنى قولدىن بەرگەي.

ئەبدۇلكەرىمخان سەككىز ئىنىسى بىلە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئۆلكە ئەمۋالىنى ۋە ئەرىقلەرىنى قازى ۋە مۇفتىنى ئولتۇرغۇزۇپ، قىسمەت قىلىپ ئالدى. مەملىكەتلەرنى ھەم قىسمەت قىلىپ بەردى.

ئەلقىسسە، ئەبدۇلكەرىمخان تەختكە ئولتۇرۇپ سوزقى كۈنى كاشغەردىن سوفى سۇلتان كەلدى. خان سۇلتان، خاجە ئۇبەيدۇللا ۋەزىر، جان مۇھەممەد مىرزا، مىرزا مۇھەممەد يەئقۇب، دوغلات مىرزا ئىمروز. بارلاس مىرزا نەۋرۇز، مىرزا ساتقىن ئەشىك، چۇ-چۇك خانىم بىر يەردە جەمئ بولدىلار. ئەبدۇلكەرىمخان ئەيتتى-لەر سوفى سۇلتانغە: «ئەي جان بىرادەر، ئاتامىز ئالەمدىن ئوت-تىلەر، يۇرت بىزگە قالدى. بۈگۈن ئۈچكۈن بولدى، خان بولدۇم،


AltunOq

ئەگەر سىز رازى بولساڭىز سىز كاشقەر، ياكى ھىسارغە بېرىڭ.
ئەگەر رازى بولماساڭىز، مەن كاشقەر، ياكى ھىسارغە بولاي، بىز
ئىخالىق بولمالى، يۇرت قولىمىزدىن چىقماسۇن» دېيىپ. چۇچۇك
خانىم ئەيتتىلەركى: «مانداق دېگەن نىمە سوز. يارچەناك ئاتاسى
سىز تۇرۇپ كىم بولۇر». سوفى سۇلتان ھەم تۇرۇپ ئەيتتىكى:
«بىز سىز تۇرۇپ ئۇچۇك خان بولۇرمىز» دېيىب، يىغلاپ ئاغىسى-
نىڭ ئاياغىغە يىقىلدى. خان ھەم باشىنى كوتەرىپ، يانداشىپ
ئولتۇرۇپ، كاشقەرنى سوفى سۇلتانغە سويۇرغال قىلىپ بېرىپ،
رۇخسەت بېرىپ كاشقەرغە ئىبەردىلەر. ئەھمەد بارلاس ۋە مەھمۇد
بارلاس كورۇنۇشكە كەلمەي، ھويلىسىدا بىركىدى. جان مۇھەممەد
مىرزا بارىپ، يارلىغ يەتكۇردى، ئولكى: «خان نەۋكەرى بار،
مۇندا كەلسۇن، مىرزالاركى بار، مەككەگە بارسۇن، ئاتام مەھمۇد،
ئۇزۇم ئەھمەد، سوزۇم بۇ، دېگەي، بۇلار مۇنداغ مۇخالىفەت
قىلغاي» دېيىب. جان مۇھەممەد مىرزا يارلىغ يەتكۇرۇپ ياندى،
خان نەۋكەرىدىن ئۇچمىڭ كىشى بارلاسلار بىلە بېرىكىپ ئىدى،
ئورداغە كەلدىلەر. مەھمۇد مىرزا، ئەھمەد بەگ مەككە يولىغە كىرى-
دىلار. سوفى سۇلتان يانىپ كاشقەر[گە] باردى. مىرزا زىيرەك
قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇغە ئەداۋەت زاھىر قىلدى. مىرزا قاشىغە
بارۇر بولدى. نازىر مىرزا ئوردا بېگى ئەرز يەتكۇردى: «يارمالى،
ئەگەر يارساق سىدقى ئىخلاس بىلە بارىپ، نىيازمەندلىك قىلىپ
يانالى» دېيىب. بەشكەرەمگە يەتتىلەر. كىرىز، ياتى مۇز مەھەل ئىدى.
مىرزا زىرەك ئەلەيھىمۇررەھمە ۋەلەغەمرەنى كولگە سالىپ، چورە-
سىدە خادا ئالىپ تۇردىلار. ئول بۇزرۇكۋار بەسى سەبىر قىل-
دىلار، ھەر يەرگە باردىلار، ئىتىپ سۇغە سالدىلار. بۇ ئىش بەسى
تەكرار تاپتى. مىرزا ئەسرۇللا تۇربەت سۇلتاننى تۇشلاپ كەلدى-

لەر. سۇلتان ئىنىسى سۇغە سالغانى كەلدى. مىرزا ئەيتتىلەر: «با-
تىنىڭغۇ كور، ئەمدى كوزۇڭ ھەم كور بولغاي» دېب. نازىر
مىرزا يىغلاپ. دەستارىنى تاشلاپ يىقىلدى. خۇشامەتكويلار ئەيت-
تىلەركى: «خۇدايىدادى دىن نېمە بولۇر» دېب ياندىلار. شام پا-
دىشاھىنىڭ ئالدىدا قىسىق ئاتقۇنچە سۇلتان: «كوزۇمگە قۇم
كىردى» دېدىلار. شول ئاغرىغانچە ئاغرىب، كورمەس بولدى.
شۇنداغ پادىشاھزادە ئىدى. خۇشخۇي ۋە خۇشرۇي مەردانە ئا-
تەشلىق. ھەر كىشى بىر كورسە ئەلبەتتە ئاشىق بولۇر ئىدى.
كۇچلارى ئوردا بېگىمىنىڭ قىزلارى سەلىمە خانىم ئىككى خاندە
ئالتۇن ئالىپ ياردىلار: «نىياز» دېب. بىر ئىت تۇرۇپ ئىدى.
ئىتقە بۇيۇردى، ئىتقە سالدىلار، ئىت بىر يىلادادى. ئارى كەت-
تى. مىرزا يىغلاپ ئەيتتىلەركىم: «ئىت قەبۇل قىلمايدۇر، ئانى
مەن نېمە قىلاي» دېب، بېشىم بىلە خانىم يىغلاشتىلار. مىرزا
زىرەك ئەيتتىلەركى: «ئاتقان ئوقى يانماس، سۇلتاننىڭ ئىتقە
زاۋال بولماسۇن» دېب، يەنە بىر يىلدىن كېيىن سۇلتان سۇ-
دىن ۋەفات بولدى. ئوردى. كاشغەر يەكى ھىسارنى مۇھەممەدخان
ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇغە ئىنايەت قىلدىلار. ئەبدۇلكەرىمخاننى
ھەزرەتى مەككە ۋە مەدىنەدە ھەر كۇنى سەلامەتلى ئاددىل دېب فاتىھە
ئوقۇر ئىكەنلەر. ئەبدۇلكەرىمخان ئوتتۇز تورت يىل خانلىق قىلدىلار.
ئاتمىش ئۈچ يىل ئومۇر كوردىلەر. بۇ سۇننەتنى تىلەپ تاپتىلەر.

## كىزىنتار جۇلۇسى مۇھەممەدخان ئىبنى ئەبدۇررەشىدخان

بارىب ئىدى، ئەبدۇلكەرىمخان شۇنتار بولغاندا مۇھەممەد
خان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى خوتەندىن سوفى سۇل-

ئاتنى كورگەلى كاشقەرگە بارىپ ئىدىلار. ۋىلايەتتىن غۇلجىلىق
ئەرس ۋەلئىستىھقاق ھەزرەتى مۇھەممەد ئىسھاق قۇددۇسۇللاھ رو-
ھە كېلىپ ئىدىلەر، مۇھەممەد سۇلتان مۇلازىمەتلەرىگە كەلدىلەر.
ھەزرەت خاجە سوردىلار: «سۇلتانىم، ئاتىڭىز نىمە؟» دىدى. خان
«ئاتىم مۇھەممەد» دىپ جەۋاب بەردىلەر. ھەزرەت ئەزىز ئېيتتىلەر-
كىم: «مەن تەفەككۇردا ئىدىم، سىزنىڭ بۇ تەرەفكە كەلمەكىڭىزگە
بائىس ۋە سىر نىمە ئىكىن دىپ، ئەمدى جازىم بولدۇمكى، بۇ
ئاتىڭىز ۋە بۇ سۇلتانىڭىز ھەرۋە مۇھەممەدىتى ئالىپ
كېلىپ ئىكەن، ئەي بابا مۇھەممەد بىكار بولغۇدەك ئە-
مەس، ئەلبەتتە كوشىش قىلماق كېرەك، بىرەۋالىق قىلغۇلۇق
ئەمەس» دىدى. مۇھەممەدخان ۋەتەنلەرىگە كېلىپ، خىيالىدا
ياتىپ ئەيدىلەر: «ئىنابەت قىلماسام، مۇنداغ ئەزىز غەنىمەتكە
ئەگەر قول بەرسەم، مەن كىچىك، ئەمدە سىزدىن چىقارمەنمۇ يا
يوق؟» دىدى. ھەزرەتى ئەزىزلەرغە مەئلۇم بولدى. بۇ
سىرنى بىر سوفىدىن بۇ بېيتنى يىتىپ ئىبەردىلەر:

### بېيت

«ئەز زەئى دىلۇ زەردى رۇخسارە مىيەندىش،
دەر ئىشق قەدەم نەكەھ زى مەئشۇقى مەدەد ھاست». ①

مۇھەممەدخانغە بۇ رۇقئە يېتىشى بىلە باشلارىنى ئاياق قىلىپ بارىپ، ھەزرەتى ئەزىزلەرغە ئىنابەت قىلدىلەر. ئاخىر ئەئزەم خەلەفائى ھەزرەتى ئەزىزلەردىن بولدىلار.

① دىلنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن چىرايىڭنىڭ سېرىقلىقىدىن ئەندىشە قىلما، ئىشقتا قەدەم قويغىنىڭكى، مەشۇقتىن مەدەت بار.

مۇھەممەدخان ئاقسۇدا سۇلتان ئىدى، خەبەر بولدىكى: «كۇچادا شاھخاننىڭ قىزى خوب نىگار خانىم تورەدىن - تورەگە سەيىر قىلىپ يۈرۈيدۇر. شاھخان يۈز كىشى قوشۇپىدۇر، ئول نىمە قىلۇر. شاھخان چىرىك [كە] بارىپدۇر» دىيىپ. مۇھەممەدخان ئاقسۇدىن ئۈچمىڭ چىرىكى بىلە كۇچارغە باردى. خانىم بىر تورەدە ئىدى. مۇھەممەدخان قابادىلار. ئول يۈز كىشى ھەمراھ خانىم ئىدىلار. خانىمنى ئاتلاندۇرۇپ چىقىپ تەگىدىلەر. ئاقسۇ چىرىكى كۇچە قىلىپ بەردى، خانىم كۇچار شەھرىگە باردىلار. شاھخان چىرىكدىن ياقى كېلىپ ئولتۇرۇپ ئىدى، مۇھەممەد سۇلتان شاھخاننى چىرىكدا دىيىپ كېلىپ تېگدى، شاھخاننى ئىشتىپ تېزۇ تۆند ياندىلار. شاھخانغە ئول يۈز كىشى ئەيتتىلەركى: «مۇھەممەد سۇلتان بىزنى قابادى، خانىمنى ئالادۇرمەن دىيىپ، بىز چىقىپ تىگىپ، يول ئاچىپ كەلدۇك» دىيىپ. شاھخان بەسى دەغەزەپ بولدى. ئەيتتىكى: «مېنىڭ قىزىمنى ئولجالاپ ئالادۇرمۇ. ئول ياخشى بولسە ئاكا بەرمەي كىمگە بېرۇرمەن» دىيىپ. شول ساعەت چىرىك يىغىپ، ئەرتەسى ئاقسۇ ئۈزەسىگە چىرىك كەلدى. مۇھەممەدخان ھىسارغە بىركىتدى. شاھخان كېچە ھىسارنى تىشىپ ئالىپ، ئاقسۇ خەلقىنە ئىزا - ئاھانەت قىلدى. ئاندىن مۇھەممەدخاننى ھەمراھ ئالىپ بارىپ، چالىشى ئارالغە كەتۈرۈپ قويدى. خانى شەھىد شول ئارالدا ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ئەبدۇررەشىدخان ئەلچى ئىبەرىپ شاھخاننىڭ قىزى خوب نىگارخانىمنى ئالدىلار. مۇھەممەد باقى سۇلتان ۋۇجۇدغە كەلدى. مۇھەممەدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ تەختى مۇغۇلىيەغە قەرار تاپتىلار. ئەرسە، ئەبۇ سەئىد سۇلتاننى كاشقەرغە خان قىلدىلار، خزانەنى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتان ئىبنى ئەبدۇلكەرىمخانغە

ئىنايەت قىلدىلار، ئاقسۇنى شەھ شۇجائىددىن ئەھمەدخانغا فەرزەنت مۇھەممەدخان سۇيۇرغال قىلدىلار.

مۇھەممەدخان تەختكە ئولتۇرۇپ ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئىدى، ۋىلايەتدىن ئەبدۇللاخان ئۆزبېك يۈزمىڭ چېرىك ئېبەردى، خوجەمقۇلى قوشبېگىنى باش قىلىپ. مۇھەممەدخان ئەبۇ سەئىد سۇلتاننى كاشقەرغە خان قىلىپ، تەكرى بەردى بارلاسنى ھاكىم قىلىپ ئىبەرۈردە ئەيتىپ ئىدىلار: «قىزىلنىڭ ئول تەرەفى سىزگە» دىب. مۇھەممەدخان بىر كىشىگە مەنسەب بىرىپ ئىبەردىلەر، ئانى بەردىلەر. يەنە بىر كىشىگە مەنسەپ بىرىپ ئىبەردىلەر، ئانى بەرمەدىلەر. خان دەستەك بىرىپ ئىبەردىلەر. دەستەكنى ئەبۇ سەئىد سۇلتانغە تۇتتى. سۇلتان ئېيتتى: «بەككە تۇت» دىب، ئول كىشى تەكرى بەردى مىرزاغە تۇتتى. تەكرى بەردى مىرزا ئەيتتى: «شۇكىقار ئارقەغە يانماس، پادشاھلار يارلىغىدىن يانماس» دىب. تەكرى بەردى مىرزا دەستەكنى تىزىغە باستى، ئول كىشى كېلىپ مۇھەممەدخانغە ئەرز يەتكۈردىكى: «تەكرى بەردى مىرزا دەستەكنى تىزىغا باستى» دىب. خان غەزەب بىلە ئاتلاندىلار. خان كېلىپ قارا قىرغە تۈشتىلەر. سۇلتان كېلىپ، كۆرۈنۈش قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىدىلار. ئۆزبېك ئەندىجان [دىن] كەلدى، بىسيار لەشكەر بىلە دىب. خان خوتەنگە ژە ياركەنگە جارچى ئىبەردىلەر، جەمئ چېرىككە شاھ ھەيدەر سۇلتان خوتەن چېرىكى بىلە كەلدى. يەنە خەبەر كەلدى: «خوجەمقۇلى قوشبېگى باشلىق ئۆزبېك چېرىكى ئۇقبەلى شارتىدىن ئاشىپ يېتادۇر» دىب. كېكەتتى - مەسلەھەت ياقاغە چىقمادى. تەكرى بەردى مىرزا گىمنە تەزر ئىتتى. خان ① تەكرى بەردى مىرزانىڭ تەئدىبى ئۈچۈن

① تولىيازمىدا «جارە» دەپ يېزىلغان.

بارىپ ئىدىلار. بۇ مىرزا تەكرى بەردى كېڭەش - مەسلەھەتكە بەسى ماھىر ۋە قادىر ئىدى. خان ئەيتتىلەركىم مىرزا شەرىف ھەسەن بەككە: «ئۇل نابكارنى ئالىپ كەل» دىبى. تەكرى بەردى مىرزا مۇھەممەدى بەكنىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى، مىرزا شەرىف ھەسەن بەكنىڭ ئەمەكىسى ئىدى. ئەمما ھەر كۈنى ئالتە پىيالە ئەراق ئىچمەي يۇرۇپ بولماس ئىدى. خان شەرىف ھەسەن بەككە يەنە ئەيتتىلەركىم: «ئۇل مۇھەممەلاتنى ئىچۈرۈپ ئالىپ كەلگىل» دىبى. شەرىف ھەسەن بەك تەكرى بەر-دى مىرزاغە ئىككى پىيالە ئەراق ئىچۈرۈپ ئالىپ كەلدى. خان سۇلتانغە ئەيتتىلەركىم، تەكرى بەردى مىرزاغە باقىپ ئەيتتىلەركى: «ئەي بەك ئاتا، ئۆزبەك شارتىدىن ئاشىپ ياتادۇر، دىبى خەبەر كەلدى، كېڭەش نىمە» دىبى سوردى. تەكرى بەردى مىرزا ئەيتتى-كى: «ۋەلى نىئمەتلەرنىڭ سوزىنى ئەۋۋەل ئىشتسەم، ئاندىن مەن سوزلەسەم» دىبى. مىرزا شاھ ئەيتىپ ئىدىلار: «ئاللاھكۇدا بىر يەر بار — جەۋرەلىك دەپ، چورەسى ساس، شۇندا بىر كېلى» دىبى. مىرزا تەكرى بەردى ئەيتتىكى: «قەلئەنى ئاڭا قويۇپ، ساقە بىركىمەك سوز ئەمەس. كۆچنى خوب يىغىپ، خان تو-مۇرچىگە چىقىپ تۈشسۈنلەر؛ سۇلتانىم كۈنچىلەرگە تۈشسۈنلەر. زور كەلسە شەھەرگە كىرالى، بولماسا مۇندا ياتىپ جەڭ قىلا-لى» دىبى.

خان سۇلتان ئەيتقان يەرلەرگە تۈشتىلەر، خەبەرگە كىشى چاپتۇردىلار: «ئۆزبەك سارىغ يازى كەلدى» دىبى. ئۈچكۈندىن كېيىن: «ئۆزبەك چېرىكى مىڭ يولدىن ئۆتتى» دىبى خەبەر كەلدى.

ئەلقىسسە، ئۆزبەك چېرىكى بىلە خان سۇلتان ئۈچكۈن

مۇتابىلە بولۇپ ياتتىلار. تورتىنچى كۈنى ئۆلچەملىك ئۇزبېك قو-
لىغە قىلىچ ئالىپ، تۆمەننى ياقالاپ، شەھەرنى تالاشىپ ئات
سالدىلار. ئەبدۇررەھىمخان، مۇھەممەد ۋەلى بەگ، ھەيدەر بەگ
باشلىق مىڭ سەككىز يۈز كىشى نەيزە ۋە قىلىچ ئالىپ، شەھەر-
نى تالاشىپ جەڭگى سەخت بولدى. خان سۇلتان ھەم شەھەرگە
يۈردىلەر. دەرۋازەنىڭ ئالدىدا گەشتە ۋە پۇشتە بولدى. ئەبدۇر-
رەھىمخاننىڭ بەسى كۆچلارى كىردى ۋە ھەيدەر بەگ شول كۈ-
نى نامدار بولدى. شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتان كىچىك مىرزا
شاھ سۇلتان قاشىدا بولسۇن دىب قوشۇپ ئىدىلار. ئۇزبېك شە-
ھەر تالاشىپ ئات سالىپ، خان سۇلتان شەھەرگە كاشانەرگە
كىردىلار. مىرزا شاھ ئەمىرۇل ئۇمەرائى مۇھەممەدخان ھاكىم بىر-
كەند شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتان بىلە خوتەنگە يۈردىلار
نە كاشتەرگە كىردىلار. نە ياركەندە تۇردىلار. مۇھەممەد خان
بىلە ئەبۇ سەئىد سۇلتان شەھەرگە كىرىپ بىر قوندىلار. خوجە-
مەتۇل قوشبېگى ئۇزبەك چېرىكىنى ئالىپ تۆبەنكى يول بىلە
ياركەند [گە] يۈردى. خان سۇلتان يوقارقى يول بىلە يۈردىلار،
ئۇزبېك تۈش بىلە ياركەندگە كېلىپ، كىشى كىرگۈزدى — دەرۋا-
زەنى ئاچسۇنلار، دىب. شەھەردە قازى مىرزا خوجە شەيخ ئەند
تەمۇرى زىياۋىددىن دىۋان تەرەپنى قوبۇپ بارىپ ئىدىلار. قازى
مىرزا بىلە زىياۋىددىن دىۋان ئېتىپ چىقاردىلار: «تاللا ئەگەر
كۈنى نەمار جۇمئەدىن كېيىن دەرۋازەنى ئاچىپ، كورۇنۇشكە
چىقىمىز، دىب، ئاش پۇشۇرۇپ چىقاردۇرلار. تۈن ياريمىدا
خان بىلە سۇلتان كەلدىلەر، نەققارە ۋە كۈس، كەرناي. جەڭ-
گى چىقىپ چالدىلار. ئۇزبېك سوردى، جەۋاب بەردىلەر: «خان
كېچە كەلدىلەر» دىب. خوجەمتۇلى قوشبېگى باۋەر قىلمادى

ئىچىدە [سى]: سەن ئاراستە بولدى، ئۆزبېك ئېيتتى: «كىم مە-
داندا سەن ئاراستە قىلدى؟» دېب، كاشقەردە جەڭ قىلغان
خەلق جەڭ قىلدىلار. سۇلتان قۇلى بەھادۇر قاراقاشتا
ئات مىنىپ جەڭ قىلىپ ئىدى، شۇنى تانىدى. مىرزا...
بىر ئوز بېكنى ئاتتى، ئۇجمەگە دالدا بولدى، ئۇجمەگە تېگىپ
كۆندەلەڭ تۇتتى. مىرزا خىسرەۋ قالۇچى دۇبۇلغەلىق كىشىنى ئات-
تى. بۇ دۇبۇلغەنىڭ ئىككى قاتىدىن توغرا تۇتتى باشى بىلە. خو-
جەمقۇلى قوشبېگى دۇبۇلغەنى باش بىلە كېسىپ ئالدۇردى. ئۇج-
مەنى ئەررە بىلە كېسىپ ئالدى. ئوزبېك ھەزىمەت تاپىپ
ياندى.

خاننىڭ ۋە سۇلتاننىڭ دىلاۋەرلەرى ئوزبېكنىڭ ئارقەسىدىن
سايرىغ يازىغچە بارىپ، ئوزبەكنى ئالدىلار. شاھ قەلماقنىڭ قو-
لىدا شەھىد بولدى. جالىش تۇرپان بىلان قالدى. خۇدابەندە-
خان قەرىش سۇلتاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدخاننىڭ ئاغاسى خانىمغە
داماد ئىدى. مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ قىزلارى
خەدىچەخانىمدىن ۋۇجۇدغە كەلگەن. خاندىن قاچىپ بارىپ جا-
لىش تۇرپانغە خان بولدى. خانغە مۇخالەفەت قىلدى. خان تۇر-
پانغە چېرىك ئالىپ باردىلار. جالىشتە باردىلار. خۇدابەندەخان
قاچىپ تۇرپانغە كەتتى. جالىش خەلقى كورۇنۇشكە چىقتىلار.
خان مىرزا مۇھەممەد سالىھ جوراسىنى ھاكىم قىلىپ، تۇرپانغە
ئۆتتىلار. تۇرپانىنى مۇھاسىرە قىلدىلار. مۇھاسىرە قىرق كۆندىن
زىيادە بولۇپ، تۇرپان ئەتە بولغۇدەك بولۇپ ئىدى «جالىشلىق
مۇھەممەد سالىھ بەگنى ئولتۇرۇپ، ياغى بولدى» دېب خەبەر
كەلدى. خان تۇرپاندىن غەزەب بىلە جالىش [قە] يۈردىلەر. جا-
لىشلىق رىشبە تۇتۇپ بېرگەندى. ئۇمەرائى جوراس خانىمغە ئەرز

قىلدىلار: «ئاغامىزنى ئۆلتۈردىسەر، شىبەسىنە ئالىپ سالىۋېرەي»
دېب. خان يەنە ھەم كىشى يۇبىرۇدى. ئۇمەرائى جۇراس ۋىجاق
مىرزا سىتكى، مىرزا ھەيدەر بەگ، مىرزا ھاشىمبەك بەش كىشى
باش بولۇپ، مىرزا ماتى ئىنى باشلاپ ئالىپ سالدى. ئىككى كې-
شى ئۆلدى، شىبەسىنى بۇزۇپ ئالدىلار. جالىشنىڭ چوڭلارىنى قۇد-
غە كۆمۈپ ئاتدۇرۋاتدىلار، غىنچىلاتمايى ئۇتتىلار. خان يارىكەند
[گە] كەلدىلار. سوڭقى يىلى ئەبدۇررەھىمخان بىلە مىرزا شاھنى
ئىبەردىلەر. مىرزا ئەبدۇررەھىم خاننى جالىش، تۇرپانغە خان
قىلىپ، خۇدابەندەخاننى ئالىپ يارىكەند [گە] كەلدىلار. مىرزا ئۇز-
بېكدىن قاچىپ بەش ئايدىن سوڭ كېلىپ ئىدى، بۇ خىزمەتنى
شاھنىڭ شول قاچقانغە تەدارىك بولدى. خۇدابەندەخان بولىدا
رەنجۇر بولۇپ كەلەچە ۋەفات بولدى. تۇرپانغە ئۇن ئىككى يىل
خان بولۇپ ئىدى. ئالتۇندا ئاتا ـ باباسىنىڭ ئاياغىدا مەدفۇن
قىلدىلار.

مۇھەممەدخان دەرۋىشلىك بىلە پادىشاھلىقنى جەم كەلتۈر-
دىلەر. ھەزرەتى ئەزىزلەر سوردىلاركى: «مۇھەممەدخان نىمە
ئىشغە مەشغۇل؟» دېب. ئەيتتىلەر: «يا بۇزرۇكۋار، خان ھەمىشە
روزە ۋە تەسبىھۇ تىلاۋەتى قۇرئانغە مەشغۇل» دېب. ھەزرەتى
ئەزىزلەر ئەيتتىلاركىم: «خان بىر ئەدلىنىڭ سەۋابىنى ماڭا بەر-
سۇن، مەن ئاتمىش يىل قىلغان ئىبادەتىمنىڭ سەۋابىنى خانغە
بىرەي» دېب ئىردىلەر. خان ئاندىن كېيىن داد ئەدلىغە مەشغۇل
بولدىلار.

شۇنتۇر خەلقە ئەلەيھىررەھمە خەت ئىرشادنى مۇھەممەد
خاننىڭ كەلتۈردىلەر، ھەر كىشى ئىرشادنى يەتكۈرسە ئالسۇن.
خان بىر كۈن ئەيتتىلەركى: «مېنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى ئىككە-

گە بارساڭ» دېدى. جالۇشدا ھاجى مۇراد دېدى بىر مولـلا كىشى بار ئىدى. ئول مەككەگە باردى. ھـاجى مۇراد ئەلەيسىررەھـمە خان ئۆچۈن مەككە تەۋاف قىلىپ ياندىلار، «قوتبىمىنى تاپسام» دېب تەۋەججۇھ قىلدىلار. ھاتىفدىن: «قۇتب مۇھەممەدخان» دېب ئاۋاز كەلدى. ھاجى مۇراد قەددەسە سىررەھۇ تۈندۇ تىز كەلدىلەر. ئاڭلە ئايدا قارغالىقتە كىشى كەلدى: «خان بۇ كۈن شۇڭـقار بولدى، نەمازغە ئەلنى خەبەرغە كەلدىم» دېب. ھاتىف ئاـۋاز قىلماسدىن ئىلگەرى قانچە قۇتب ئىدىلەركىن، ھاتىف خەبەر بەرگەندىن كېيىن ئاللە ئاي قۇتب ئىكەنلەر.

مۇھەممەدخان ئەتتەرەللاھۇ مەشھەدەھۇ يەتمىش ئىككى يىل ئۆمۈر كوردىلەر. ئون سەككىز يىل خان بولدىلار. ئالتۇندا مەدفۇن بولدىلار. ئەبۇ سەئىد سۇلتان كاشقەردە ۋەفات بولدى. ئورنىدە خان ئوغلانلارى شۇجائىددىن ئەھمەدخاننى نەسب قىلدىلار. ھەزرەتى مۇھەممەدخان تارىختە مىڭ ئون سەككىز ئىدى. ئالەم ئاشىدىن ئالەمى باقىيغە سەفەر قىلدىلار.

## زەنگەرى جۇۋازى شاھ شۇجائىددىن

### ئەھمەدخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەدخان قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ شەمائىدە تەرىنىڭ زىكرى

شاھ شۇجائىددىن ئەھمەدخان پەرزەند دىلبەند مۇھەممەدخان قەددەسە سىررەھۇ مۇھەممەدخاننىڭ يەنە ئوغلانلارى يوق ئىدى ئەبدۇللەتىق سۇلتان شەھىد بولدى. ھەرەملەرى مىرزا مۇھەممەد قولى بەگچەكىنىڭ قىزى، مىرزا كۆچەك بەگنىڭ ھەمشـ

رەسى — مەھرى نۇش بېگىم سۇلتاندىن ئىككى قىز تۇغىدى: بىرى ھاجىخانىم، يەنە بىرى ھۇببەخانىم. ئەبدۇللەتىف سۇلتاندىن كېيىن، ھەرەملەرى مەھرى نۇش بېگىمنى مۇھەممەدخان نىكاھلارىغە ئالىپ ئۇردە قىلدىلار. خانى شەھىد بىلە خەدىچە خانىم ۋۇجۇدغە كەلدى. شەھ شۇجائىددىن ئەھمەدخان پادىشاھى ھەلىم ۋە رەھىمدىل ۋە ئادىل ۋە خۇش مۇھاۋەرە ۋە شۇجائ، نەرم كوڭۇل ئىدى. خانى شەھىد شوھرەت تاپتىلار، ئىككى ئوغلى بار ئىدى: ئەۋۋەل، زىياۋىددىن ئەھمەد سۇلتان. تومۇر سۇلتان مەشھۇر بولدى. زىياۋىددىن ئەھمەد سۇلتان، ئەل - مەشھۇر تومۇر سۇلتان خانزا سۇلتان خانىمدىن مۇتەۋەللىد بولدى؛ ئىككىنچى ئەبدۇللەتىفخان ئەلمۇشتەھىر ئاپاقخان. تەرسۇنخان فاتاغانىنىڭ ھەمشىرەسى ئىدى، قازاق خانىم دەر ئەردىلەر، ئاندىن ۋۇجۇدغە كەلدى. خانى شەھىد تەختىخانىغە قەرار تاپتى، ھەيدەر بەگنى باش قىلىپ. شاھ ھەيدەر - سۇلتان ئىبنى ئەبدۇلكەرىمخان خان ئىدى. ھەيدەر بەگ باشلىق چىرىك ئىبەرىپ سۇلتاننى ئالىپ كېلىپ ۋىلايەتكە رۇخسەت بەردىلەر. ماۋەرائۇننەھرگە بۇخارا ۋە سەمەرقەند ۋە بەلخكە ئىمامقۇلىخان خان ئىدى. شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتانغە خوپ پەش كەلدى. سەمەرقەندنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. خانى — شەھىد ياركەند تەختىغە بەرقەرار بولدى. «ئاتامنىڭ بەگلەرى» دېب ھېچقايسىنى تەغىر بەرمەدى. ئۇز دەۋلەتخاھ بەگلەرىگە مىرلى مىرزا ھاشىم، مىرزا مۇھەممەد يۇسۇف ۋە مىرزا ئەبۇغۇر ۋە مىرزا مەناق، بۇ بەگلەرغە يىراقدا مەنسەب بەردىلەر. شاھلار ئەبۇكە سۇلتانىنى خانغە يامان بىلدۇرۇپ ۋىلايەتكە ئىخراج قىلدىلار. ئاقسۇغە ئىسكەندەر سۇلتان تورە ئۇلۇق مىرزا ھاشىم ئاتالىق ئىدى. ئۈچقە كىچىك مىرزا ھاشىم ھاكىم ئىدى. شاھلار ئىسكەندەر سۇلتانغە

ئەيتىپ ئىبەرىپ مۇخالىق قىلدى. شائىلار تۆمۈر سۇلتاننى ۋەسۋە-
سە قىلىپ ھەيدەربەگنى، ئەبدۇۋەلى بەگنى، ئەييۇب بەگنى
قەتل قىلدۇردى. تۆمۈر سۇلتان ھەيدەربەگنىڭ ئورنىدا، مىرزا
ئەلى مەردان بەگنىڭ ئورنىدا كاشقەر ھاكىمى قىلدى. كىشىنىڭ
قانى كىشىنى قويمايدۇر. بىر يىلدىن سوڭ تۆمۈر سۇلتان مەست
ئاتتىن يىقىلىپ رەھلەت قىلدى. كاشقەرغە ئاغاقخاننى خان قىلىپ،
مىرزا ئەبۇغۇر ساغەرىچىنى ئاتالىق قىلىپ ئىبەردىلەر. ئىككى يىل-
دىن كېيىن مىرزا مۇھەممەد ھاكىم ئىدى. كاشقەر يۇرتى تىلەپ
ئالدىلار. مىرزا ئەبۇغۇر خوتەن ھاكىمى بولدى. شاھ كوردىكى،
شاھ ھەيدەر سۇلتان ئەبۇكە سۇلتان ئاغاسى مۇھەممەد سەئىد
سۇلتانى ئىخراج قىلدىلار. ئاغاقىيان كىچىك ئىسكەندەر سۇلتان
قالدى. شائىلار سۇلتاننى ۋەسۋەسە قىلدى. سۇلتان ھەم ساددەلىك
نەلتى لادىلىك قىلىپ، مىرزا ھاشىم بەگ بىلە مىرزا شەرىفنى
ئۆلتۈرۈپ، ياغى بولدى. كىچىك مىرزا ھاشىم ئۈچىدىن ئاقسۇ[غە]
كېلىپ ئىدى، ئۈچغە يۈردى، ئۈچغە كىرەلمەي، قىرغىزغە چىقتى،
قوشقارباي دىگەن شەھىد قىلدى. مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا مۇ-
ھەممەد سەئىد ۋە مىرزا مۇزىد قاچىپ بارچۇق [قە] كەلدىلەر.
مىرزا قوربانبەگ بارچۇق ھاكىمى ئىدى، قوشۇلۇپ ياركەندنى [گە]
كەلدىلەر. خانى شەھىد مىرزا مۇناق جوراسنى باش قىلىپ لەش-
كەر يىبايان بىلە ئاقسۇغە يۈيۈردىلار. مۇناقبەگ ئاقسۇغە بارىپ
مۇھاسىرە قىلدى. ئىككى ئايدىن كېيىن خانى شەھىد ئەبۇھ چى-
رىكى بىلە ئاقسۇ [غە] باردىلار. خانى شەھىدنىڭ نەۋكەرىدەك
نەۋكەر ھىچ خاندا يوق ئىدى، دىب ئەيتۇر ئىدىلار. «مۇھەممەد-
خاننىڭ نەۋكەرى، ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ نەۋكەرى، شاھ ھەي-
دەر سۇلتاننىڭ نەۋكەرى ھەممە خانى شەھىدكە قالدى» دىب شاھ
مەنسۇر دەك بارەھا ئەيتۇر ئىدى.

ئاقسۇ ئۈچنى ئۈچ ئاي مۇھاسىرە قىلدىلار. مىرزا ئەبدۇسسەتتار كۆرەگە بېگى ئۈچلۈق روزى قۇلى بەھادۇرنىڭ باشىنى كېسىپ كەلدى. خان ھەرگىز ئادەمى كىشىنى دېسەن دېمەس ئىدىلار، ئەيتتىلەر: «ئەي مىرزا ئەبدۇسسەتتار! بۇ باشنى ئالىپ يىگىل، كىم كۆرۈپدۇر مۇسۇلمانىنىڭ باشىنى كەسكەننى. خۇسۇسەن ئاقسۇ ئۈچلۈق قەدىمى ياغى ئىدى؟» دېپ. مىرزا ئەبدۇسسەتتار بەگكە سىزىرۇ لەقەپ قالدى. خانىنىڭ بۇ سۆزلەرى ئاقسۇلۇققە يەتتى. ئەل خانغە مايىل بولۇپ ئىشى چىقاردىلار. ھەزرەت خان تۇمۇر تون كىيىنىپ كەلدىلەر. «قور-قەدۇرمىز، بىر ئىشتىمىدىلىك قۇللارىنى قويۇپ بارسالار، سۇلتانىنى تۇتۇپ بېرەلى» دېپ شاھ ھەم قولى كىردىكتە تاپشۇردىلەر. سۇلتان بىلە كىرەك ياراغ ساي ئارىق [قە] كەلدىلەر. سۇلتان ساي ئارىقدا ياتىپ ئىدى. مىرزا شاھ مۇراد قارغە سۇلتانىنىڭ بېگى ئىدى. سۇلتانىنى ھەر نىمە يامان ئىشتە سەتىپ قىلار مىرزا رىزا ھىلالى بىرلە ئاغاسى شاھمۇراد قارغە ئىدى. ئىمدى شاھمۇراد قارغە خانغە خۇشامەت قىلىپ سۇلتانىنى شەھىد قىلدى. ئىسكەندەر سۇلتان بەسى سەدىپجامال ۋە دىلاۋەر ۋە مەردانە ئىردى. ساي ئارىقدا ئەدۇن بولدى. سۇلتان ساي ئارىق [قە] كېلۇردا بۇ رۇبائىنى رەقەم قىلدى، خانغە يىبەردىلەر، دېپ.

### رۇبائى

«ئەسەب تۇ بۇراق ۋەزىن تۇ ئىمرۇزە،
مەغرۇر مەشەۋ بەدەۋلەت سىھ رۇزە،
ئىن كوھنە جەھان بىكەس نەمانەد باقى،
ئىمرۇز قەدەھ شىكەستۇ فەردا كۇزە.» ①

① ئېتىڭ ئاغماق ئىگەرىڭ چەچ تاشتىن،
بىركۈنلۈك دۆۋلەتكە مەغرۇر بولما.
بۇكونا جاھان ھېچكىمگە باقى قالمايدۇ،
بۈگۈن پىيالە سۇنسا ئەتە كوزا سۇنىدۇ.

ئاقسۇغا تومۇر سۇلتاننىڭ ئۇلۇغ ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخان ئەلمۇلەقەب، فۇلادخان تورت ياشدا ئىدى. مىرزا مۇناق بەگنى ئاتالىق قىلىپ، ئاقسۇغا ئىبەردىلەر، ئۇلۇق شاھ ھاكىم ئىدى. مۇھەممەد قاسىم شاھ سارىغتول ھاكىمى ئەبۇلمەئانى شاھ ئىشىك ئاغا ئىدى. بىر كۈن خانغا ئەيتتىكى: «مېنىڭ ئىنىلارىمنىڭ ئەۋزائى يامان، قورقادۇرمەن، يىراقدا مەنسەب بېرىپ ئىبەرسەلەر» دېب. خان ئەيتتىلەر: «سىزلەر تۇرۇپ نىمە بولغاي» دېب. شاھ يەنە ئەيتتىكىم: «بۇلارنىڭ ئاتاسىدا بۇلاردىن ئەجەب ئەمەس» دېب. خان ئەيتتىلەر: «ئەي شاھىم ئاتام ئاتىكىزلارغا تۇز بېرىب تەربىيەت قىلىپ ئىكەن، مەن سىزلەرنى تەربىيەت قىلىپ تۇز بەردىم. ماڭا يامان ساغىنسەلەر خۇداغە سالدىم» دېدىلار. ئاخۇن خاجە مۇھەممەد ئىمىن يەئسى نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ ئاتالارى ھاجى ئەبدۇللادىن: «رۇزەخان بىزنىڭ ئۆيدە قوندىلار. تەھەججۇد نەمازىغە قوپۇپ تاھارەت قىلىپ نەماز شۇكرى ۋۇزۇئ ئوتەپ مۇناجات قىلىپ دۇرلار. ھاجى ئەبدۇللا تىڭلاپدۇر، خان كىشى نىمە تىلەر ئىكەن دېب. خان ئەيتۇر ئېرمىشلەر: «خۇدايا مېنى پادشاھ قىلىپسەن، بەندەلەرىڭنىڭ خەيرىيەتى ئەگەر مەندە بولسە مېنى بەندەلەرىڭغە خان قىل، مەندىن لايىقراق كىشى بولسە، مېنى كوتەرگىل، ئانى پادىشا قىل» دېب».

خانى شەھىدنىڭ شىكارغە بىسيار مەيلىلارى بار ئىدى. ئوتۇنچىلىقنىڭ ئاياقىدا بارچۇقدا شاھ نەزەر مىراب، بەقى قابالى مىراب شۇندا قونۇپ ئىدىلار. تاشقارى بوستانىدا مىرزا لەتىف، مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا مەسئۇدى، مىرزا مۇزىد باشلىق ئىككى

يۈز كىشى ياتىپ ئىدىلار. ئۇيدە — خان قاشىدا خاجە مۇزەففەر ئارتۇچى مىراپ ئوۋفەرى ئىدى. قايىن ئىنىسى خاجە قارمىش، خاجە ئۇۋەيىس، مىراخور خۇدا بەردى باخشى، خاجە شاھرۇخ ۋە شايىستە ۋە كافۇر بار ئىدى. تۈن يارىمىدا شاھ ئەبۇلمەئانى گۇمراھ ۋە شاھمۇھەممەد قاسىم رويى سىياھ ئالتە يۈز كىشى بىلە كېلىپ قابادى. ھەر كىشى باش كوتەردى ئاغا ئوق تەگدى، ھېچكىشى تەبرالمادى. خاجە مۇزەففەر مىراب چىراغنى ئۆچۈرۈپ، كۆنجىمنە ئالىپ كىردى. شاھلار قاراڭغۇدا نەچچە كىشىنى پىچاق ئۇردى، خاجە مۇزەففەر يارالىغ بولدى. قايىن ئىنىسى خاجە قارمىش قەتل بولدى.

خان كۆردىلەركى، كوپ كىشى قەتل بولغۇدەك: «بىگۇناھ ئەلنى ئۆلتۈرمەگىلەر، غەرەز خاندا بولسە، خان دىگەن مەن» دىب كۆنجىمنەدىن ئۈيگە چىقتىلار. ئەبۇلمەئانى گۇمراھ: «پادىشاھىم، ھېچقىسىسى يوق» دىب خاننىڭ باشلارىنى قۇچاقلاپ ئۇردى. ھەسەن ۋە نەدىم ۋە يۈسۈف دىب شاھنىڭ يىگىتلەرى بار ئىدى. خان ئىمانغە مۇقىد بولدى، ھەسەن پىچاق سالدى. خان يىقىلدىلار. نەدىم ۋە يۈسۈف خاننى ئاخىر قىلدىلار.

ھەزرەت خاجەم قەددەسەسىررەھۇ ھەزرەت ئاخۇن ھاشىم مۇراد نەغەممەدە ھۇللاھۇ بىغۇفرانەھۇ، ئاخۇن خاجە نەسىر ئاخۇن، موللا سالىھ، مىرھاشىم خاجە. قازى مۇھەممەد يۈسۈف قازى نەجمىددىن شاھلار جەمئىيەتى بىلە تەمام ئۇمەرا ئالتۇنغە يىغىلىپ، خاننىڭ نەئىشلارىنى ئالىپ كەلدىلەر. ئاخۇن ھاشىم مۇراد سوردى: «قاتىل خان كىم ئىكەن؟» دىب. شاھ ئەبۇلمەئانىنى كورنەمەك جەۋاب بەردىكى: «خاننىڭ قاتىلى — مەن» دىب. كەلان خان كەيگەن نىمچەلەرى بىرلە دەفن قىلدىلار. خاننى سە-

ەمدە ئون يىل تەمام مۇغۇلىيەگە خان بولدىلار، ئەللىك يىل ئۆ-
مۈر كۆردىلەر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## گۇفتار جولۇس ئەبدۇللەتىفخان ئىبنى شەھ شۇجائىددىن ئەھمەدخان ئىبنى مۇ- ھەممەدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ

ئاباقخان كاشقەردە خان ئىدىلار. شاھان گۇمراھ خاننى شەھىد قىلدىلار. قەرش سۇلتان ئىبنى يۇنۇس سۇلتاننى خان [التقا] كۆتەرىپ، قازى مىر مۇھەممەد مىرزا سادات كاشقەردىن قارى قىسسە ۋە بەيىنىل ھەرەمەين ئىدى، كاشقەرغە ئەلچى قىلىپ ئىبەردىلەر. ئەلچىلىكنىڭ مەزمۇنى ئۇلكى: «خۇتبە ۋە سىكە بىزگە تۇتۇشسۇنلار، كاشقەرنى بەردۇك. ئۇلار ئىنى، بىز ئاغا» دىب. ئۇمەرادىن مۇھەممەد يۇسۇف مىرزا، بارلاس مىرزا، قۇربان جوراس مىرزا، ئەبدۇسسەتتار ئاق بۇراق مىرزا، شاھ مەنسۇر ئوردا بەگى مىرزا كەمال بارلاس، مىرزا جەئفەر بارلاس؛ سەيىددىن قازى كەبەك مۇھەممەد شاھ خاجە، چالمە خاجە؛ مۇغۇل بەگلەردىن ھەيدەر بەھادۇر، بابىرىن سىيرى بەگ قالۇجى خاجە پادىشاھ، قۇلى ساغەرچى، كاكىل ياساۋۇل، نەسىب ياساۋۇل، مەكەرىيەت نەلىم بەرگ ئارتۇچى، موللا ھاشىم نوقتۇزاقى، موللا يار مۇھەممەد فۇرغانى، موللا يەئقۇب بەشكەرەمى يىغىلىپ ئەيتىشلەركىم: «قەرش سۇلتان ئاغامىز، خۇتبە ۋە سىككە ئۇلاغە تەئەللۇق. بىزنىڭ ئاتامىز ئۇلارنىڭ ھەم ئاتاسى، بىزنىڭ خۇنىمىزنى بىزگە بەرسۇنلەر. ئۇلار ئاغا. بىز ئىنى» دىب قازى مىر مۇھەممەد

رىزالىقى ياندۇردىلار. نەدىر بەھادۇر، خاجە شەھيارى ئاتنى ئىنجە-
مەي ئىبا قىلدى. مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ خانغا ئەيتتىكىم:
«مۇغۇل بەگلەرىنىڭ ئوغلانلارى رۇزى شەبخانلىق بىلە
ھەممەجلىس، شۇلارغا ئاتتۇشەرت بەرمەي بولغۇدەك ئەمەس» دېب.
خان مىرزا خۇدايار، مىرزا ئەلشىر، فۇلاد خاجە، خۇدايار خاجە-
نى چىرلاپ، مەجلىس تۈزدىلەر. خان يىغلاددىلار، مىرزا خۇدا-
يار بەگ، مىرزا ئەلشىر بەگ، فۇلاد بەگ، خۇدايار بەگ يىغلاپ
سوردىلار: «ئەي پادىشاھىم، نىمە دېب پەرىشان بولادۇرلار؟».
خان ئەيتتىلەر: «مېنىڭ باشىمغا ئىش تۈشۈپدۇر. شاھلار ئاتام-
نى ئۆلتۈردى. مېنى ھەم شاھلارغا تۇتۇپ بېرۈرسىزلەر» دېب. بۇ
مىرزادەلەر ئەيتتىلەركى: «يۈز جانىمىزنى بىر تار مويىمىزغا فىدا-
دا قىلۇرمىز» دېب. خان ئەيتتىلەر: «ئاتا، ئاغالارنى قانداغ
قىلۇرسىزلەر؟» دېب. ئۇلار ئەيتتىلەر: «ئاتالارىمىز ئەگەر ئاتنى
شەرتكە ئىبا قىلسەلەر، ئەۋۋەل ئاتا - ئاغامىزنى قەتل قىلالى»
[دېب]. مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ مۇغۇل بەگلەرىنى ئاتنى شەرت-
كە ئەكىلىپ قادىلار. مىرزا خۇدايار، مىرزا ئەلشىر، فۇلاد بەگ،
خۇدايار بەگ ئەيتتىلەر: «ئەي مەرد كەلانلار، ھەركىشى خانغا
خىلاف قىلسە، ئاتامىز بولسەمۇ ئەۋۋەل ئانىڭ باشىنى كەسەمەك.
دېب ئاتنى شەرت قىلدۇق. ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلار» دېب. مۇ-
غۇل بەگلەرى ئەيتتىلەر: «ئەي ئوغلانلار، بىزلەر سىزلەرنى ئاز-
مۇدە قىلغالى مۇنداغ دېدۇك، بولماسا بىز ئاقاخانغا خىلاف قىل-
ماسمىز». كەلامۇللاھىدىن دېسە، تەلاقىدىن دېسە قەسەم قىلىپ
يەكدىل بولۇپ، ياركەند ئۆزەنگە كەلدىلەر. ئەمىر غازى ھىراۋۇل
يۈردىلەر. ئەمىرمۇھەممەد يۇسۇف غول بولدى. ئەمىر قۇربان جۇ-
زاسى، مىرزا ئەبدۇسەتتار، ئاق بۇراق، مۇزىد بەھادۇر بىر ئەن-

تار بولدى. مىرزا شاھ مەنسۇر، ئۇردا بېگى مىرزا كەمال، بارلاس شەھيارى بەگ جۇنغارغە يېقىن بولۇپ يۈردىلەر. غازىبەگ ئوترۇھەممەددىن چولگە تۇشتى. قارا ھىجاز بىلە كوك رەباتنىڭ ئاراسىدىن چىقىپ، كوك رەبات سارى كەلدى. مىرزا كەيىكاۋۇس دوغلات ئون سەككىز كىشى بىلە قاراۋۇل ئىدى. ياركەند تەرەپىدىن كەلدى. قاراۋۇل يولغە باقىپ ئولتۇرۇپ ئىدى، غازىبەگ ئون سەككىز كىشىنى قارمادى. بىر كىشى [مۇ] قاچمادى. مىرزا كەيكاۋۇش باشلىق ئونبەش كىشىنى خانغە ئىبەردى. ئۈچ كىشىنى ئوزى بىلە ئالىپ يۈردى. مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ مىلك بەشيۈز كىشى بىلە ئىلگەرى يۈرۈپ ئىدى. شاھلارنىڭ دەۋلەتخاھلارى ئەيتىبلەركى: «شەھەرگە بىركىشى جەلد قىلالى، شاھلاردا ئانىچە ئۇرۇر نەخۇت بار ئىدىكى، كاشغەر چىرىكىنى كەلگەندەم تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئىككى مىلك ئۆز جەمئىيەتلەرى بىلە ئىلگەرى يۈردى. مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ بىلە شاھلار پاپاندا دىجا بولدىلار. مۇھەممەد ئەۋەز شاھ تاھىر مىر ئاخورنى قارماپ كەلدى، توغ جايادىلار. مۇھەممەد قاسىم شاھنى مىرزا قۇربان تۇتۇپ كەلدى. مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ ئانى باغىش - باغىش كەستۈردى. مۇھەممەد قاسىم شاھ بەگنى بەسى دەشنام قىلدى. ئەيۋۇلمەئانى گۇمراھ مەئرىكەدىن ناپەيدا بولدى، ھىچكىشى بىلمەدى.

ئۆلۈك شاھ كوردىكى ئىنىلار بىر تەرەپ بولدى: «مىرزا مۇھەممەد يۇسۇف قايدا» دېپ، سايەدىن جۇدا بولۇپ چىقتى. شاھنىڭ باشىدا ئاق دەستار، مەللە تون، كوك تىرلىج ئات مىنىپ ئىكەن. بەگ بوغرۇل ئات مىنىپ. مەللە تون كىيىپ. باشىدا قالپاق رو - بەرو بولدى. شاھ بەگكە تەكلىف قىلدى. بەگ شاھقە تەكلىف قىلدى شاھنىڭ قولىدا قىلىچ، بەگنىڭ قو-

لىدا ئاپپالتۇ [يار ئىدى]. شاھ قىلىچ سالدى. بەگنىڭ ئاتىنىڭ قاشقىسىغا تەگدى، قان رەۋان بولدى. بەگ ئاپپالتۇ ھەۋالە قىلدى، شاھ سۇپەر تارتتى. شاھنىڭ دەۋلەتى يانىپ ئىدى، شاھنىڭ ئاتى مۇدۇرۇپ، سۇپەرنىڭ دامەنىسى شاھنىڭ دەستارىغا تېگىپ، باشى ئاچىلدى. بەگ پالتۇ بىلە چاپتى، شاھ يىقىلدى. شاھنىڭ خاجە جارۇب دېب بىر كىشىسى بار ئىدى، بەگگە رو - بەرو بولدى، بەگنى دەشنام قىلىپ، بەگگە ھەملە قىلدى. بەگ ئەيتتىكى: «ئەي خاجە جارۇب، سەن مۇھەممەد سەئىد سۇلتانىن كەتكەندە شاھغە بولدۇڭ، خاھلاساڭ خانغە نەۋكەر بولغىل، خاھلاساڭ ماڭا بولغىل، تۇز ھەلال قىلدىڭ» دېب. جارۇب قەبۇل قىلماي، بەگنى تىللادى [ۋە] ھەملە قىلدى. بەگ ناچار رو - بەرو بولدى. بەگنىڭ ئاتىنىڭ باشىدىن قان ئاقىپ، جارۇبنىڭ ئاتى رەمىدە بولۇپ، جارۇب سەرنىگۇن بولدى. جارۇبنى ھەم بەگ ئاخىر قىلدى. شاھلار چېرىكى بىلە زىر - زەبەر بولدى. تۇز ھەققى تۇتۇق ھەق.

ئەبدۇللەتىفخاننى ھەزرەت ئەزىزلەر، خاجەم ئاخۇندى كەلان، شۇتۇر خەلىفە باشلىق ئەكابىر، مىرزا ئەبدۇغەففار، مىرزا ئاق بۇراق، مىرزا خىسرەۋ باردىن باشلىق جەمئى ئۇمەرانى شەھەرگە تۇشۇردىلەر. قەرىش سۇلتاننى ئولتۇرۇپ، ئىنىسى سەيتۇلمۇلۇك سۇلتاننى ئىخراج قىلدىلار. ئۇمەرا نىسار قىلدىلار، شۇئەرا قەسىدە ئوتكەردىلەر. خان ئاتا ئورنىدا ئولتۇرۇپ، مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگنى ياركەند ھاكىمى ئاتالىق قىلدىلار. مىرزا غازىبەگ كاشقەر ھاكىمى بولدى. خاجە لەتىف ئەۋۋەلقىدەك ۋەزىر بولدى. مىرزا خۇسرەۋ مىراب، مىرزا قەتۇر ئۇچ بېگى بولدى. قازى مۇھەممەد يۇسۇف — قازى ئەسكەر؛ قازى نەجمىددىن — قا-

...زى مەشھۇر بولدىلار. يۇرت بەرقەرار بولدى.

ئاباقخان ئون تورت ياشىدا خان بولدىلار. خان... شەھىدنىڭ تەئرىخلەرىنى شاھ كۆشت تارىخ تاپىپدۇرلار.

ئاباقخان تەئرىختە مىلك يىگىرمە ئالتە ئىدى، يار كەند تەخ... تىغە بەرقەرار بولدىلار. ئەدىر بەھادۇر شەھىيارى بەگ، كەمال بەگ، مۇھەممەد دوست بەگ، غازى كەبەك بۇ ئۆمەرالارنى غازى... بەگكە قاتىپ رۇخسەت بەردىلەر. ئاباقخان خەزىنەنىڭ ئىشكىنى ئاچتى. خاسۇ ئامغە ئىنئام - ئېھسان قىلدىلار. مىرزا مۇباق خۇ... راس ئاقسۇ ھاكىمى ئىدى، بىر تەرەپ بولدى. مىرزا مەلىك ... سىنى ھاكىم قىلدىلار. ئاباقخان زىبا مەنزەر تىكۇسىيەھ، خۇ... خۇي، باادەب يىگىت ئىدىلەر. تەمام خەلققە سىپاھۇ رەئىيەت... تۈرك، تاجىك ۋە سەنئە ۋە شەرىق مىرزا ئەتۇر بىلە ... خىسرەۋ سەئىي قىلىپ، مىرزا ئەبۇغۇر بەگنى ئولتۇرۇپ، ... ئەتۇر خوتەن ھاكىمى بولدى.

## زىكرى لەشكەر تارتقانلارى ئەبدۇررەھىمخاننىڭ دەۋىگە

بۇ كەلامنىڭ بەيانى ئۇلكى، خاننى شاھلار شەھىد قىلدى. ئاباقخان كىچىك قالدى. ئەبدۇررەھىمخان نەۋرە مەرقەددە ئاق... سۇ ئوزەسىگە چىرىككە كەلدىلەر. مىرزا ئەبۇلھادى مەكەرىيەت ھا-كىمى كۆپپا ئىدى، خانى شەھىد ھاكىم قىلىپ ئىدىلار. بىسيار با تەدبىر ۋە كىبكەشلىك كىشى ئىدى. ھىيلە - مىكرىدە ئەسلە كەمى يوق ئىدى. سۇبھانقۇلى بەگ بايغە ھاكىم ئىدى. ئى...



AltunOq

دۇررەھمەخان ئاقسۇغە ئەۋۋەل چېرىك كەلگەندە ھىيلە بىلە
ئەبدۇللاھخاننى ئالىپ ئىدى. خان سەككىز ياشدا ئىدىلار.
مىرزا ئەبۇلھادى ئالغاندا ئەبدۇررەھمخان كۇچا [غە] كەلدىلەر.
مىرزا ئەبۇلھادى پىشكەش ۋافىر بىلە ئەلچى چىقارىپ، ئەبدۇل-
لاھخاننى ئىلتىماس قىلدى ۋە ئەيتتىكى: «خاننى بويىنۇمغە كوتە-
رىپ، كورۇنۇشكە چىقسام» دىب. خان ئۇمەرالارى بىلە مەسلەھەت
قىلدىلار. بەئزى ئۇمەرا مەئقۇل كوردى، بەئزى ئۇمەرا مەئقۇل
كورمەدى. ئەلھاسىل، ئەبدۇللاخاننى كىگۇردىلەر. مىرزا ئەبۇلھادى
ئەبدۇللاخاننى قولىغە ئالىپ، ياغى بولدى. ئەبدۇررەھمەخان
كۇچا[غە] كەلدىلەر. ئەبۇلھادى بەگ قۇنالغە چىقارىپ، ئەندەك
چېرىك قوشتى. خان بايغە كەلدىلەر. سۇبھانقۇلى بەگ بايغە
ھاكىم ئىدى، كورۇنۇشكە چىقىپ. خان بىلە ئاقسۇغە چېرىك
بولۇپ كەلدى. ئەۋۋەل ئىككى مەرتىبە چېرىك كېلىپ ئىدىلار:
بىرسى خانى شەھىد زەمانەلەرىدە ئەبدۇللاخاننى مىرزا ئەبۇل-
ھادى ئالدى؛ يەنە بىرسى — ئاپاقخان زەمانىدا ئاقسۇ مۇ-
يەسسەر بولماي، مىرزا يۇنۇس جوراس ھاكىم قاتىل ئەمىرۇل
ئۇمەرايى ئەبدۇررەھمخان نەۋۋەرە مەرقەدەھ ئىدى. يۇنۇسبەگنى
ئىبەرىپ ئىشمخاننى تاشكەنددىن تەكلىف قىلىپ، جالىشتە ئالىپ
كەلدىلەر، داماد ھەم قىلدىلار. ئەبدۇررەھمخان بىلە ئىشمخان
ئاقسۇنى ئەللىك كۇن مۇھاسىرە قىلدىلار. قۇمباش، ئارال، ئاق-
يار ھەدىمە كىردى، ئاقسۇ شەھرى كىرمەدى. ئاقسۇ بەگلەرى
مىرزا ئەلى مەردان ئوردا بېگى، مىرزا مەلىك قاسىم، بايىردىن ھا-
كىم ئاقسۇدا ئىدى. مىرزا مۇزىد جوراس ھەزرەت ئەزىزلەر خە-
لىمە قىلىپ خەلىفە بەگ مىرزا مەنسۇر يارقى، ھەبىب ئاخۇن
خان قاشىمدىن ئاقسۇغە كومەك بارغان. مىرزا قۇربانبەگ، مىر-

زا خۇدايار بەگ، قالۇچى مىرزا مەسئۇدى بەگ، مىرزا لەتىپ-
بەگ، مىرزا شەرىپبەگ جەمئى ... باشى شۇبۇ مەزكۇر بولغان
بەگلەر ئاقسۇنى بەرمەدىلەر. ئاقاقخانغە كىشى چاپتۇردىلار. خان
ھەزرەت خاجەم مىرزا مۇھەممەد يۈسۈف باشلىغ جەمئى سىپاھ ئەل-
لىك مىڭ كىشى، كاشقەردىن ئون ئىككى مىڭ كىشى ئالىپ، ئاق-
سۇغە رەۋان بولدىلار. نەسىر بەگ باشلىق قوشباش، ئارال، ئاق-
يار، بەئزى يار باشىنى ئالىپ ئىدىلار، بۇلار كىرىپ ئىدى. ھى-
سارغە چىقىپ بەگلەر شەھەرنى بەرمەدىلەر. ئىشىمخان بەگلەر
بىلە يۈز كۆرۈشۈر بولدى. مىرزا قوربانبەگ، مىرزا مەلىك قاسىم-
بەگ چىقتىلار. ئىشىمخان يىقىن كەلدى. ياساۋۇللارى بەگلەرنى
يىراقدىن: «ئاتدىن تۈشىڭ» دىدى. قۇربانبەگ قەبۇل قىلماي يا-
ۋۇق كىلىپ ئاتدىن تۈشتى. ئىشىمخانغە يامان كەلدى. خان بىلە
كۆرۈشۈپ ئاتلانۇر بولدى. ئىشىمخان فەرياد قىلدى: «قۇربان بىي
كوچەكىم بىلە كۆرۈشۈپ ئاتلانىڭ» دىيب. مىرزا قۇربان ئاتىغە
مىنىپ ئەيتتى: «نەي جەلتە. بىزلەرنى ئۇلۇغلادۇق. بىزنىڭ خان-
لارنىڭ ئۇزلۇغ تەربىيەت قىلغان ئادەمزادە بەگلەرى، قازاقنىڭ
تورەۋۇلەرى بىرلە بەرا-بەر كۈچەك سۇلتان كۆرۈشسە نەمىدى
كۆرۈشەلىسى» دىيب. كۈچەك سۇلتان كۆرۈشمەدى. ئىشىمخان
تۇرۇپ، مىرزا يۇنۇسبەگ كەلدى. ئانى مىرزا قۇربانبەگ
كۆرۈپ، يىراقدىن ئاتدىن تۈشۈپ يۈگۈردى. يۇنۇسبەگ ھەم
تۈشتى. مىرزا قۇربانىنىڭ بۇ ئىشى ئىشىمخانغە بەسى خۇش كەلدى. «ئا-
قاقخان يانى ئارىتقە چىقتى» دىيب خەبەر كەلدى. ئەبدۇررەھىم-
خان: «يانالى» دىدىلار. ئىشىمخان ئەيتتى: «بىز مۇلاقات بولۇپ
يانساق ئۈچۈك بولۇر ئىكىن.» ئەبدۇررەھىمخان ئەترۇللاھ تۇربەتە
ئەيتتىلەركىم: «ھۆسن جەمالىدا يۈسۈف سانى ئىككى مىڭ ك...

ىسى بار ئىمىش، بىر چىلىم تاماكۇسىغە جان بېرۇر ئىمىش. يار-
كەندە ۋە كاشقەر ۋە خوتەن ۋە ئاقسۇدا تۆرت - بەش مىڭ
كىشى يول ئۈچۈن جان بېرۇر ئۇلۇغ يۇرتلاردۇر. بەش - ئالتە مىڭ
ئاخشى بىر يەردە ئۇلاي دىسە. ئانىڭ بىلە تۇرۇشۇپ بولماس.
مىزىنىڭ مىڭ ئۇلار كىشىمىز يوق» ئالابۇغا تۈشتىلەر.

ئافاقخان قۇمباش [غە] تۈشتىلەر. ئەبدۇررەھىم خان بىلە
ئىشمخان جام [غە] تۈشتىلەر. ئافاقخان ئەيد مەلىك [كە] تۈشتى-
لەر. خان جام [غە] تۈشتىلەر. مىرزا ھەبىب جۇراس دەرۋازەدە
ئات سالىپ، ئەردىبەگنى تۇتۇپ، ياركەند [گە] ئىبەرىپ ئىدى.
ئافاقخان يار باشىغە تۈشتىلەر. خانلار رەبات [غە] باردىلار.
خان جام [غە] باردى. خانلار باي [غە] باردىلار. سۇبھانقۇلى
بەگ بايغە ھاكىم ئىدى. چىرىككە ھەم كىلىپ ئىدى. ئۇلكى، ئاق-
سۇ ئۈچىدىن تۈشكەن ئەسىرنى يۇنۇس بەگ بىلە سۇبھانقۇلى
بەگكە تاپشۇرۇپ ئىدىلار.

سۇبھانقۇلبەگ خانغە ئەرز قىلدىكى: «مىرزا يۇنۇسبەگ
باينىڭ قەلئەسىگە ياۋۇق تۈشسۇنلەر. مەن كوچۇپ بەگكە قوشۇ-
لاي» دىب. يۇنۇسبەگ باينىڭ قەلئەسىنىڭ تۈبىگە تۈشتى. يۇ-
نۇسبەگكە مېھماندارلىق قىلىپ، يۇنۇسبەگنى غافىل قىلىپ، كىچە
[دە] تەگدى. يۇنۇسبەگنى قاچۇرۇپ، ئۇلكى، ئاقسۇ ئۈچىدىن تۈش-
كان ئەسىرلەرنى ئاجىرىتىپ ئالدى. ئەبدۇررەھىمخان تىز ئۆزتىلەر.
سۇبھانقۇلبەگكە كۆشمال بېرىپ ئۆتكەلى بولمادى. ئافاقخان بى-
تىپ كەلدى. ئەبدۇررەھىمخان بىلە ئىشمخان چالىش [قە] ئۆتتى-
لەر. ئافاقخان بايغە كەلدىلەر. سۇبھانقۇلى بەگ، باي خەلقى
ئاقسۇ ئۈچنىڭ ئەسىرلەرنى ئالىپ چىقىپ كۆرۈنۈش قىلدى. مىر-
زا ئەبۇلھادى خاننىڭ بايغە كەلگەنلەرنى ئىشتىپ. ئەلچى سۇ-

خەندان پىشكەش ۋاقىر خانغە نىياز قىراۋان ھەزرەت ئەزىزلەر-
غە سوۋغە دىپ مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ، مىرزا قۇربانبەگ
باشلىق ئۆمەرالارغە ئەمۋال ۋاقىر ئىبارىپ ئەرز قىلدىكى: «مەن
خانى شەھىدنىڭ قۇللارى ئىدىم. خان شەھىد بولدىلار بارالمادىم،
كورۇنۇش قىلماق مەندىن لازىم ئىدى. ئەمدى خانلىقدىن قورقە-
دۇرمەن، كورۇنۇشكە چىقماسمەن. خان مىنى ئالماي يانسالار دەۋ-
لەتكە مۇناسىپ ئەمەس، ئالاي دىسەلەر ئالۇرلار، ئەمما. بىر
نەچچە كىشى ئولمەي ئالالماسلار، شۇندىن يانسالار دەۋلەتكە
مۇناسىب».

خانغە مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ ئەرزى مەقبۇل بولۇپ، كۇچا-
نى مىرزا ئەبۇلھادىغە ئىنايەت قىلىپ، ئات ۋە سەرۇپايى خوب
ئىبەرىپ، بايىدىن ياندىلار. سۇبھانقۇلى بەگنى ئالىپ يەركەندى
[گە] كەلدىلەر. بايىنى مىرزا ئەلى مەرگكە بەردىلەر. خان يارکەند
[گە] ياندىلار. ئاقسۇغە ئەلى مەردانبەگنى ھاكىم قىلىپ، مىرزا
مۇزىد خەلىفە بەگ ئۇچ ھاكىمى ئىدى. چىرىك، بەگلەر باشلىق
ئاقسۇ خەلقىغە ئىنئام ۋە ئىھسان قىلىپ، كوڭلىنى ئالىپ كەلدى.
مىرزا مۇھەممەد يۇسۇفبەگ ۋاقات بولدى. ئورنىدا غازىبەگنى يار-
كەند ھاكىمى قىلدىلار. كاشقەرگە سۇلتان مەھمۇدخاننى نەسب
قىلىپ، مىرزا قۇربان جۇراسنى ئاتالىق قىلىپ ئىبەردىلەر. مىرزا
قۇربان مەھمۇدخاننى خەتنە قىلدۇرۇپ، موللاغە بېرىپ، تەربىيەت
قىلىپ ئىدى. تورت يىل ئاتالىق كاشقەر ھاكىمى ئىدى. خاجە
شەھيار قالۇچىنى ھاكىم قىلىپ، مىرزا قۇربانبەگكە خوتەننى سۇ-
يۇرغال قىلدىلار.

ئەبدۇللەتىف خان ئەل — مەشھۇر ئاپاقخان پادىشاھ زادەئى
يۇسۇف سۇرەت، نۇشىرۋان، ھاتەم سىيرەت، خۇشخۇي ۋە با ئە-

دەپ ۋە با تەۋازۇ يىگىت ئىدى. ئون ئىككى يىل خانلىق قىل-
دى. يىگىرمە بەش يىل ۋە ئۈچ ئاي ئۆمۈر كوردى. ياركەند ۋە
كاشقەر خەلقى بىر يىل ئەزادار بولدىلار. مۇنارلارغە پەلاسلەر
كەيدۈردىلەر، كوچەلەرغە كۈل توكتىلەر. تارىختە مىلك ئوتتۇز
يەتتە ئىدى، ئالەم بىۋەفانى ۋىدائ قىلدىلار.

## زىكرى جۇلۇس سۇلتان ئەھمەدخان ئىبنى تۇرخان ئىبنى شاھ شۇجائىددىن ...

ئاباقخان سەرايى فانىدىن مەنزىلى جاۋىدانىغە تەھۋىل
قىلدى. ياركەند مەملەكەتىدە بار ئۇمەرا خاجە لەتىف ۋەزىر، مىر-
زا غازى بارلاس، مىرزا قۇربان جوراس، مىرزا ئەبدۇسەتتار
ئوردە بىگى، مىرزا قارا بەھادۇر جوراس، مىرزا مەلىك قاسىم
بايرىن، مىرزا شاھ مەنسۇر ئوردا بىگى، مىرزا مەسئۇدى بايرىن،
مىرزا لەتىف جوراس؛ ئەكابىردىن ھەزرەت خاجەم پادىشاھ، ئا-
خۇند خاجە ئاخۇندى، موللا سالىھ بىغلىپ مەسئۇدى بەگنى ئاق-
سۇغە ئىبەردىلەر. «سۇلتان ئەھمەدخان مەشھۇر مەئرۇف فولاد
خاننى ئالىپ كېلىڭ، ئەلى مەردان بەگ، مىرزا ھاشىمبەگنىڭ
دەستۇرى بىلە ئاقسۇ [غە] ھاكىم بولسۇن» دىب. مىرزا ئەلى
مەردان بەگ ئاقسۇدە تۇرارغە رازى بالمادى. مىرزا مەسئۇدىنى
ئاقسۇغە ھاكىم قىلىپ، فولادخان بىلە ئەلى مەردانبەگ ياركەند
[گە] كەلدىلەر. ھەزرەت خاجەم جەمىئ ئەكابىر ۋە ئۇمەرا تاغار-
چىغە ئىستىقبال قىلدىلار. خاجە مۇھەممەد قاسىم تاغارچىنىڭ ئو-
يىگە تۇشۇپ ئىكەنلەر، شۇندا قەدىم دەستۇرى بىلە خان [لىقغە]



AltunOq

كۆتەردىلەر. مىرزا ئەبدۇسەتتار بەگ ئىشىك ئاغا ئىدى. ئەلى
مەردان بەگ خان بىلە كەلدى. مۇنگۇ مالغە شۇنداغ مۇتەسەررىپ
بولدىلاركى، غازى بەگ، خاجە لەتىپ ۋەزىر خالىي قالدىلار.
مىرزا شاھ مەنسۇر بەگ قاراقاش ھاكىمى ئىدى. بەگلەر بىتاقەت
بولۇپ، مىرزا ئەلى مەردانبەگنى، ئەبدۇسەتتار بەگنى تۇتتىلار.
ئەلى مەردانبەگنى ئاقسۇ [غە] ئىبەردىلەر. ئەبدۇسەتتار بەگنى
يالتغە ئىخراج قىلدىلار. مىرزا لەتىپنى ئىشىك ئاغا قىلدىلار.
مىر ئەئزەم شاھ باش بولۇپ، مىرزا ئەبدۇسەمەدنى ئېلىپ،
ئەبدۇسەتتار بەگنى يولدىن كاشقەر [گە] ئالىپ باردى. شاھ مەن-
سۇر بەگ قاراقاشدىن قاچىپ كۇچا [غە] بارىپ ئىدى. كاشقەر
[گە] كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان لەقەبى قىلىچخان ياركەند [گە]
كەلدى. ئاغاسى قولادخاننى كۈرگەلى كېلىپ، خاجە لەتىپنىڭ قى-
زىنى ئالۇر بولدى. بەئزى خۇشامەتگويلار: «خاجە لەتىپ بىرلە
نىڭ ئەمدەسى قىزىنى خانلىقتە ئالسۇنلار» دېب، قولاد خان
ھەم بىسيار شادلىق قىلىپ، ئەھلى غەرەز سۆزىگە كىرىپ، خاجە
لەتىپنىڭ قىزىنى قولادخان ئالدى. قىلىچخان بىمەزمۇن بولۇپ،
ھاشىم خاجەنىڭ قىزىنى ئالىپ كاشقەر [گە] ياندى. ئىككى خان
[نىڭ] نىزائىغە بائىس بۇ ئىردى. مىرزا قارا بەھادۇر، مەلىك
قاسىم بەگ ھۇجۇم قىلىپ غازى بەگنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ،
مىرزا قۇربان بەگنى ياركەندگە ھاكىم قىلدى. قىلىچخان ئەۋۋەل
كەلدى. قولادخان شەھەرگە كىرىپ بېركىندىلەر. كوكىلتاش كىشى
چىقىپ جەڭ قىلدى، مىرزا مۇھەممەد ئىمىن موھتەسىب ئۆلدى.
قىلىچخان سوكتى يىلى يەنە كەلدى. مىرزا قارا بەھادۇر، مىرزا
مەلىك قاسىم، مىرزا لەتىپ كورنەمەكلىك قىلىپ، قىلىچخانغە مەيل
قىلدى. مىر ئەئزەمشاھ، مىرزا تولەك، مىرزا ئەبدۇسەمەد مىر-

زا قارا بەھادىرغە بىر قارا بۆرك بىلە خەت كىگۈردىلەر. قىلىچ
خان قوشچى سوقۇر بىي باشلىق يەتتە سىك قىرقىز قىلىچخان
بىلە كەلدى. مىرزا قۇربانبەگنىڭ ئىككى يۈز مىلتىقچىسى بار ئى-
دى، ئوڭدا ئىدى. مىرزا قارا بەھادۇر، مىرزا مەلىك قاسىم، مىر-
زا لەتىف، مىرزا ھەبىب بىر ئەنغار ئىدى. غازى بەگ، مىرزا
ئەبدۇررەھمان دوغلات جوڭغار ئىدى. مىرزا قارا بەھادۇر تۇش
بولۇپ ئىدى، قاچتى سەنى بۇزۇپ، ياركەند چىرىكى مۇزدەمەت
تاپتى نەماز جۇمئە ۋەقتىدە. قۇربان بەگ ئەيتتىكى: «پادىشاھىم،
ئەمدى سىز ئاتقا سۇغە يۇرۇڭ. كور نەماكلەر كور نەمەكلىك قىلدى.»
دىب. ئۇلكى، قىلىچخاننىڭ خەبەرى كەلدى. خاجە لەتىف. مىر-
زا قۇربانبەگ، مىرزا ھىلال نەيتتىلەركى: «شەھەردىن چىقماي
جەڭ قىلالى» دىب. مىرزا قارا بەھادۇر. مىرزا مەلىك قاسىم.
مىرزا لەتىف كورنەمەكلەر: «شەھەردىن ئۇتىرۇ چىقالى» دىب ئەيت-
تىلەر. خاننىڭ ھەم بىرنەچچە شاگىرد پىشەسى بار ئىدى. گىمىنە
ۋەزىمى ئۇلارغە ھەم ئۇتىرۇ چىقماق مەئقول بولدى. تەلباسىل.
خان ئەزۋەلا پىشىن بىلە ئاتقا [جە] يۈردىلەر. قۇربانبەگ مىلتىق
بولى باغلانغۇنچە تۇردى. قىلىچخاننى نەماز شامغىچە ئۇتكەرمەدى
خاجە لەتىف قالۇچى بىلە دوست ئىدى، كىشى ئىبەردى. خاجە
لەتىف قاۋچى [نى] كورۇنۇشكە ئالىپ كەلدى. ئەبدۇسەتتار بەگ
قۇربانبەگنى يالاڭباش قىلىپ ئالىپ كەلدى. قىلىچخان قۇربانبەگكە
ئەيتتىكى: «ساڭا نىمە زورۇر خانلىق تىگەمدۇر؟». مىرزا قۇربان-
بەگ ئەرز قىلدى: «خان دادىڭىزدىن قالغان قۇللارى دۇرمەن.
ئاكاڭىز تەربىيەت قىلىپ ياركەندگە ھاكىم قىلدى. تۇز ھالال
قىلماق لازىم كورۇندى. پادىشاھدۇرسىز، غەزەب قىلساڭىز ئەگەر
ئىنايەت قىلساڭىز ھەم ئىنايەتىنە لايىق قۇل دۇرمەن.» دىب. قىلىچ-

خان قۇربان بەگ بىلە خاجە لەتىفنى ئىخراج قىلماقچى بولۇپ ئىدى. بەگلەر سەيئى قىلىپ قويمادىلار. مىرزا قارا بەھادىر، مىرزا لەتىف، مىرزا ھەبىب مىرزا ھىلالنى ئىخراجغە مۇقەررەر بولۇپ ئىدى دېپ، قۇربانبەگ بىلە خاجە لەتىف خاجەنى ئىخراج قىلدىلار. مىرزا ھەبىب قاچىپ ناپەيدا بولۇپ كەتتى.

## گۇۋتار جۇلۇس سۇلتان مەھمۇدخان
## ئىبنى تومۇرخان

قىرق ئىدى. تەختكە ئولتۇردى. مىرزا مۇھەممەد دوستبەگنى ياركەند ھاكىمى قىلدى. شەھيارى بەگنى كاشقەر ھاكىمى قىلدى. سىپاھ، رەئىيەتغە كەبەگنى قازى قىلدى. يۇرتنى قىلىچخان «كەمال يەنبەغى» زەبت قىلدى. قىلىچخان پادىشاھى شۇجائ ۋە بۇر تەھەۋۋۇر ئىدى. ئەمما، فىسقغە مايىل ئىدى. ئۆزۈن ياشادى. مەردۇم مالدار ۋە زەردار بولسە، كېچە بولاپ ئالۇر ئىدى. قىلىچ خان دۇسال شەشماھ خان بولدى. يىگىرمە ئىككى يىل ئۆمر كوردى.

ئەبدۇللاخان ئاقسۇ [غە] كەلدى. فۇلادخان ياركەند [گە] كەلدى. قىلىچخان ئىخراج قىلۇر بولدى. ھەزرەت خاجەم مەئسى قىلدىلار. فۇلادخانىنىڭ كەلگەن ۋاقئەسى ئەبدۇللاخانىنىڭ ۋاقئەسىدە بەيان تاپقۇسىدۇر. قىلىچخان ۋافات بولدى، جەمئ ئۇمەرا ۋە ئەكابىر يىغىلىپ، فۇلادخاننى قەدىم رەسم بىلە خان [لىققە] كوتەردىلار.

# زىكرى ۋاقىئەئى ئەبدۇررەھىمخان ئىبنى ئەبدۇررەشىدخان

ئەبدۇررەھىمخان ۋەلەد ئەبجەد ئەبدۇررەشىدخان ئېرۇر. بۇ
ۋاقىئەنى ئانداغ نەقل قىلىبدۇرلاركىم، مۇھەممەدخان قەددەسەل-
لاھۇ رۇھەھۇ ئەبدۇررەشىدخاننى مىرزا شاھنى قوشۇپ جالىش تۇر-
پان تەرەفىگە — مۇھەممەد خۇدا بەندەخاننىڭ ئۇزەسىگە بۇيۇر-
دىلار. بۇ خۇدابەندەخان مۇھەممەدخاننىڭ ئاغاسى مۇھەممەد
قەرش سۇلتاننىڭ ئوغلى جالىش تۇرپاننى ئالىپ ئولتۇرۇپ ئې-
دى. ئەبدۇررەھىمخان مىرزا شاھ جالىش تۇرپانغە يەتتىلەر. خۇدا
بەردى بەندەخان ئىبنى قەرش سۇلتان قالماقدىن مەدەد ئىلتى-
ماس قىلدى. قالماقنىڭ تورەسى بار ئىدى، دەۋرەك ئاتلىغ، بېگىم
پادىشاھنىڭ ئاتاسى خۇدا بەندەخانغە كومەك كېلىپ ئىدى. ئەمما
كومەك بولماي ياقادا تۇردى. ئەبدۇررەھىمخان مىرزا شاھ غالىپ
كەلدىلەر. قالماق تورەسى دەۋرەك تۇرپان چېرىكىگە تەگدى، تا-
راج - تالان قىلدى، ئەبدۇررەھىمخانغە ئىتائەت قىلدى، قىزىنى
خانغە بەردى. ئەبدۇللاخاننى دەۋرەك تورەنىڭ قىزىدىن تۇغ-
دى. بېگىم پادىشاھ بولۇپ، يىللارنى دەۋلەت ۋە ئىززەت بىلە
ئوتكەردى.

ئەبدۇررەھىمخان بىلە قازاق ئىسكەندەر سۇلتان مۇھەممەد
ۋەلىبەگ جۇراس ھەمرا كېلىپ ئىدىلار. قاناغان تورەلەر-
ردىن، غازى سۇلتان [نىڭ] تورت ئوغلى: ئەۋۋەل ئومەر سۇل-
تان، ئىككىنچى ئىسمائىل سۇلتان، ئۈچىنچى خۇسرەۋ سۇلتان،

تۆرتىنچى ئىسكەندەر سۇلتان. بۇ ئىسكەندەر سۇلتان بەھادۇر
شۇجائ ئىدى. خۇسرەۋ سۇلتان ھەم ئەبدۇررەھىم خان [نىڭ] قاشغە
ھارىپ تۇرپاندا ئالەمدىن ئۆتتى. ئوغلى مۇھەممەد ئەلى سۇلتان
ئانىڭ ئوغلى مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان، مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان،
ئەبدۇررەھىم خان جالىش تۇرپاننى خوب زەبت قىلدى-
لار. مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان، خۇدابەندە خان مۇھەم-
مەدخاننىڭ قىزلىرىدىن ۋۇجۇدقە كەلگەن ئاغىلارى
خانى شەمەددىن رەنجىدە بولۇپ، ئەبدۇررەھىمخاننىڭ مۇلازىمەت-
لەرىغە باردى. نەچچە ۋەقت بەسى بەرار قىلدى. بىر نەچچە
ھاسىد ئاراغە نىزاۋ سالدى. ئەبدۇررەھىم خان بىلە مۇھەممەد
ھاشىم سۇلتان سەف ئاراستە قىلىپ، مۇستەئىد جەڭ بولۇپ ئى-
دىلار. مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان قالماقدىن كۆمەك ئىلتىماس قىل-
دىلار. قالماق كۆمەككە كەلدى، ئەمما جەڭ قىلماي ياقادا تۇر-
دى. ھەزىمەت سۇلتانغە تۈشتى. قالماق ھەممە مۇھەممەد ھاشىم
سۇلتانغە تالان - بۇلان قىلدى، سۇلتاندىن ئولجە ۋە غەنىمەت
ئالىپ ياندى. مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان بىر قەلئەغە مۇتەھە-
سسىن بولدى. ئەبدۇررەھىمخان بىرۋي مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان
كۇچا [غە] كەلدى، قەلئەئى كۇچاغە كىرىپ مۇستەھكەم بولدى.
خان سۇلتانغە ئەلچى كگۆردى. ئەيتتىكى: «مەن ياغىلىققە كەل-
مەدىم، ئىشتىياق بىلە ئاتا يۇرتىنى تاماشا [قىلاي] دىب كەلدىم»
خاننىڭ ئىنايەت نامەسى سۇلتانغە يەتتى. مۇھەممەد ھاشىم سۇل-
تان بەگلەرى بىلە كېڭەش قىلدى. ئۇمەرايى سۇلتان مىسلى
مىرزا قارابەھادۇر جوراس، مىرزا كەتان بايرىن، مىرزا ھەبىب
جوراس، مىرزا ئەردىبېگ، كۇچادە سۇبھانقۇلى بەگ، مىرزا ئە-
بۇلھادى مەكەرىيەت مىرزا مۇھەممەد دوست ئارلات، مىرزا سەلىم


AltunOq

ۋە جەمئى دىگەر بار ئىدى. بۇ ئۇمەرالارنىڭ بەئزى [سى] ——
مىرزا ئەبۇلھادى خاجە، سۇبھانقۇلى بەگ: «كورۇنۇشكە چىقالى»
دېدى. مىرزا قارا بەھادۇر باشلىق بەئزى ئۇمەرا كورۇنۇشكە
چىقارنى مەئقۇل كورمەدى①. مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان كورۇنۇشكە
چىقتى. خان بوستاندا ئولتۇرۇپ ئىدىلار، سۇلتان كورۇنۇش قىـ
لىپ ئولتۇردى. سوھبەت كەرەم بولدى. سۇلتان خوب كىتابخان
خۇش سەۋاد ئىدى، بەياز ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ئىدى، خان تاھارەت
قىلغالى قوپۇپ باغقە كىردى. خان نەۋكەرلەرىدىن بىر كىشى
مۇھەممەد ھاشىم سۇلتاننى پالتۇ بىلە چاپتى، سۇلتان يىقىلدى.
دىگەرى سۇلتاننى شەھىد قىلدى. مۇھەممەد ۋەلى بەگ خاننى
سەرزىش قىلدى، خان ئۆزرى ئەيتتىلەر: «مەن بىخەبەر ئىدىم،
مۇھەممەد ھاشىم سۇلتاننى مەن بۇيۇرۇپ قەتل قىلمادىم» دىب،
مىرزا ئەبۇلھادى مەكەرىيەت بۇ مەھلىكەدىن خەلاس بولۇپ ياركەند
[گە] كەلدى، خانى شەھىد كۇچاغە ھاكىم قىلدىلار. بايغە سۇبھانـ
قۇلى بەگنى ھاكىم قىلدىلار.

ئەبدۇررەھىمخان خانى شەھىد زەمەنەسىدە چىرىكىكە كەلـ
دىلەر، مىرزا ئەبۇلھادى پىش كەش فەراۋان بىلە ئەلچى چىقارـ
دى، ئەيتتىكى: «مەن كورۇنۇشكە چىقاردىن بەسى قورقەدۇرمەن،
ئىلتىفات قىلىپ ئەبدۇللاخاننى كىگۇرسەلەر، بويىنۇمغە كوتەرىپ
چىقسام» دىب. ئەبدۇررەھىمخان مەلىك مورەۋۋەتىنى تالاشادۇرلار،
بۇ سەبەبدىن ئەبدۇللاخاننى كىگۇردىلەر. مىرزا ئەبۇلھادى كوكتە
تىلەگەننى يەردە تاپتى. ئەبدۇللاخاننى مىرزا ئەبۇلھادى قولىغە
ئالدى ئەمما چىقمادى. ئەبدۇررەھىمخان كۇچانى بىمەد مۇھاسىرە
قىلدىلار. مىرزا ئەبۇلھادى ئەبدۇللاخاننى بويىنغە كوتەرىپ چىقـ

① ئولىيازما تېكىستىدا «كوردى» دەپ يېزىلغان.

قىپ، سەنىلدە تۇرۇپ، نەققارەنى ئەبدۇللاخاننىڭ ئالدىغا چالدۇرۇپ ئەيتىپ چىقاردى: «مەن بەندەلەرى كۆچانى ئوغلانلارىغە باقتۇرۇپ تۇردۇم. يامانلىق قىلسەلەر نەزەرەندلەرىغە تىللادۇرلار، ئوزلەرى پادىشاھدۇرلار» دىبى. خان ھەم ناچار ئوزرىنى قەبۇل قىلدىلار. ئەبدۇللاخان كۆچاغە كەلگەنلەرىدە سەككىز ياشدا ئىدىلار.

## ئەبدۇررەھىم خانىنىڭ ئوغلانلارىنىڭ تەئدادى ئەنارۇللاھۇ بۇرھانەھۇ.

ئەۋۋەل ئەبەيدۇللاخان، ئىككىنجى ئەبۇل مۇھەممەدخان، ئۈچىنجى ئىبراھىمخان، تورتىنجى سۇلتان سەئىد باباخان، بەشىنجى ئىسمائىلخان، ئالتىنجى شاھخان، يەتتىنجى ئاتاقخان، سەككىزىنجى يىچانخان. توققۇزۇنجى مەنسۇرخان.

ئەلقىسسە، ئەبدۇررەھىمخان كۆچادىن ئاقسۇ [غە] ئوتتىلەر. ئاقسۇ خەلقى ھىسارغە بىركىدىلەر. بىنەلى مەقسۇد يانىدىلار. سوزقى يىلى يەنە كەلدىلەر. يەنە ئالالماي ياندىلار. مىرزا يۇنۇسبەگنى ئىبەرىپ، ئىشىمخاننى چىرلاپ ئالىپ كەلدى. ئىشىمخان ئەرز قىلدىكى: «خىزمەتكە كەلدىم، دوست - دۇشمەنىم بار. ئىشىمخان ئەبدۇررەھىمخانغە نەۋكەر گەردى دەرلەر. بۇ قۇلنى سەرەفراز قىلىپ، داماد قىلۇردىن ئۈمىدۋار دۇرمەن» دىدىلار. ئىشىمخاننىڭ بۇ ئەرزى خانغە مەقبۇل بولۇپ، ئايچاخىم پادىشاھنى بىرىپ داماد قىلدىلار. ئىشىمخان سەرەفراز بولدى. ئەبدۇررەھىمخان ۋە ئىشىمخان ئاقسۇ [غە] كەلدىلەر. سەھرايى ئاقسۇ ھەممە كىردى، شەھرى ئاقسۇنى ئالالمادىلار. ئاتاقخان دەر-

يابى لەشكەر بىلە ئاقسۇغە ھەرىكەت قىلدىلار، ئافاقخاننىڭ
خەبەرىنى ئىشتىپ، خانلار ياندىلار. بۇ ۋاقىئە ئافاقخاننىڭ
زىكرىدە ئوتتى.

ئەبدۇررەھىمخان نەۋۋەرە مەرقەدەھ پادشاھ مۇسۇلمان ۋە
مۇتەدەييىن ۋە خۇدا مەرس ۋە ئادىل ۋە ئامىل، رەھىمدىل،
ھەرگىز نەمازنى تەرك قىلماس ئىدىلار. يۇنۇس بەگ قولىدا
ئالەمدىن ئوتتى. ئوغلى مۇھەممەد ئەبدۇللا بەگنى قامۇلغە ھا-
كىم قىلىپ ئىدىلار. خىتايدىن مالدار سەۋداگەر كېلىپ قامۇلدا بىر
نەرەن بولدى. مۇھەممەد ئەبدۇللا دورغە مىرزا مۇھەممەد ئەب-
دۇللا بەگكە سەلى قىلىپ، ۋارىسىغە بەرمەي ئالدى. سەۋداگەر-
نىڭ ۋارىسى خانغە دادخاھ بولدى. خان كىشى ئىبەردىلەر. سەۋ-
داگەرنىڭ مالىنى ياندۇرۇپ بەرمەدىلەر. خانغە سەركەشلىك قىل-
دى. خان ئەبۇل مۇھەممەدخاننى، شاھ تاھىر شاھنى لەشكەرى
ئەنبۇھ بىلە قامۇلغە ئىبەردىلەر. ئەبۇل مۇھەممەدخان قامۇلنى
مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇپ ئىدى، چالىشدا ئەبدۇررەھىم خان ئەنە-
رەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئالەمى فانىدىن مەنزىلى جاۋىدانىغە مەيل
قىلدىلار دىپ خانغە كىشى ئىبەردىلەر. خان كىشى كىگۈردى.
مىرزا ئەبدۇللا بەگ چىقىپ خانغە كورونۇش قىلدى. ئەبۇل
مۇھەممەدخان قامۇلنى ئەبدۇللا بەگكە بىرىپ چالىش [قە] ياند-
دىلار. خاننىڭ ئۇمەرالارى خاننىڭ ۋەفاتلارىنى مەخفى تۇتۇپ
ئىدىلەر، مىسلى شەھيارى بەگ، زاھىد بەگ ۋە غەيرى ھەم يى-
غىلىپ، ئەبۇل مۇھەممەد خاننى [لەشغە] كوتەردىلەر. شاھ
ئادىلبەگ قاچىپ كورلە [غە] كەلدى، مىرزا ھاشىم كورلەلىك
ھەم ئەبدۇللاخان بىلە مىرزا ئەبۇلھادىنى خاھىش قىلدى. شاھ
ئادىلبەگ كۇچا [غە] كەلدى. مىرزا ئەبۇلھادى ئەبدۇللاخاننى ئا-

لىپ جالىش [قە] كەلدىلەر. ئەبدۇررەھىمخان يەتتىمىش يەتتە
[يىل] ئۆمۈر كۆردىلەر، مەنسۇرخاننىڭ ئورنىدا. مەنسۇرخان ھەم
قىرىق ئۈچ يىل ئاتىلىدىن كۆچاغە خانلىق قىلىپ يىغقان خەزا-
يىنى ۋە دەفايىنى مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ قولىغە تۈشتى.

خاندىن كېيىن جالىشدا ۋابا بولدى. خاننىڭ مۇقەررەبلە-
رىنى مىرزا ئەبۇلپادى ئۆلتۈردى. مىرزا ئەبۇلھادى ئۈلۈق قىزىنى
ئەبدۇللاخانغە بېرىپ ئىدى، يەنە بىر قىزىنى فولادخانغە بەر-
دى، يەنە بىر قىزىنى ئەبۇل مۇھەممەدخانغە تۇرپانغە ئىبەردى
ئەبۇل مۇھەممەدخانىنى ئالىپ كېلىپ، ئىككى خاننى يوق قىلىپ،
ئەبىرەسى يولبارس خاننى خان قىلىپ، يۇرت تۇتماقتە ئەبدۇ-
للاخان سۇبھانقۇلى بەگ. مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان، خاجە ئەبدۇل
ۋەھھاب بەگ. شاھ ئادىل بەگ. باباق بەگ ئىتتىفاق قىلدىلار. مىرزا
ئەبۇلھادىنىڭ خەلقىنى شاھبەگ ئىختىيار قىلدۇرسۇن، بەگنى خان ئىختىيار
قىلدۇرسۇن دېب، شاھبەگ نەۋكەرلەرىنى مېھمان قىلدى. ئەبدۇللاخان
ئەبۇلپادى بەگنى ئۆزلەرى كىرىب ئىختىيارغە تەگلىق قىلدىلار. ئە-
بۇلھادى بەگ ئىختىيارغە يانۇقى چىقتى. خان خۇشھاللىق قىلىپ
ئىچكەرى - تاشقارى چىقىپ يۈردىلەر. دەستۇرخان سالىپ، خان:
«ۋەقت بولدىمۇ؟» دېب تاشقارى چىقىپ، «ۋەقت بولۇپدۇر» دېب
ئەيتتىلەر. ئەبدۇل ۋەھھاب بەگ: «خان يارلىغى!» دېب پىچاق
سالدى. مىرزا ئەبۇلھادى سەرنىگۇن بولدى. خاجە ئەبدۇل ۋەھھاب
بەگ يەنە پىچاق سالدىلار، ئەبۇلھادى بەگنى ئاخىر قىلدىلار.
ئەبۇل مۇھەممەدخانغە كىشى چاپتۇردىلار ئەبۇلھادى ئىن ھەم
ئەقل ۋە تەدبىر ۋە مىكرى - ھىيلە، شۇجائەت ۋە تەھەۋۋۇر
بىلە ئاخىر بولدى. خەلايىق تىنچ بولدى. ئەبۇلھادى بەگ بىس-
يار كىشى ئۆلتۈردى، ئۆزى باشلىغ ئوغلى، قىزى كىشى قولىدىن
بىر تەرەپ بولدى.

# گۇفتار ئەھۋال ئەبدۇللاخان بەئداز مىرزا ئەبۇلھادى جۇلۇس بەرتەختى ئاقسۇ شىمەئى

بۇ ۋاقىئە ئانداغ ئېرۇركىم، ئەبدۇللاخان جالىش [قە] باردى. فۇلادخان كۇچاغە ھەرىكەت قىلدى. بايدا خۇدا نەزەر پەھلەۋان بار ئىدى. باينى قابادىلار. باي خەلقى كېچە يۈگۈرۈپ مىرزا ھاجىبەگنى، مىرزا تولەكبەگنى قارمادى. مىرزا مۇزىد خە- تنەبەگ. مىرزا ئەلى مەردانبەگكە نىمە دەرمىز، دېب يۈگۈرۈپ باينى ئالدىلار، كۇچارغە باردىلار. ئەبدۇللاخان بۇ خەبەرنى ئىشتىپ، كۇچاغە ياندى، فۇلادخان ئاقسۇغە ياندى. سۇبھانقۇلى بەگ تەرغىب قىلدىلار: «ئەلبەتتە بارالى» دېب. فۇلادخاننىڭ ئارقاسىدىن ئاقسۇغە كەلدىلەر. فۇلادخان ئۇترۇ چىقىپ تۇشتى. سۇبھانقۇلى بەگكە ئاقسۇلۇقدىن قارىشاھ خاجە، خاجە مۇھەممەد نەسىر، بابىرىن سۇلتان، يارتۇغ بېگى نۇرۇزدىۋان. شاھىند كوز ئۇزۇلدى. فۇلادخان بىلە مىرزا مەلىك قاسىم بەگ. مىرزا مۇزىد بەگ، مىرزا شاھمىدبەگ ياركەند [گە] كەلدىلەر. قىلىچخان ئاغاسى فۇلادخاننى ئىخراج قىلغۇر بولىدى. ھەزرەت خاجە شادى خاجەم قەددەسەللاھۇ روھەھۇ قازاق خانىم ئاپپاق خاننىڭ ۋالىدەسى ئاراغە تۇشۇپ تۇرغۇزدىلار. قىلىچخان چېرىك چىرلاتتى، ئاقسۇغە بارغالى. سۇلتان مەھمۇدخان لەقەبى قىلىچخان پادشاھ شۇجائ، با تەھەۋۋۇر ئىدى. ئەبدۇللاخاننىڭ بەختى ۋە دەۋلەتى يارى بەردى. قىلىچخان بىر كېچە ئەراق ئىچىپ، مەست بولۇپ، ئان سەفرا قىلىپ دارىلفەنادىن دارىلبەقاغە رەھلەت قىلدى. يىـ



AltunOq

غىلىپ فۇلادخاننى خان [لىققە] كوتەردىلەر. فۇلادخان قەرىيەئى گۇمانى خاجەمغە نىياز قىلدى. كاشقەردىن مىرزا كۇچەك جۇراس، مىرزا شەھباز جۇراس ئىككى ئىنىسى مىرزا شاھ قاسىم ئوردا بېگى قاچىپ ئاقسۇ [غە] باردى. ياركەنددىن مىرزا شاھ مۇھەممەد جۇراس لەقەبى جالبا. مىرزا فازىل جۇراس، مىرزا مۇراد جۇراس، خوتەندىن مىرزا ئىسمائىل ئوردا بېگىمنى، مىرزا ئەبدۇررەھمان ئوردا بېگىمنى، شاھ مەنسۇر بەگنى، ئەبدۇسسەتتار بەگنى ئاقسۇغە ئىبەرىپ، ئەبدۇللاخاننى دىدىلار. مىرزا شاھ مەنسۇر خوتەن ھاكىمى ئىدى، فولادخانغە كۇفرانى نىئمەت قىلدى. ئۆزى ھەم كورلۇكنى كوردى.

**ئەبدۇللاخاننىڭ كاشقەرغە ئىككى مەرتىبە چېرىككە كەلگەنلەرى نىڭ تەفسىلى:**

ئەبدۇللاخان مەملىكەتى ئاقسۇ ۋە ئۇچتە قەرار تاپتى. سۇبھانقۇلى بەگنى ئاقسۇغە ھاكىم قىلىپ ئاتالىق قىلدىلار. مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتاننى ئۇچتە ھاكىم قىلدىلار. ھىككىمەت بايىنى شاھبەگكە بەردىلەر. ئۇمەراكى ئەبدۇللاخان بىلە كەلگەن — سۇبھانقۇلى بەگ، مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان، تاتلىغ قازى، مىرزا ئەبدۇللا بەگ جۇراس، شاھ ئادىل بەگ، ئەرەب بەگ، مۇھەممەد مەنسۇر بەگ، ئەبدۇلئەھار بەگ، مىرزا قولى بەگ ۋە [ئا]قسۇ بەگلەرى— مىرزا مۇھەممەد ئىمىن جۇراس، ئىنىسى مىرزا تولەك جۇراس، مىرزا ھاجى ئوردا بېگى، مىرزا نەسىر بارقى قازى، شاھ خاجە، مىرزا شاكىر بارقى، مىرزا ئەھەد بەگ، قازى مۇھەممەد زاكىرخاجە، مىرزا يەئقۇب جۇراس، نورۇز دىۋان خاجە، مۇھەممەد نەسىر بايىردىن سۇلتان. يارتۇغ بېگى. كاشقەر ۋە ياركەند ۋە خوتەندىن بارغان بەگلەر: كاشقەردىن — مىرزا كوجەك جۇراس، مىرزا شەھباز جۇراس، مىرزا دەۋلەتشاھ

جۇراس، مىرزا شاھيار جۇراس، مىرزا شاھ قاسىم ئۇردا بېگى،
ئىنىسى شەھيار ۋە غەيرى ھەم. ياركەنددىن — مىرزا شاھىد جۇ-
راس نەقەبى جالبا، مىرزا فازىل جۇراس، مىرزا مۇراد جۇراس
ۋە غەيرى ھەم. خوتەندىن — مىرزا ئىسمائىل ئۇردا بېگى، مىر-
زا ئەبدۇررەھمان ئۇردا بېگى، مىرزا مۇھەممەد ئەمىن ئۇردا بې-
گى ۋە غەيرى ھەم. ئەبدۇللاخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ با-
لەشكەر فەراۋان بىلە قىزىلبۇيىنى چاپىپ «تورغاي» دىگەن
مەنزىلغە تۈشۈپ ئىدىلەر، فولادخان بالەشكەر قىيامەت ئەسەرى بىلە
كەلدى. فولادخانىنىڭ چېرىكى قاشىدا ئاقسۇ ۋە ئۈچنىڭ چې-
رىكى تەندەك كۆرۈندى. ئەبدۇللاخان تەغەممەدە ھوللاھۇ بى-
غۇفرانە قاچقۇدەك بولغاندا ھەزرەت خاجەم قەددەسە سىررەھۇ ئەب-
دۇللا خانغە مەيل قىلىپ. دامادلارى پادشاھ خاجەنى ئىبا-
رىپ ئىدىلار، قىلىچچىلارنىڭ بەگلەرىنىڭ دەۋلەتى ئاخىر بولۇپ
ئىدى، نا مەئقۇل ئىش مەئقۇل بولۇپ، «ئەبدۇللاخان يوق بول-
ماسۇن» [دىپ]، فولادخان ئىنتىقام ياندۇرۇپ يول قويدىلار. ئەب-
دۇللاخان نەۋۋەرە مەرقەدەھ سەلامەت ياندىلەر. ئاقسۇ [غە]
بارىپ ئىتتىفاق قىلدىلار، ئەبۇل مۇھەممەد خانغە كىشى ئىبارۇر
بولدىلار «نە كىشى بارسا كىلىۋر» دىپ، ھەزرەت خاجەم پادى-
شاھنىڭ خىشاۋەندىلەرى ۋە دامادلارى دىپ، پادشاھ خاجەنى
لايىق كوردىلەر. كۆچا كىشىسىدىن مىر ئەبدۇللا خاجەنى، ئاقسۇ
كىشىسىدىن مىرزا مۇھەممەد ئەمىن بەگ بىلە ئاخۇند موللا مىر
شەرىفنى ئىبەردىلەر. بۇ ئادەمى خەلق تۇرپانغە يەتتىلەر. ئەر-
سە ئەبۇل مۇھەممەد خان ئۇمەرالارى بىلە مىسلى بوبەك بەگ،
مىرزا تولەك بەگ، دوغلات خاجە، ئەبدۇلۋەھھاب بەگ، مىرزا
نەسىر بەگ، خاجە بەگ، باقى بەگ باشلىغ جەمى ئۇمەرا ئە-

بۇل مۇھەممەدخان ئاقسۇغە ئاغالارنىڭ كورۇنۇشكە كېلورنى
ـمەئقۇل كوردىلەر. ئەبۇل مۇھەممەدخان قىزىل ۋە تۇرپان، خا-
ـنىش چېرىگى بىلە ئاقسۇ [غە] كەلدى. ئەبۇلمۇھەممەدخان
بەسى ھەممەتلىك خان ئىدى. ئاخۇند مولىلا مىر شەرىفىدىن نە-
قىل دۇرۇر: ئەبۇل مۇھەممەدخان ئەبدۇللاخانغە پېشكەش يۇ-
سۇنى بىلە مىلك مولۇن سەيلان، سەككىز يۈز سەكسەن بەش
مۇتەبەرەق فۇتە، دۇچيۇز شال خانغە بەردىلەر. جالىش، تۇرپان
چېرىگى كۇچا، باي، ئاقسۇ، ئۇچ، كەلگىن چېرىگى لەشكەرى
بىسيار ۋە مۇبارىزانى شۇجائەت شىئار بىلە ئاقسۇدىن كاشقەر-
گە كەلدىلەر. ئەۋۋەل كەلگەندە مىرزا كەمال بەگ ھاكىم ئىدى.
كەمال بەگ بەسى ئادەمى ئېردى. مىر ئەئزەم شاھ بەگنى ھاكى-
مى كاشقەر قىلدىلار، شاھ بەگ ئاتادىلار. ئىككى خان تۈمەن
ياقاسىدا تۇردىلار. كۈچ كېرىپ بارادۇر. سۇبھانقۇلى بەگ بىلە
مىرزا شاھ مۇھەممەد بەگ جالىبە ئەرز قىلدىلار: «شۇبۇ كۈچە-
نى ئالالى» دېب. خان مىر ئەئزەم شاھ بەگ كىشى چىقاردىلار:
«نەماز جۇمئەدىن يانىپ كورۇنۇشكە چىقالى» دېب. «خىلاف ۋەئ-
دە بولۇر» دېب ئەيتتىلەر. نەماز جۇمئە ۋەقتىغىچە كۈچ كىر-
دى. سەھرادا كۈچ قالمادى. تەبلى مۇخالىفەتنى چالدى. مىر ئە-
ئزەم شاھغە خاننىڭ يامان ئاچچىغى كەلدى. ئەبۇل مۇھەممەد
خاننىڭ نەۋكەرلەرى قىلىچ چاپتى. مىرزا شاھىد بەگ ئەبدۇل-
ئەھار بەگنىڭ ئوغلى خاجە ئەبدۇلخالىقنى ھەمراھ قىلىپ قىلىچ
چاپتىلار. خاجە ئەبدۇلخالىق زىبا ۋە خۇشرۇي ۋە خۇشخۇي
يىگىت ئىدى. مىلتىق [ئوقى] تېگىپ بىر تەرەف بولدى. تەمام
خەلق پەرىشان بولدى. ئەبدۇۋەھھاب بەگ دەرۋازەغە ئات يۈ-
گۈرتۈپ، مىلتىق [ئوقى] تېگىپ بىر تەرەف بولدى. بۇ مىرتە-

بەدە تەڭ قىلىپ ياڭىھىسارغە ئۇتتىلەر. ياڭىھىسارغە ياركەندىن مىرزا تولەك، مىرزا ئەبدۇسەمەد كومەك كېلىپ ئىدى. خاجە ئەبدۇ فەترۇز ئۇلدى. ماڭشىن قەلئەسىنى بۇزۇپ ئالدىلار. ئەبدۇللاخاننىڭ نەۋكەرىدىن مىرزا ئەييۇب كىسرەتى، مۇھەممەد ئىمىن بەھادۇر خاجەشاھ زاڭ ئۇلدى. شاھبەگىنىڭ ئىنىسى شاھ ھەسەن شاھ ئۇلدى. چېرىكلەر كاشقەر ۋە ياڭىھىساردىن خوب ئولجە ئالىپ مالدار بولدى. ئىككى خان ئاقسۇ [غە] باردىلار. كاشقەردىن مىرزا يەئقۇب جۇراس كېلىپ كورۇنۇش قىلدى. كاشقەردىن، ياركەنددىن ھەممە خەلق كېلىشكە تۇردىلار. فۇلادخان بۇ كورنەمەكلەردىن ۋەپا كورمەدى، ماۋەرا ئۇننەھرگە — ئىمامقۇلى خان قاشىغە باردى. فولادخان ئەۋۋەل ۋە ئاخىر بەش يىل بەش ئاي خانلىق قىلدى.

ئەبدۇللاخان، ئەبۇل مۇھەممەدخان جەمئ ئۇمەرا چەقىر ئوۋاقى بىلە ياركەند [گە] يوردىلەر. ئاقسۇدىن خوتەنگە مۇسافىردىن مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان، مۇھەممەد مەنسۇر بەگ؛ ئاقسۇ بەگلەرىدىن — ھاجىبەگنى، شاكىر بەگنى ئىبەردىلەر. بۇ مەزكۇر بەگلەر خوتەن [گە] بارىپ شاھ مەنسۇر بەگ، ئەبدۇسەتتار بەگ، مىرزا ئەبدۇسەمەد جۇراس، مىرزا ئارىف بەگجەكنى ئالىپ، ياركەند [گە] كەلدىلەر. ئەبدۇللاخان ئاقچىغ [قە] كېلىپ تۇشتى. ھەزرەت خاجە شادى قۇدسى سىررەھ ۋە ئاخۇندى خاجە نەسىر باشلىغ جەمئ ئەكابىر تۇغ، نەققارەنى ئالىپ ئاقچىغدا كورۇنۇش قىلدىلار. مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان، ھاجىبەگ، مۇھەممەد مەنسۇربەگ، شاكىربەگ، شاھ مەنسۇربەگ ئەبدۇسەتتار بەگ، مىرزا ئەبدۇسەمەد بەگ، مىرزا ئارىفبەگ بايىقاباقدا كورۇنۇش قىلدىلار. ئەبدۇللاخان، ئەبۇل مۇھەممەدخان بۇ

ئۆمەرالارغه خوب نەۋازىش قىلدىلار. ئەبدۇللاخان پادى-
شاھ زادەئى فازىل، مەرد، باھىممەت ۋە بەخشەندە ۋەدىلبەر،
ئىكۆ ئەختەر مۇبارەك ئىدى.

## گۇفتار جۇلۇس ھەزرەتى ئەبدۇللاخان

يارکەند تەختىغە تارىخ ھىجرەت نەبەۋي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغە مىڭ قىرق سەككىز ئىدى، ئاتا ۋە ئەجدادلارىنىڭ تەختىغە ئولتۇرغاندا. ھەزرەت ئەبدۇللاخان جەددى كەرام ۋە ئاباﺋى ئىزاملارى تەختىغە بەرقەرار بولدىلار.

ئەرسە، مىرزا شاھ مەنسۇر بەگنى ھاكىمى يارکەند ئاتالىق قىلدىلار. شاھبەگنى موھردار قىلدىلار. مىر ئەبدۇللا بەگنى نەقىب قىلدىلار. مىرزا شاھ قاسىمنى ئىشىك ئاغا قىلدىلار. سارىغقۇل ھاكىمى شاھبەگنى ... (1) قىلدىلار. بەرئەنغارغە ئۈچ بىگى مىرزا فازىلنى قىلدىلار. جۇنغارغە ئۈچ بىگى مىرزا ئىسمائىل ئوردا بېگىنى قىلدىلار. باباقبەگنى مىراب قىلدىلار. يولبارسخان سەككىز ياشدا ئىدى، كاشقەرغە خان قىلدىلار. سۇبھانقۇلى بەگنى ئاتالىق قىلىپ كاشقەرغە ھاكىم قىلدىلار. مىرشاھىد بەگنى ياڭىھىسارغە ھاكىم قىلدىلار. رەفىئبەگنى ئىشىك ئاغا قىلىپ، كاشقەرغە رۇخسەت بەردىلەر. ئەبدۇسەتتار بەگنى ئاقسۇغە، كۈچەك بەگنى كۇچاغە ھاكىم قىلدىلار. كەلپىنگە توققۇز مەنسەب قوشۇپ ھاجىبەككە نوغ بىلە بېرىپ ئاقسۇغە ياندۇردىلار. خوتەنگە ئىبراھىمخاننى

(1) قولىيازمىنىڭ بۇ يېرىدە سۆز چۈشۈپ قالغان.

Altunoq

خان قىلىپ، مۇھەممەد مەنسۇر بەگنى ئاتالىق قىلىپ، ئەرەبـ
بەگنى قاراتاش ھاكىمى قىلىپ، مىرزا مۇھەممەد ئىمىن بەگـ
نى كەيىنچە، مىرزا شاھىد بەگكە ئورۇۋقاشنى بېرىپ ئىبەردىـ
لەر. مىرزا مۇھەممەد دوست ئارلات ھاكىمى ياركەندتە ئاتاـ
لىق ئىدى، مىر ئەيزەمشاھ ھاكىمى كاشقەر ئىدى. مىرزا تولەك
ئارلات، مىرزا ئاللادوست ئارلات، چالمە خاجە، مىرزا يادكار
دوغلات، مىرزا رىزا ھىلالى، مىرزا شاھىد جوراس، تاھىر خاجە
بايرىن، ئەبدۇسسەمەد خاجە، قالۇچى مۇھەممەد رەھىم، كىرەك
ياراغ خەلىل باخشى ۋە غەيرى ھەممىنى ئىخراج قىلدىلار.
ھەر كىشى بارماي تۇردى مۇندا شەھىد قىلدىلار.

دولادخان ۋىلايەت [كە] باردى. ئىمامقۇلى خان بېش
ئامەد خوب قىلدىلار. نەزەربېي نايمان. لەقەبى — نەزەربېي
بۆرۈتنى دولادخانغە يەتمىش مىڭ چېرىك بىلە قوشتى. دولادـ
خان بىلە نەزەربېي ئەندىجان [غە] كەلدىلەر. ئەندىجان شۇل
مەھەلدە ئىمامقۇلى خان نەۋۋەرە مەرتەدەغە ئاسى بولۇپ ئىدى.
دولادخان: «ئەندىجاننى فەتھ قىلماي كاشقەرغە نوچۇك ئوتەـ
لى» دىدى. نەزەر بۆرۈت ئەيتتى: «ئەي خان، ئەندىجانلىقـ
نىڭ ۋەزئى ئەۋزائى خانغە مەئلۇم. ئانت شەرتكە تۇرمايدۇر،
كاشقەرگە ئوتەلى» دىب. دولادخاننىڭ بەگلەرى — مىرزا
مۇھەممەد دوستبەگ، مىرزا ئەيزەمشاھبەگ، مىرزا تولەك، مىرزا
ئاللادوست، پادشاھقۇلى بەگ، مىرزا كەبەك جوراس، مۇـ
ھەممەد رەھىم كىرەك — ياراغ ھەم ئەيتتىلەر: «نەزەربېينىڭ
سوزى ئورۇنلۇق» دىب. خانغە ئەجەل يېتىپ ئىدى، بۇ سوز
مەئقۇل بولماي، دەرۋازەگە ئات سالىپ. ئەلنى قاچۇرۇپ كىلگەنـ
دە خانغە ئوق تېگىپ يىقىلدى. ئەندىجاننىڭ ئوبدانلارى بەسى

ئەفسۇس قىلدىلار، بەلكى خانغە ئەزا تۇتتىلار . فولادخان قە-
تىل تاپتى . نەزەربېي ئەندىجاندىن سەمەرقەند [گە] ياندى .
سەمەرقەند ھاكىمى ئەيدى : «فولادخان كېلەدۇر» دېب بەسى
ياخشىنى قەتىل قىلدى . ياركەنددىن : مىسلى ئاخۇند خاجە،
مىرزا ئاھىد ئەسكى تاقى، مىرزا رىزا ھىلالى، خاجە نمرۇز شىقا-
ۋۇل، نوردەك ياساۋۇل؛ كاشقەردىن : خاجە مىر ئاخۇند فەيـ
زى خاجە ھەزرەت، خاجە مۇھەممەد رەئـوف نۇر قەبىرە، مىرزا
كەمالبەگ، مىرزا ئەبدۇسەمەد بەگ، مىرزا ئەبدۇررەززاق، مىرزا
ئارىق ،مىرزا دانىيار ئىبنى كەمالبەگ، سۇلتان ياربەگ، ھەم تۇغ-
لۇق بەگ ئىدى . بۇلار باشلىق بەسى ياخشىلار ئۆلدى . فولادخان
شۇنتار بولۇپ، بۇ فىتنە بىر تەرەف بولدى .
فولادخان يىگىرمە يەتتە يىل ئۆمۈر كوردى . بەش يىل
ۋە ئالتە ئاي خانلىق قىلدى . مۇھەممەدخان ئەنارەللاھۇ بۇر-
ھانەھۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ دەۋلەتى تەمام بولدى . باقى ۋە پايەن-
دە ـــ تەڭرى تەئالا. مەخلۇقىكى بار، فەنا ۋە زەۋالىنىڭ
ئىچىدە . ۋەللاھۇ ئەئلەم .

## زىكرى لۇغەت مىرزاشىر مۇھەممەد ۋە قەتل مىرزا شاھ قاسىم ئوردا بېگى

ئىبتىدائى دۇرۇركى ئەبـۇل مۇھەممەدخانغە كۆپانى ۋە بايە-
نى مەنسۇر خاننىڭ دەستۇرى بىلە بېرىپ ئىدىلار، كىچىك خان
كىشى يارەن بۇيەكخاننى، بايغە ھەسەن خاجەنى ھاكىم قىلىپ تو-
تۇپ ئىدىلار . كىچىك خان چالىش، تۇرپانغە ئوتتىلەر . ئەب-

دۇللاخان كۇچاغە مىرزا شاھ قاسىمنى، بايغە خانقۇلى بەگنى
ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدىلەر. مىرزا شاھ قاسىم كۇچاغا بەرقەرار
ئىدى. قالماقنىڭ ئىككى تورەسى بار ئىدى — سەرەڭ ۋە سۇ-
مەر ئاتلىغ. ئاقسۇنى چاپىپ ئالدى. كوپ كىشى يېسىر تۇشتى.
شاھ قاسىم بەگ بىلە خانقۇلى بەگ ئىتتىفاق قىلىپ، باندا قال-
ماقنى سوقماللىق قىلدىلار. سەرەڭ يارالىغ بولدى. ئىتتىفاق سە-
رەڭ مەشھۇر مەئرۇف بولدى. سەرەڭنى شاھ قاسىمبەگ ئېلىپ
كۇچاغە ئەۋەردى، ئولجە بىسيار بىلە. سۇمەرنى خانقۇلى بەگ
ئالىپ قالدى. ئىلگەرى، سەرەڭ بىلە مال ۋافىر كەلدى. مىرزا
شىر مۇھەممەد سەرەڭنى ئالىپ، دەرۋازە تارتتى. مىرزا شاھ قا-
سىمبەگ ئاقسۇغە كېلىپ خانغە كىشى چاپتۇردى. خان بۇ ۋا-
قىئەنى ئىشىتىپ، بەسى دەرغەزەب بولۇپ، دەريايى لەشكەر بىلە
كۇچاغە كەلدىلەر. قازىشاھ ئاقسۇغە ھاكىم ئىدى. كۇچەكبەگ
ئۇچ ھاكىمى ئىدى. ئاقسۇ ۋە ئۇچ چېرىكى خانغە قوشۇلدى.
مىرزا شاھ قاسىم شەرت قىلىپ ئىدىكى «كۇچانىڭ ھەممە دەر-
ۋازەسىگە چاپماي يانسام» دېب. بىر دەرۋازەغە چاپىپ، يەنە
بىر دەرۋازە ھەم چاپىپ يانغۇنچە مىلتىق [ئوقى] تەگدى. مىر-
زا شاھ قاسىم مۇبارىز دىلاۋەر، بەسى مەردانە، بەھادۇر. بەلكى
ئەلف زەبان ئىدى. ھەر بىر ئوقى مىلتىق ئوقى ئىدى. تەمامى
خەلق ئەفسۇس يېدى، گۇياكى ماتەمدار بولدى. كاشغەردىن
مىرزا شاھ قاسىمدەك ئەلف زەبان كەم چىقتاندۇر. ئوچمۇندىن
كېيىن ئاقسۇدا مەدفۇن بولدى.

ئەبدۇللاخان قىرقىزنى چاپتى. ئول قارا سەيدنى ئالىپ ياندى.
سۇڭقى يىلى ئوشتە چېرىك باردى. خان ئوشتە بارۇردا ئاقسۇ،
كۇچاغە كىشى ئەۋەردىلەر. مىرزا شاھ قاسىم بىر تەرەپ بولدى.

كۆچاغە ئەبدۇسەتتار بەگ ھاكىم بولدى. مىرزا شىر مۇھەممەد خانغە دەرۋازە تارتىپ، بىئەدەبلىك قىلدى. مىرزا شىر مۇھەممەد خاننى، مىرزا شۈكۈرنى، جاڭقان باينى قەتل قىلىپ، ئەبدۇسەتتار بەگنى ھاكىم قىلدى. ئەبدۇسەتتار بەگ پات فۇرسەتتە ۋەفات بولۇپ، كۆچاغە ئەبدۇلقەھھار بەگ ھاكىم بولۇپ ئىدى. خان ئۇشنى ئالىپ يەنە بىر يول بىلە ياندىلار. ئاقسۇ ھاكىمى قازىشاھ بەگ، ئۇچ ھاكىمى مىرزا كىچەك، كۆچا ھاكىمى ئەبدۇلقەھھار بەگ، كەلگەن ھاكىمى ھاجى بەگ، بۇلار، تۇغلۇق بەگلەر: باي ھاكىمى خانقۇلى بەگ، قازى مۇھەممەد زاكىر، خاجە شاكىر باشلىغ جەمئى چېرىك خاننىڭ ئارقاسىدىن بارىپ، «بەش بويىنان» دىگەن يەردە قىرغىز يەتتى، دۇچا بولدىلار. ئۇمەرائى قىرغىز مەسىلى قويسارى بىي، قارا كۆجەك بىي، يول بولدى بىي، ئۇچقۇرنە بىي، جاڭقان بىي ئانات شادى ۋە غەيرى ھەم سەف قەتال راست قىلىپ، مولجەر ئالىپ جەڭ قىلدىلار. ئالتىنچى كۈنى ئۇچقۇرتقە بىي مولدارخان قولىدىن بىزرۇپ ئالدى. كەشتە يۈزىدە قىرقىز تۇتتى. قىلىچقە. ھاجىبەگ، قازى مۇھەممەد زاكىر، شاكىر بەگ، ئۇچلۇق خاجە مۇناق خاجە نەقى باشلىغ يۈز كىشىنى چوقىغە چىقارىپ ئىدىلار، سالامەت چىقتى. قازىشاھ بەگ، خانقۇلى بەگنى قىرقىز تۇتۇپ قويابەردى. ئەبدۇلقەھھار بەگ، كىچەك بەگ بىر تەرەپ بولدى.

## ئەبدۇللاخاننىڭ بولۇرنى فەتھە قىلغانلىرىنىڭ بەيانى

ئەبدۇللاخان ئەنتەرەللاھۇ مەشھەدەھۇ كۆچا چېرىكىدىن باشىپ سۆكتى يىلى فەتھ بىلەر ئۇچۇن ئاتلاندى. ئەرسە بۇ

سەھەلدە تورەئى بولور شاھ بابىر ئىبنى شاھ قىزىل ئىدى. بو-
نور يۇرتىنىڭ تەسخىرى ئۈچۈن سارىغقولغە كەلدىلەر. خاننى سا-
رىغقول مىر ھەزارلارى مۇھەممەد يۈسۈف مىر ھەزار، زور قا-
سىم مىر ھەزار ئىستىقبال قىلىپ خانغە كورۇنۇش ئىتىپ قولا-
ۋۇز بولدى. پامىردىن ئوتۇپ سارىغ چىپان [غە] يەتتىلەر. مىر
ئەلى شاھ مەنسۇر ۋە خان مىر ھەزارلارى كورۇنۇش بىلىپ،
باشچى ۋە قولاۋۇز بولدىلار. ئۇقىبەئى بولوردىن ئوتۇپ بولور
[غە] داخىل بولدىلار. شاھ بابىر دەررەئى مەھكەمگە مۇستەھكەم
بولۇپ، ئوغلى شاھ رەئىسنى پىشكەش بىسيار ۋە تارتىغ بىشۇمار
بىلە كورۇنۇشكە چىقاردى. خان بىھەد نەۋازىش قىلدىلار. شاھ با-
بىرنىڭ ئاتالىغى پىكالى ئاتالىغنى ئەۋۋەل ھەملەدە ئولتۇرۇپ ئىدىلار.
بولورنى شاھ بابىرغە ئەۋۋەلقى دەستۇرى بىلە بېرىپ، مەرھەمەت-
نى قازى قىلىپ، شاھ رەئىسغە ئىنايەت پادشاھانە قىلىپ ياندى-
لار. ئەكسەر بىلاد بەدەخشاننى فەتھ قىلىپ ياندىلار. ئاۋازەئى
ئەبدۇللاخان ئالەمغە پۇر كەلدى.

خان يەنە قىرقىزغە چېرىك ئاتلانۇر بولدى. سىزىھانقولى
بەگ مەنئ قىلدى. خان يامان ئالىپ سىزىھانقولى بەگنى گۇناھ-
كار قىلدى. شەھباز بەگنى يولبارسخانغە ئاتالىق كاشغەر ھاكىمى
قىلدى. خان قىرقىزنى نارىن بويىدا چاپتىلار. يولبولدى بىي، قويسارى
بىي چېرىكنىڭ ئارقاسىدىن ئاقسايدا يەتتىلەر. خان غول يولبارس خان
بىلە شەھباز بەگ بىر ئەنغار بولدى. سەخت جەڭ بولدى. ئىب-
راھىم سۇلتان بەسى دىلاۋەرلىغ ئىزھار قىلدى. ئەمما تونۇكە
زىيان قىلدى. چېرىكدىن يانىپ، ئىبراھىم سۇلتان بىلە ئىسمائىل
خاننى، مىرزا ھەسەنبەگنى، مىرزا كەتانى ئىخراج قىلدىلار.



AltunOq

# ئەبدۇللاخاننىڭ ئەندىجاننى ۋەيران قىلغانلىقى بەيانى

ئاڭداغ نەقل قىلىپدۇرلاركىم، خاننىڭ دەۋلەتى بەركەمال بولدى ۋەتىم يىلىدا ئەندىجان[غە] مەيىل بولدى. لەشكەرى قىيامەت ئەسەرى بىلە ئەندىجان[غە]بارىپ، قەلئەئى ئەندىجاننى ئاھاتە قىلىپ تۇشتىلەر. مىرزا شاھمەد جۇۋلاس لەقەبى جالىبە ئاقسۇ ھاكىمى ئىدى، دەرۋازەئى خاكاندا كول دۇنەسى ئالىپ، غالغە چادىر تىكتىلەر. دەرۋازەئى مىرزائى شەھباز-بەگ ھاكىمى كاشغەر ئەمىرئىل ئۇمەرالىرى يولبارسخان ئىدى، يۈكۈرۈپ دەرۋازەسى ئالدى. قەلئەئى ئەندىجانغە يالاڭ قالدىلار. ئەبدۇللاخاننىڭ شۇھرەتى ئالەمغە مۇنتەشىر بولدى. ھەممە پادىشاھلار ئەندىشەمەند بولدىلار. دەۋلەت بىلە يانىپ تەختگاھغە كەلدىلەر. بىر يىلدىن كېيىن ئەندىجانغە يەنە ئاتلاندىلار. يەنە ئەندىجاننى مۇھاسىرە قىلدىلار. ئەۋۋەل ئالغاندا ئەندىجانغە بىسىيار جەفا قىلىپ ئىدىلار. ئەندىجان خەلقى جەڭ قىلىپ، شەھەرگە بېرىشىن كەلتۈرمەدى. ئالالماي ياندىلار.

مىرزاشاھ مەنسۇر بەگنى ئۇلادخان خوتەنگە ھاكىم قىلىپ ئىدى. ئۇ كۇففران نىئمەت قىلىپ، ئەبدۇللاخانغە يۈزۈلدى مۇكابات باقدى. شاھ مەنسۇربەگ ئون ئىككى يىل ۋە بەتتە ئاي ئاتالىق خان بولۇپ ئىدى. بەھانە قىلىپ، «مەككە» دىب چىقىپ بەگنى ئۇزلەرى تۇرغۇزۇپ، مىرزا شاھمەدبەگنى، مىرزا ئەھمەدبەگنى، دوست مۇھەممەد بەگنى، سارىغبەگنى، ئەنۋەر بەگنى، خاجە سەلىم مۇھەممەدنى، مەراقىنە شاھىنى قوشۇپ ئىخراج قىلدىلار. كوخانە

جۇلى بىلە ئىبەردىلەر. يامان يول ئىكەن، ﯞولادخاننىڭ ئىنتىقامى
باندى. شاھ مەنسۇربەگ بىلە بەگلەر ئىخراج بولدى. مىرزا
شەھباز بەگنى ھاكىمى ياركەند ۋە ئاتالىق قىلدىلار. ئەييۇب بەگ-
نى ئىشىك ئاغا قىلدىلار. فۇلادبەگنى كاشقەر ھاكىمى قىلدىلار.
ساتىم بىينى ياكى ھىسساردىن سان قىرقىز بىلە ئالىپ كېلىپ، ئۇرنى
ياكى ھىسسار)غە قارا كۇچەك بىينى ھاكىم قىلىپ يىبەردىلار
قارا كۇچەك بىي ياكى ھىسساردىن قېچىپ كەتتى، قىرغىز جانغە
قەسد قىلغان ئۈچۈن. ساتىم باشلىغ سان قىرقىز، نايمان، سىيماق،
قاتقالى، تىيت ۋە غەيرى ھەم بار ئىدى، ياركەند ۋە كاشغەردە
ئاقسۇ، خوتەنگە ياركەندە قىلىپ ئولتۇردىلار. ساتىم بىي ئۆرنە-
مىش بەگدە ئىدى، قاراقچى ئەييۇببەگدە ئىدى. ساتىم باشلىغ
قىرقىزغە قول قويدىلار. قاراقچى تۇيۇپ قاچىپ چىقتى. ئىدرىس بەگ
شاھ مەھمۇد شاھ ئوغلى مۇتەللىب خاجە ئارقاسىدىن يۇردىلەر.
قاراقچى بىي يانىپ ئات سالىپ مۇتەللىب خاجە بىلە شاھ مەھمۇد
شاھنى ئولتۇردى. شەھبازبەگ ئىشىتىپ كىشى يۈبۈردى. كېلىپ
دەريا بويىدا يەتتىلەر. قاراقچى، ئەييۇببەگنى قەتل قىلىپ بەدەر
كەتتى. دولان خاجە ئەبدۇلباقىنى ھەم قەتل قىلدى. ئاللايار بىي
قاتىمە چەكمەندە ئىدى، ئاقساق ئاللايار ھەم قوشۇلۇپ قاچتى.
ئارقاسىدىن شاھبازبەگنى، مىرئەبدۇللابەگنى باشلىغ [قىلىپ] جەمئى
بەگنى يۈبۈردىلار. بەگلەر ئارقاسىدىن قوغلاپ يەتتىلەر. قىرقىز ئات
سالىپ، شاھبازبەگ تۇشۇپ قالدى. يەنە خەلق قاچىپ ئىدى. قىر-
قىز مىرئەبدۇللابەگنىڭ ئارغۇماقىنى ئالىپ ئەگەرى بىلە ئالىپ
بەدەر كەتتى. مىرزا شەھبازبەگ ئانە بىلى ھاكىم ئاتالىق ئىدى،
ۋەفات بولدى. مۇھەممەت مۇئمىن سۇلتاننى ئاتالىق ۋە ھاكىم
قىلدىلار. سۇلتان مەرد باتۇر ۋە شۇجائەت ئاساد، خۇش سەۋاد،

تىرىسالىغا ھاسىل كاشقەر ۋەقەسى قىلمادى. باباقبەگ مەردى مەككار
ئىدى. يولبارسخان: «تىنى بەگنى ھاكىم، نەقىبەگنى ئىشىك ئاغا
قىلسىلار» دەپ خانغا ئىككى مەرتەبە ئەرزداشت قىلىپ ئىلارىپ
ئىدى. باباقبەگ تىنى بەگدىن، تەكرىبەگ نەقىبەگدىن ۋەھىمە بار
ئىدى. «تىنىبەگ، نەقىبەگ مىرزىيۇسۇپ بەگكە خەت كىلىدۇر،
بۇلار يولبارسخان بىلە بىرلەر» دەپ خانغا يالغان بىلدۈرۈپ،
يۈرتنى زىرۇ زەبەر قىلدى. خان تىنىبەگنى نەقىبەگ [نى] قەتل
قىلىپ، ياغى بولدىلار. مىرزىيۇسۇپبەگ بىر خەت بەردىلەر. مىرزىيۇ-
سۇپبەگنى ئەفۇي قىلدىلار. خانزادە خانىمنى قەتل ھوكۇم بولدى.
ئاخۇندى موللا مۇھەممەد ئىمىن، زىھنى بەگلەر ئەيتتىلەركىم:
«بۇ ئىشى بەسى بى ئورۇن» دەپ. بەگلەر ئەيتتىلەر: «بىز ئەيتال-
ماسمىز ئوزلەرى ئەيتۇرلەر» دەپ. ئاخۇن يانىپ بىر يانىدا شاھبەگ،
بىر يانىدا باباقبەگ، يۈكۈنۈپ ئەيتتىلەر: «ئەي پادىشاھىم،
دۇنيا بىنا بولۇپ ئاجىزەئى مەستۇرەنى قەتل قىلغان ئەمەس»
دەپ. خان ئەيتتىلەر: «يا مېنى دەيدىلەر. يا ئانى دەيدىلەر»
دەپ. ئاخۇن ياشلىغ ئۇلۇغ - كىچىك خانزادە خانىم بىلە يول-
باسخاننى پايقاباقىدا سىغارۇكىبار چىقىپ قەتل قىلدىلار. قىيا-
مەتى بولدى. ئاقسۇغە نۇرىددىنخانغە كىشى چاپتۇردىلار. نۇرىددىنخان
تىز تۇند كېلىپ خانغە كورۇنۇش قىلدىلار. خاندىن بەش كۈن-
دىن كېيىن تولەكبەگ ئاقسۇ، ئۈچ چېرىگى كېلىپ كۆرۈنۈش
قىلدىلار. بۇ چېرىككە تەمام سەرۇپاي ئىنئام قىلدىلار. ئەربا-
راي ئاتاق مەسلەھەت كوردىلەركىم، نۇرىددىنخان يوقتۇرغى يول
بىلە يۈردى. خان توبەنكى يول بىلە يۈردىلەر. ئىككى چېرىك
كاشقەرغە يەتتىلەر. يولبارسخان ياخشى خان ئىدى. ئەمما [بەد]
گۇمان ئىدى. خان بىلە نۇرىددىنخان يەتتىن كەلدىلەر، بەد گىزماللىق

قىلىپ، سەككىزگە دىپ تاغدا چىقتى. ئۇلۇقخان، نۇرىددىن، مەنسۇر ۋە مۇزەففەر كاشغەر شەھرىگە تۈشتىلەر. كاشغەر ۋە باقى ھەممىلارنى يولبارسخاننىڭ ئورنىدا نۇرىددىنخاننى نەسىپ قىلىپ، ياركەند[گە] ياندىلار. بەسى ئادەمى خەلق بىرتەرەف بولدى. شاھبەگنى ئوغلى ۋە ئىككى ئىنىسى بىلە يولبارسخان ئۆلتۈردى. نۇرىددىنخان، مىر يۇسۇفبەگ، مۇھەممەدلەتىف باشلىغ بەسى ئادەم ئەلنى قەتل قىلدى، ئەبدۇللاخان مىرخەلىلبەگ، سەيئۇللابەگ، يامغۇرچىبەگ، مىرزا شاھبەگ، مىرخەلىلبەگنىڭ ئىككى ئوغلى بىلە شاھباقىبەگنى ئۈچ ئوغلى بىلە، مىرزا شىردەمى، نەۋرۇز دىۋاننى ئۆلتۈردى. ئەبدۇل-لاخان بىلە يولبارسخاننىڭ نىزائى ئول سەككىزگە ياردىلار، خۇدايەردىبەگ كەرىيە ھاكىمى ئىدى، سەككىزگە چاپتى، دىپ كىشى ئىبەردى. خان بەگلەرنى بىزىرۆدى. بەگلەر خوتەن[گە] بارىپ ئەبدۇللا سۇلتانغە كۆرۈنۈش قىلىپ، كەرىيەگە ئۆتتىلەر. سەنگە كەرىيە سالىپ تاغدا چىقتى. خانغە كىشى چاپتۇردىلار. «بۇ ياغى سەككىزگە ئىكەن» دىپ. خان يولبارسخانغە كىشى ئىبەردىپ، كەرىيەگە كەلدىلەر. يولبارسخان ھەم «بەتتە ئالقالىق» دىگەن يەردە جەڭ سەخت بولدى. تىنىبەگ، مىريۇسۇفبەگ، ئەلىشاھبەگ، سوفىخاجە باشلىغ تەمامى خەلق كەمايەنبەغى توقۇزشتىلاركىم، ئۈچ مەرتەبە سەنگە ئات سالدى. كىبىن تۆغ - بۆعى بىلە ئات سالدى. بۇ ئادەمى ئەل ئۇشۇپ توختادىلار. رۇستەم بىرلە سەھراپ ئەگەر بولسەلەر ئىدى، بۇ بەگلەرنى پەسەند قىلۇر ئىدىلار. ئۇلۇقخان يۈز كۆرۈشتى. سوڭىدىكون يولبارسخان يۈز كۆرۈشتى.

ئەلقىسسە، شول سەفەردە يولبارسخاننىڭ خەلقىغە بەسى بىمەدەنلىك قىلدى، نىزائ پەيدا بولدى. قوچقاربەگ ياراغلىق بولۇپ بىر تەرەف بولدى. خان ياركەند[گە] كەلدىلەر. ئەندىجانغە چىرىك

ئاتلاندىلار. ئىككى خان بالەشكەر ئەنبۇخان كاشقەر[گە] باردىلار.
ئۇرىدىدىنخان ئىستىقبال قىلدى. ئەمما، مەست شۇئۇنۇر بۇزدى.
ئۇرىدىدىنخان كىشىنى كوپ قەتل قىلغاچ ياش جۇۋانمەرگ بولدى.
«سارىخ يازى» دىگەن مەۋزىئدا ئىكەن. ئالەم فانىدىن مەنزىل
جاۋىدانىغە مەيل قىلدى. ئوتتۇز بىر يىل ئومۇر كوردى. ئون
سەككىز يىل ئاقسۇغە خان بولدى. بىر يىل كاشقەر[گە] خان
بولدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## ئىسمائىل خاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلا- رىنىڭ زىكرى

ئانداغ مەنقۇل دۇركىم، خاننىڭ خانلىقىدىن ئوتتۇز ئىككى يىل
ئوتتى. يولبارسخاندىن خەبەر كەلدى. خان بەسىۋەسەم ۋە ھەراس
قىلدى، ئىككى نىمەدىن: بىرى ئولكى، ھاشىمبەگدەك، ئەلشاھبەگ
دەك قازى مىركەلان، قازى مۇھەممەد رەھىم، تۇرچىبەگ، سۇلتان
ئۇلىبەگ ھەمرا ئىدى؛ يەنەبىرى ئولكى، خان ئاخىر[قى]
ۋەقتىغىچە خونرىزلىق قىلدى، ھىچكىمنى ئىئتىماد قىلالمادى.
تولەكبەگ كاشقەر ھاكىمى ئىدى، فەۋت بولدى. قويسارى بىبىنى
ھاكىم تىكلەدىلار. يولبارسخان ئەندەك كىشى بىلە ئارتۇچ[قە] كەلدى،
ئارتۇش خەلقى كورۇنۇش قىلىپ، دەرۋازە ئالدىغە ھەمراھ [بو-
لۇپ] كەلدى. شەھەردە بىر نەچچە كىشىنى قىچقىردى، پات يان-
دى، ھىچيەردە تەۋەققۇف قىلمادى. «يولبارسخان ياندى» دىب
خەبەرچى كەلدى، خان باۋەر قىلمادى. باباقبەگ ھەم ھىندۇستان
[غە] بارورغە تەرغىب قىلدى. خان باباقبەگ يەنە ئىچكىلارى

بىلله مەككىگە نىيەت قىلىپ چىقتىلار. ھەزرەتنى مەخدۇم زادە خا-
جەم قاددەسسەسىررۇھۇ ۋەسىمبەگ ئاقسۇ [غە] باردىلار. ھەيدەر-
بەگ، تىمۇرسۇلتانى خوتەن بىللە ئاقسۇ [غە] باردىلار. خان ئۇق-
ەتنى مۇز تاغقا ئېقتىلار. پادىشاھى ھىندۇستان خاجە ئىسھاق
خابەنى خانغە ئەلچى قىلىپ ئەۋەرىپ ئىدى. خاجە راھبەر بو-
لۇپ مۇز تاغدىن ئۆتتىلەر. بەرھەمزار بالتى ئاماققولى خان ئىس-
تىقبال قىلىپ، خىزمەت قىلدىلار. بالتىنىڭ يەنە بىر ھاكىمى
شاھمۇرادخان ئۇل ھەم ئىستىقبال قىلىپ، خوب خىزمەتكارلىق
قىلدى. كەشمىر [گە] ئۆتتىلەر. ھاكىمى كەشمىر مۇبارىزخان خان
بىللە لاھۇر [غە] باردىلار. ساھىبسۇبەئى لاھۇر مۇھەممەد ئەمىن
خان خاننى مېھمان قىلىپ ئۆتكەردى. خان جەھانئاباد [غە]
باردىلار. پادىشاھ جەھان تەۋرەنىڭ شاھ ئاتلىغ جەئفەر خاننى
خاننىڭ ئىستىقبالىغە چىقاردى. جەئفەرخان راھبەر بولۇپ، خان-
نى پادىشاھغە مۇلاقات قىلدۇردى. ئىككى پادىشاھ يۈز كورۇشتى-
لار. مەنسۇرخان راھبەر بولدى، پادىشاھ خاننى مەككىگە ئۆت-
كەردى. خان ھىندۇستان [غە] بارىپ باباقنىڭ خەباشتىنى تۆپى-
دىلار. دەريايى شوردىن ئۆتۈپ. مەككەئى مۇئەززەمەگە مۇشەررەف
بولدىلار. خاننىڭ يۈزەن بەركەتلەردىن كوپ كىشى ھاجى ئەل
ھەرەمەين بولۇپ ياندىلار. خان كەينە بىللە دەريادىن ئۆتۈپ.
ھىندۇستان [غە] كەلدىلەر. پادىشاھ خانغە ۋەكەبايەنىبەغىيە مۇلا-
ھەزەت ۋە ئىنسانىيەت قىلدىلار. خان ھاجى ئەل ھەرەمەين بو-
لۇپ، ئالەمدىن سەفەر قىلدىلار.

ئەبدۇللاخان قازىل، ھىممەتلىك، شۇجائەت ۋە بەخشەندە
دىلبەر خان ئىدى. تەمام مۇغۇلىيەگە ئوتتۇز ئىككى يىل خانلىق
قىلدى. ئاتىسىنى يەتتە يىل تۇرغۇر كوردى. جەھان ئاباددا سد-
ۋۇن بولدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# گۇۋۇتار جۇلۇس بەھرەم شاھ يولبارسخان
# بەرتەخت ۋە قەتل يولبارسخان

ئەبدۇللاخان مەككەگە سەپەر قىلدىلار. خاننىڭ نەۋكەرلەرى يولبارسخاندىن ۋەھىم قىلىپ، ئاقسۇغە يىغىلدى. ئىسمائىلخان چالىشدىن ئاقسۇ [غە] كەلدىلەر. ياركەند بەگلەرى، ئاقسۇ بەگلەرى يىغىلىپ خان كوتەردىلەر. ئىسمائىلخان نەۋۋەرە مەرقەدەم خاجەم قەددەسە سىررەھۇ ياركەند [گە] كەلدىلەر. يولبارسخان ئىلتەرى كېلىپ خان بولدى. ئىسمائىلخان ئاقسۇغە ياندىلار. سونى خاجە. خاجەم پادشاھ بىلە ئاقسۇ [غە] باردى. داۋۇد خاجە: «ئەلشاھ بەگ ئاغام» دىپ، تۇرۇپ قالدى. خان داۋۇد خاجەنى ئۆلتۈردى. مىرزا ئەلشاھ تاغدىن كەلدى. يولبارسخان بىر يىل خان بولدى. ... جايىلاق بىلە ئىتتىفاق قىلىپ. ئەركە باپان كورنەمەك جانىنى ئۆلتۈردى.

يولبارسخان ئوتتۇز ئىككى يىل كاشغەرگە خان بولدى. بىر يىل تەمام يۇرتقە خان بولدى. قىرق بىر يىل ئۆمۈر كوردى

ئەلشاھ بەگنى يولبارسخاننىڭ كۆچى بىلە ئەۋەز بەگ ئۆلتۈردى. بۇ خەبەر ئاقسۇغە كەلدى. ئىسمائىلخان ھەزرەت خاجەم ئاقسۇ [غە] چېرىك كەلدىلەر. خوجەكىن يالداش تاشمىلىك ئوغلى مۇللا زىيانەتەرىدە كەلدى. ئەۋەز بەگ ئاغاتى خاجەم تاپاڭلار شەھرىگە كىرىپ مۇستەھكەم بولدىلار. خوجەداندا جەڭ بولدى. قاسىم بەگ يارالىق بولدى. قارغە [لىققە] باردىلار. خان خاجەم بىر تەرەپىگە ھەيدەر بەگ، بىر تەرەپىگە قاسىم بەگ، غە-

ياسىبەگ ۋە جەمىئ مىرزا خاجە ئاتلىغ كىشى بىر تەرەپتىكە قا-
باپ، زور بىلە ئالدىلار. ياركەنتدىن زىبا خاجە، توختە خاجە،
كاشقەرلىكدىن ماتەيبەگ، ئەبدۇررەھمانبەگ، قىلىچبەگ كومەك
[كە] كېلىپ ئىكەن. قارغەلىقنى ئالغان خەبەر ياركەندگە كەلدى.
سۇلتانلار بىلە ① ئاپاق خاجەم، دولا قارا خاجە كاشقەر
باردىلار. ياركەند خاجەلەرى بىلە غىياسبەگنى كاشقەرگە ئەۋەر-
دىلەر. يولبارسخاننىڭ ئوغلانلارىنى ئولتۇرۇپ، كاشقەر يۇرتى
[غە] كەلدى.

## ئىسمائىلخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلارىنىڭ زىكرى

ئەبدۇررەھىمخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى — ئىسمائىلخان بەسى
ئادىل ۋە بەھادۇر، باۋقار خان ئىدى، ئەمما سادە ئىدى. يول-
بارسخان قەلەندەر بەگ بىلە ئاباقبەگنى چېرىك ئەۋەردىلەر.
بەشيۈز كىشى ئاقيار بىلە كەلدى. ھەر ئىككى چېرىك خانى-
بىجاي كورمەي قاچتىلار. ئىسمائىلخاننىڭ چېرىكى ئولجە غەنى-
مەت ئالىپ، جابدۇغلۇق بولدىلار، كېلىپ تەخت ياركەندگە بەر-
قەرار بولدىلار. قويسارىنى كاشقەر ھاكىمى قىلىپ، ئوغلى كۆ-
جەكنى ئىشىك ئاغا قىلىپ ئەۋەردىلەر. قويسارى بېي، كۆجەك
ئىشىك ئاغا كاشقەر خەلقىغە زۇلم بىدار ئاغاز قىلدى. بابا-
سۇلتان، كىچىك خانىم پادشاھ كاشقەردە ئىدىلار. قىرقىزنىڭ
يىغىدالىقى خانىم پادشاھغە مەلۇم بولدى. ئىتتىفاق قىلىپ، كاش-
قەر بەگلەرى: مىسلى سۈزۈكبەگ، قاسىمبەگ، شەرىفبەگ، توپچى

① قوليازما نۇسخىدا «بىلەمىز» يېزىلىپ قالغان.

بەگ باشلىغ كىچىك بەگنى ئوردادا تويچى بەگ ئۆلتۈردى.
قويسارى بېيىنى بىلمەيمە بەشچە كىشى بىلە تولغۇزدىلەر. ئىدرىس
بەگ قاچتى، كىشى ئەۋەتىپ ئالىپ كەلدىلەر. كاشغەرغە خان
ھەزرەت خاجەم چىرىك باردىلار. قىپچاق بېگلەرى ئاباق
جەگەل، خۇدانەزەر، يولبولدى، چىغىر بېگلەرگە شەقەر بەگلەرى
بىلە بىر بولۇپ چوڭ باغىشنى ئولتۇرۇپ ئىدى. خان ئاباق بېگ
نى، جەگەلبەگنى، خۇدانەزەر بەگنى، يولبولدى ياساۋۇلنى،
چىغىر بەگنى چوڭ باغىشتە تۇتۇپ بەردىلەر. مىرزۇك بەگ
بىلە تويچى بەگنى، قاسىمبەگ بىلە شەرىفبەگنى تۇتۇپ ئىدىلار.
مىرزۇك بەگ بىلە تويچى بەگنى ئۆلتۈردىلەر. قاسىمبەگ شە
رىفبەگ باشلىغ ئۆزلەرنى ئەفۋ قىلىپ، شىردىلبەگنى كاشغەر
ھاكىمى قىلىپ ياندىلار. باباقبەگ بەلخدىن كەلدى. يەنە ھاكىم
قىلدىلار. ئاباقبەگنى، جەگەلبەگنى، خۇدانەزەر، يولبولدىنى
چوڭ باغىش قەتل قىلدى. قىپچاق باباخانغە باردى. ئىسرائىل
خان كۆچا [عه] باردىلار. خان تۇرفانغا تۈشتىلەر. مىرزا مەھ
دى بەگ، ئەنۋەربەگ، ئىدرىسبەگ، تەڭرىقۇلبەگ، شىردىلبەگ باشلىغ
جەمئ ئومەرا خاننى ئىلدىلار. خان ھەم بارچەسىنى ئەررىگە چىقىپ
[illegible] [قه] بارماي، يەتتە يىل تۇتۇپ، كەرىيەدىن خەبەر كەل
دى: «جوجكىن كەلدى» دېپ. خان كەرىيەدىن ئۆتۈپ، قايتقانى
جوجكىن بىلە يۈز كۆرۈشتىلەر. جوجكىنگە ئىنئام - ئېھسان قىل
دىلار. جوجكىن ھەم كېلىپ، ياركەندە جەھەننەمگە سەپەر قىلدى.

ھەزرەت ئىسمائىل خان بەسى ئەدالەت شىئار، راست
گۇفتار، نىكوكىردار، [illegible] تاشار كىشى ئىدىلار. ئاقسۇغە
بىر يىل [illegible] يۈرت ئالىپ، ياركەندگە [illegible] ئون ئىككى يىل
خان بولدىلار. [illegible] يىل تۇمۇر كۆردىلەر. ئون يەتتە

بىندا بارىپ، يىگىرمە بەش يىل يالداغنىڭ ئىچىدە بولدىلار.
ئىسمائىل خان بەسى سادەدىل كىشى ئىدىلار. ئەۋۋەل ئىلتۈەربەگ
هاكىم بولۇپ، ئىشلىك بۇزۇلدى. باباقبەگ، ھەيدەربەگ هاكىم
ھەم بولدىلار، خاننىڭ ئىشكى تۈزۈلمەدى. خان ئۇلۇغلارنىڭ
سۆزىگە ئۇنىماي، كىچىكلەرنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلدىلار. دۆلەت-
لەرى ئاخىر بولدى. سۇلتان سەنجەرى مازى دىن سوردىلار:
«ئاتمىش يىل پادىشاھلىق قىلدىڭىز، مۇنداق ۋەسىئ مەملىكەت
ۋە تولا چېرىك بىلە ئۆچۈك دەرماندە بولۇپ، باسرۇق بولدى-
ڭىز؟» دىب، سۇلتان سەنجەرى مازى ئەيدىلەر كىم: «مەندىن
خان ئۆتۈنتى: ئۇلۇق ئىش [لار]نى كىچىكلەرگە بۇيرۇپتۇرمەن.
كىچىك ئىشلارنى ئۇلۇغلارغە تەگىز قىلدىم. ئۇلۇق كارۇبار كى-
چىكلەرنىڭ قولىدىن كەلمەدى. كىچىك كارۇ بار [نى] ئۇلۇغلار
قىلدىلار. ھەر ئىككىلا ئىش تەباھ بولدى» دىب.

ئىسمائىل خان كىچىكلەرنى — ئۇلۇغ، ئۇلۇغلارنى — كى-
چىك كۆرۈپ، دۆلەت ئاخىر بولدى. خان بەسى شەرئى مايىل
بولدىلار. مەملىكەتدارلىقدىن غافىل بىر خەبەر يىراق - يېقىنغە
يەتتى. باشقۇ ئەبدۇرەشىدخاننى. مۇھەممەد ئىمىن خاننى، ئا-
فاق خاجەنى ئالىپ كاشغەر، ئۆرەسىگە كەلدى. بىر نەچچە كىشى
بۇزۇلۇپ كەردى. غىياسبەگ هاكىم ئىدى. باباق سۇلتاننى چىقالى
دىب، ئۇزى باشقۇخان قاشىغە باردى. باباق سۇلتاننىم فەيزئابا-
[قە] بارىپ، ئول كورنەمەكلەرنى تۇتتى. خانىم پادشاھ سەلامەت
كەلدىلەر. باشقۇخان كاشغەرنى ئالىپ ياركەند [گە] كەلدى. خان
ھەممە ئەلگە مولجەر بېرىپ، مۇستەھكەم بولدىلار. شۇبۇ ئەثنا-
دە ئەمىرۇل ئۇمەرەخان مىرزا ھەيدەر دوغلات مولجەردە شەر-
بەتى شەھادەت نوش قىلىپ، باغى فىردەۋس سارى پەرۋاز قىل-

دىلار، يەككە شەھىد بولدىلار. خان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇغە مۇ-
نىس ۋە ھەمدەم قالمادى. خان ناچار، بىچارەۋار چىقتىلار.
ھەزرەت خاجەم ھەم چىقتىلار. ئەلچىلىككە ئەييۇببەگ ياسازۇلنى
چىقارىپدۇرلار. ئۇل ھەم خاننى بىدىل قىلىپ بىرپاي قالدى.
ئەركە بايانھەم بۇزۇلدى. خان چىقتىلار.

## گۇفتار مۇددەت خانىيەت سەئىد سۇلتان باباخاننىڭ بەئزى زىكرى

باباخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئەبدۇررەھىمخان نەۋۋەرە
مەرقەدەھىنىڭ تورتىنچى ئوغلى ئەبدۇللاخان ئەبۇل مۇھەممەد
خانغە ئىتتىفاق بىلە قامۇلنى بەردىلەر. مىرزاتولەك بەگنى ئاتا-
لىق قىلىپ ئىبەردىلەر. باباخان مۇسۇلمان ۋە مۇتەرەييىن ئەھلى
شەرئى ئىدى. ھەر كارۇبارنى شەرئەت بىلە ئەيسەل بىرۇر ئى-
دى. شەرئەت مۇتەھەييەرەئى غۇرادىن ھەرھوكدى بولسە ھەركىز
كۇلنەت بولماس ئىدى. تولەكبەگنى چالىشقە ئۇچ بىرگى قىل-
دىلار. ئەبدۇلغەفۇربەگ [نى] قامۇلغە ھاكىم ۋە ئاتالىق قىلدى-
لار. خىتايغە چېرىك ئاتلاندىلار، غەزات قىلغالى، تەي مەراھىل
ۋە مەنازىل قىلىپ سوكچى [غە] كەلدىلەر. سوكچى خەلقى باشنى
ئاياق قىلىپ، ئىستىقبال قىلدى. تۇتىبە ۋە سىككەنى خاننىڭ
ئاتىغە قىلدىلار. قامچى [غە] باردىلار. مەملىكەتى قادىچىنى ھەم
فەتھ قىلدىلار. غەنىمەت ۋە ئولجە بىسى ئالدىلار. ئامىرى ئەئ-
زەم بىلالادى چەن دىب، تورەلەر قامچىدىن خانبالىققە چېرىك
ئىبەرىپ، ئارقاسىدىن ئۇزلەرى بارغۇنچە قامۇلدىن خەبەر كەل-

دى: «تۇرپاندىن لەشكەر كېلىپ، قامۇلنى قابادى» دېيىپ. بۇ خە-
بەر ناخۇش كەلدىكى ياتاچە قامۇلغە ياندىلار. باباخان تەغمىرە
ھۇللاھۇ بىغۇفرانە قامۇل [غە] كەلدىلەر. تۇرپان چېرىكى قەل-
ئەئى قامۇلغە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئىدىلار. قاچىپ تۇرپان [غە]
كەتتىلەر. ئەبۇل مۇھەممەدخان تۇرپاندا رەھمەتى ھەققە ۋاسىل
بولدىلار. باباخان قامۇلدىن تۇرپان [غە] كەلدىلەر. مەنسۇر بەگ،
ئەبدۇررەززاق بەگ باشلىغ جەمئ ئۇمەرا[1]. قازى خاجە باشلىغ
جەمئ ئەكابىرلار يىغىلىپ تۇرپانغە خان كوتەردىلەر. ئەبۇل مۇ-
ھەممەدخاننىڭ نەئش لارىنى مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتاندىن يار-
كەند [گە] ئىبەردىلەر. مەھدى سۇلتانغە چىغىتاي مايىل بولدى.
مىرزا مۇھەممەد ئىشىك ئاغا تاسۇرقاي خاجە سانسىز مۇھەممەد
ئەيىۇب پەھلەۋاننى ئىخراج قىلىپ، ياركەند [گە] ئىبەردىلەر.
ئۇلۇقخان بولارنى تەربىيەت قىلدىلار. ئەبدۇررەھىمبەگنى ئىكى-
چىن ھاكىمى قىلدىلەر. ئەبدۇررەھىم بەگ بىلە ئىكچىن خەلقى
نىزائگىن بولۇپ، مىرزامۇساھىب، مىرزا ھاتەم، موللا فازىل بىر-
ردىكىپ، ئىبراھىمخاننى ئىكچىنغە خان قىلدىلار. باباخان قامۇل
[غە] كەتتىلەر. تۇيغۇنبەگ، ھاجىبەگ، باباقبەگ باشلىغ تۇرپان
خەلقى ئىبراھىمخاننى تۇرپانغە خان قالدىلار، «مۇھەممەد ئىمىن
خان پىچانىدا قالىپدۇر» دېيىپ، مىرزا مۇساھىب بىلە باباتبەگنى
چېرىك بۇيرۇدىلەر. تۇرپان چېرىكى بۇزۇلۇپ، مىرزا مۇساھىبنى
ئولتۇرۇپ، باشىنى قامۇلغە-خانغە ئىبارىپ، مۇھەممەد ئىمىنخاننى
ئالىپ تۇرپانغە كەلدىلەر. ئىسمائىل خان كومەككە تايشى قاشغە
بارغان تۇرپان خەلقى ئىبراھىمخاننى ھۇجۇم ئام بىلە باباقخان
كەلمەسدە شەھىد قىلدىلار. مىرزا مۇھەممەد زەرىق، مىرزا نەۋ-
روز، دەۋلەت مۇھەممەد تۇغىبىگى خان بىلە بىر تەرەپ بولدى.

باباخان تۇرپاندا يېگىرمە يىل خان بولدىلار. ئۇلارنىڭ ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. باباخان نەۋۋەرە مەرھەمەتىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى: ئەۋۋەل ئەبدۇررەشىد سۇلتان، ئىككىنچىسى مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان، ئۈچىنچىسى مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان دېب. باباخان چالىشدا ئالەمدىن ئۆتتىلەر. ئەبدۇررەشىد سۇلتان قامۇلدا ئىدى. ئالىپ كېلىپ خان كۆتەردىلەر. مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان چالىشدا ئىدى، چالىشنى مەئاش [نى] تۇرپاندىن تىلەدىلەر، مەئاش ئېبەرمەدىلەر. ئاراغە نىزاغ تۈشتى. مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان لۈكچۈن [غە] كەلدى. جەڭ جەدەل نەچچە مەرتەبە قىلدىلار. باشتىزخان، ئەبدۇررەشىدخان تۇرپاندا خان بولدى.

## جۇلۇسى ئەبدۇررەشىدخان بەرتەخت ياركەند

مۇھەممەد ئىمىنخان، ئاقباشخان باشتىزخان قېشىدا ئىدىلەر. تۇرپانغا كىشى ئىبارىپ، ئەبدۇررەشىدخانغا ئاپاق خاجەمغە چىررىك ئالىپ كەلدى. ياركەندگە ئەبدۇررەشىد خاننى نەسەب قىلىپ، باشلاپ ياندى. ياركەندگە ئۆز بەگنى ھاكىم، قەلەندەر بەگنى ئىشىك ئاغا قىلدىلار. كاشغەرغە سوپى سۇلتاننى قويۇپ، ئاقسۇغە ئەركە سۇلتاننى قويدىلار. خوتەنگە خۇدا بەندە سۇلتاننى قويۇپ، ئەبدۇلغەفۇر بەگنى ئاتالىق قىلدىلار.

كۆجۈك پەھلىۋانغا مۇھەممەد ئىمىن خاجە ياغى بولدىلار. خان بارىپ كەربەنى ئالدىلار. كۆجەك پەھلىۋاننى مۇھەممەد شەرىف پەھلىۋان ئۆلتۈرۈپ، كەربەنى بۇزۇپ بەردى، مۇھەممەد ئىمىن خاجەنى ئۆلتۈردىلەر. مۇھەممەد شەرىف بەگكە ئاي كېر-

تەردى، ئەمما، ئاتى تۇتۇپ گۆرەۋگەر بولدى، پارچە گوشت بولۇپ ياتادۇر. كۆجەك بەگ شەھىد بولدى. مۇھەممەد شەرىفبەگ پەھلەۋاننى كەرىيە ھاكىمى قىلىپ ياندىلار. خاجە بىلە خان نىزائىمىن بولۇپ، خاجەم تاغقە باردىلار. ئەۋەزبەگ ھەم خاننى چاقتى. خاننى تاغقە ئالىپ چىقتى. ياركەندنى ئەۋەزبەگ بىلە ئىسنەندىيار بەگكە تاپشۇردى. كاشقەرگە يۇلاتتۇزى بەگ ھاكىم بولدى. قاراخاجە ئىشىك ئاغا بولدى. ئەۋەز بەگ بىلە ئىسنەندىيار بەگنى خان بىلە ئىچكەن ئانت تۇتۇپ، ئۇلادى بىلە ناچىز بولدى. ياركەندگە مىرزا مۇھەممەد شاھبەگنى ھاكىم قىلدىلار. مىرزا تولەكبەگنى كاشقەر ھاكىمى قىلدىلار.

## جۇلۇسى مۇھەممەد ئەمىنخان ئىبنى باباخان

ئانداق نەقل دۇركىم، مۇھەممەد ئەمىن خان ئانداق ئېيتتىكى: «لەۋائى ئىسلام سەرنىگۇن بولدى، ئىلىم كۆز ئۇيۇزۇقتە يەتتى» دېب. جىبرىلك ئاتلانىپ كۆچا [غا] كەلدىلەر. كۆچا خەلقى ئىتائەت قىلىپ، ئاقسۇ [غە] كەلدىلەر. ئاقسۇ خەلقى ئىستىقبال قىلىپ شەھەرگە تۈشۈردىلەر. ياركەند كەلدىلەر. جەمىئ ئەكابىر ۋە ئۇمەرالار قۇربلىتاي قىلىپ خان كوتەردىلەر. مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ خىدمەت قىلدىكى — كۆفر نىگۇنسار بولۇپ، ئىسلام رەۋاج تاپتى. بىر نەچچە قالماقغە كودۇل بەرگەن كىشىلەرنى قەتل قىلدۇردى. خاجەمنىڭ ئىتتىفاقلارى بىلە پىشكەللىك يەتەر شەھىدلىق كۆفرغە رەۋاج بەرگەنى. ئىسلامنى زەلىل قىلغاي دەپ، لاد سالىپ تالدى، بايان بۇ بىندىيانىدتلەر مىكرۇ ھىلە بىلە بەگ-

نى شەھىد قىلدى. بۇ مۇھەممەد شادبەگ بەسى خۇشخۇي ۋە دىلاۋەر ۋە نىكۇسە كىشى ئىدىلار. پۇلاد شەيقاۋۇل تاغدىن كەلدى. خاجەم ياقاغە چىقىپ تۇردىلار. مىرزا شاھمۇھەممەد بەگنى شەھىد قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن خان ياركەندگە كېلىپ بەرقەرار بولدى. مۇھەممەد ئىمىنخان خاجەمغە كەما يەنبەغى ئىتائەت قىلىپ، مۇرىدلىقنى بەجا كەلتۈردى. خۇدا بەندە سۇلتان ئاقسۇ تورەسى ئىدى. خاجەم مۇخالەفەت ئىزھار قىلىپ، خاجەم بىلە جىمر بولدى. ئاقسۇ ئۇزەسىگە چېرىك بارىپ، خۇدا بەندە سۇلتاننى ئالىپ قەتل قىلدىلار. ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننى ئىخراج قىلدى. خان خاجەمنىڭ ئىشىغە ئىئتىراز قىلدى. خاجەم ئىشتىپ ئەيرادالىپ ئاراغە نزاڭ تۈشۈپ، «خان سەيلى» دېب شەھەردىن چىقىپ يۈردى. خاجەم بەرھەمسەيىپ ئوغلىغە كىشى ئىبەردى. كىچىك خاجەم كاشقەردىن كېلىپ، ئوردانى ئالدىلار. خان قارغەلىقدىن قۇلاغان كەلدى. خاجەم سۇ ياقىسىغە تۈشتىلەر. مىرزا سارىق بۇزۇلدى، دارجا تورە بۇزۇلدى. بۇلارنى ئانت تۈتتى، قىرغىن بولدى. خان نامۇس قىلىپ قاچمادى. خۇدا بەردى بەگنى ئاتىپ ئۆلتۈردى.

مۇھەممەت ئىمىن خان بەسى شۇجائەتلىك، دىلاۋەر خان ئىدى. «پىرىم پىرغە مۇخالەفەت يامان» دېب، گوياكى قەزاغە رىزا بەردى. خاننى جارۇب شەھىد قىلدى. خاجەم ئوغلىنى خان كوتەرىپ «يەھياخان» دېب خۇتبە ئوقىدى. باباخان نەۋرە مەرقەدەھۇ خاجەمغە خىزمەتكارلىق كەمايەنبەغى قىلىپ، خاجەمغە قىز بېرىپ داماد قىلدى، ئارىق نىياز قىلدى، ئانداغ خىزمەت بەجا كەلتۈردى.



Altun Oq

مۇھەممەد ئىمىن خان شەھىد بولۇپ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلۇق خاجەم ۋەپات بولدىلار. خاجەمدىن سەككىز ئاي كېيىن كىچىك خاجەمنى قالماق ئۆلتۈردى. خاندىن كېيىن، ئىككى خاجەم ئىككى يىل ۋە ئىككى ئاي جەھەندارلىق قىلدىلار. خانىم ئوغلى پادىشاھ خاجە بىلە مەملەكەتكە مۇتەسەررىپ بولدىلار. ئاللابار بەگ ھاكىم ئىدى، قاچىپ چىقتى. كەينىدىن بەگلەر بارىپ ئەجەپ ئاسان تۇتۇپ كەلدىلەر. ئاللايار بەگنى ئىككى ئاتنىلار تۇتتى. ھەر قايسى بەگ قارا يانجۇق دېيىپ ساقلىغان قارا يانجۇقنى خۇرۇج قىلىپ، خانىنى تۇتۇپ، بەگلەر بىر ئۆيگە قىرىغاداپ قالدىلار. ئەركە ۋەبا چەمشىد كۆپ كىشى ئۆلدى. بەگلەر خانىمنى ئىتتىپاق قىلىپ ئۆلتۈردىلەر. خانىم بەسى زالىم ۋە جاللاد ئىدى، ئەممەسىنى ۋە خالەسىنى قەتل قىلدى. ئاقباشخاننىڭ خەبەرى كەلدى. پادىشاھ خاجەنى ئېلىپ، تىنى بەگ قەدىردى بەگ سارىق كاشتەر [گە] كەتتىلەر. يۇسۇف ياسازۇل كېلىپ ئىدى، ئالتى تورت كۈندىن كېيىن دىۋانەلەر ئۆلتۈردى. ئاقباشخان يېقىن يەتتىلەر. مىرزا ئەلىشاھ كىشى ئىبەرىپ، ياركەنددە بار كىشىنى خانغە سپارىش قىلدىلار. ئەلىشاھبەگ شەھەرنى زەبت قىلىپ تۇردىلار.

## جۇلۇس مۇھەممەد مۇئمىن ئاقباشخان

ئاقباشخان ھەزرەت باباخاننىڭ ئۈچىنجى ئوغلى [ئىدى]. تورپان بەگلەرى، ياركەند بەگلەرى يىغىلىپ، ئابائى كىراملارىنىڭ تۇرنىدا خان كۆتەردىلەر. كاشتەرغە چىرىك ئاتلاندىلار.

ئارزۇ مۇھەممەد بەگ باشلىغ قىپچاقلار خانغە كەلدى، يەكى ھە-
سارنى زوردا ئالىپ، خۇدا بەردى ياساۋۇل بىلە قاسىم خاجەنى
قەتل قىلدىلار. ئاندىن كاشقەر [گە] باردىلار دەريايى لەشكەر
بىلە. تىنى بەگ، سارىقبەگ قاچىپ چىقتىلار. كاشقەرنى ھەم
ئالدىلار. خاجە مەقسۇد خاجەنى، مۇبارەكشاھبەگنى يۇرتقە بەر-
دىلەر. كاشقەر يۇرتى كەلەڭ سالىپ ئۆلتۈردىلەر. بىر قىرقىز
تىنى بەگ بىلە سارىقبەگنى تۇتۇپ كەلدى. تىنى بەگنى ئاللا-
يار بەگنىڭ ئوغلەنلەرىغە بەردىلەر، ئۇلار ئۆلتۈردى. سارىقبەگ-
نى يۇرتقە بەردىلەر، يۇرت خەلقى قەتل قىلدى. ئاخۇند موللا-
نەزلۇللا ھاكىمى ياركەند بولدى. ئەلىمبەگنى مىراب قىلدىلەر.
خاننىڭ دەۋلەتىغە بۇ ئىككى ئىش زىيان قىلدى. سۇلتان ئەھمەد
سۇلتان كاشقەر خانى ئىدى. ئارزۇ مۇھەممەد بەگ ئاتالىق ئى-
دى. كاشقەردە قىرقىز سۇلتاننى تۇتۇپ، كوپ تورپان كىشىسىنى
قەتل قىلدى. تورپان بەگلەرى كاشقەرگە چېرىك بارۇرنى مەس-
لەھەت كۆردىلەر. خاننى ئالىپ ئاتلاندىلار. چوڭ باغىش [قە] كې-
لىپ سەروبا كىيىپ، ئىلتىفات كورۇپ، يەنە مۇخالىفەت قىلىپ
قىپچاققە بوزۇلدى. ئەلىمبەگنىڭ ئىچىدە كوپ مۇخالىفەت بار ئى-
دى، بوزۇلدى، قىرقىز خاننى ئالدى. مىرزا ئەلىمشاھبەگ ئاقسۇ
مەزارىغە كىرىپ، قىرقىز بىلە مەسلەھەت قىلىپ، سالامەت كەلدى-
لەر. قىرقىز كاشقەر خەلقى [نى]، ياركەند شەھرىگە كىرىپ خا-
سۇتامنى تالان قىرىپ ئالدى. ئارزۇ مۇھەممەد بەگ، سۇلتان
ئەھمەد سۇلتاننى خان قىلىپ، تۇزى ھاكىم بولدى. ئاقبەگ
ياركەندىن چېرىككە كەلگەن ئادەمى خەلق بىلە ئىتتىفاق قىلىپ،
مىرزا ئەلىمشاھبەگ باشلىغ ياركەند بەگلەرىنىڭ ئاتلارى بىلە
قىرغىزلارغە كىشى ئىبەردىلەر. بۇ خەبەرنى ئېيتتى، ئارىدە قىرغىزلارى

جوقولا قاشقه باشلىغ قالپاق چىرىكى، ئاقىدىكى باشلىغ ئاقسۇ چىرىكى، ئەۋەر بەگ باشلىق كۇچا چىرىكى بىسە كەلدىلەر. قىرقىر بەددر كەتتى. ياركەندگە مۇراد بەگ ھاكىم بولدى. مىرزا ئەلىمشاھبەگ ئىشىك ئاغا بولدى. فۇلاد بەگ كاشقەر ھاكىمى، مىرزا عازىمبەگ خوتەن ھاكىمى بولدىلار. ئاقىبەگ بەئزى مۇخالىفلىنى يۇرتىدىن ياك قىلغالى ئىھتىمال قىلىپ، يەنە قىرقىزنى مۇخالىفلىنە خەلقى ئالىپ كەلدىلەر. قىرقىزنىڭ ئۇزەسى كاشقەرگە چىرىك ياردىلار. ئاقىبەگ چىرىكدىن ياركەنىد [گە] كەلمەي، ئاقسۇ [غە] ياندى.

جوقالا قاشقە باشلىغ قالپاق چىرىكى چىقىپ يۇردى. بەئزى كىشى قالپاق بىلە چىقار بولدى. مىرزا ئەلىمشاھبەگ ھىممەت ۋە ساداەت بىلە توختادىلار. بىسيار كىشىگە مۇشكۇللەر ئاسان بولدى. ئارزۇ مۇھەممەد بەگ كاشقەر [گە] باردى. بىنە قىرقىزنىڭ ئەزىيمات ۋە ئۇلۇغلارى ياركەندە ئىدىلار. مىسال يولبولدى بەگ، قوشقۇلاقبەگ، خاجەمىيار بەگ، سارىقبەگ، قۇربانبەگ، جارۇبەگ، مۇھەممەد يەدالۋول، باي كۇجەك ياساۋۇل. ھەزرەت ئالىي ھەزرەت خاجەم پادشاھ داڭە دەۋلەتەغە شۇ چاغەت شىقار مىرزا ئەلىمشاھبەگ باشلىغ جەمى ياركەند بەگلەرىنىڭ ۋە يۇرت خەلقىنىڭ مۇرىد ـ مۇخاملىقلارى ۋە قىرقىز بىلە بەئزى مۇخالىفنىڭ قەسد قىلغانى ھەزرەت ئەزىزلەر كەرامەت بىلە مىرزا ئەلىمشاھبەگ تەدبىر ۋە ھىممەت قىلىپ ۋە قىرقىزنىڭ خارۇ زەلىل بولغانىنى زۇبدەئى ئەۋلاد ھەزرەتى سەيىد ئالەم ۋە سىراج سەبەت مەخدۇم ئەئزەم ھەزرەت خاجەم ۋىلايەتىدىن تەشرىف كەلتۈردىلەر. شىمەئى بۇ ۋاقىئە ئاڭلاتىپ يۈرۈكىم، قىرقىز بەگلەرىنىڭ دىماغىغە كىبر ۋە نەفرەت جايىگىر بولدى. بەئزى مۇفەتتىشىن ئوغرا قىلدى. بۇ مۇنىكىرلار ھەزرەت خاجەم

پادىشاھنى قولغا ئېلىپ، يۇرتتا مۇتەسسەررۇف بولغاي. مىرزا ئەلىمشاھبەگ باش بولۇپ، مەزكۇر بولغان بەگلەرنى تۇتۇپ مەدبۇس قىلدىلار. قىرغىز يۇرتى ئىشىمخاننى خان كۆتەرىپ ئىدىلار. ئىشىمخان ئاجراتىپ قويدى. تەمام قىرغىز ۋە كاشغەر خەلايىقى مۇنافىق بولۇپ، ھەزرەت ئەزىزلەر بىلە مىرزا ئەلىمشاھ باشلىغ ئۇلۇغلارنى ئۆلتۈرۈپ، كىچىكلەرنى ۋە مەزلۇم بىچارىلەرنى ئەسىر ۋە يېزىدە قالغۇدەك بولدى. مىرزا ئەلىمشاھبەگنىڭ كۆڭلىگە ھەزرەت مۇبداغى پەيسان سالدى. بىرۇكمى ئايەتى كەرىمەئى: «ئۇقتۇلۇل مۇشرىكىنە ھەيسۇ ۋە جەدتۇ مۇھۇم» ئاساس غەزات بەرپا بولغاي. تا ئانكى، مۇسۇلمانلار بىغەمتاب مۇسەننىلار: «ۋەلا تەھسەبەننە للەزىنە قۇتىلۇ فى سەبىلىللاھى ئەمۋاتەن بەلئەھيائۇن ۋەلاكىن لاتەشئۇرۇن» مۇشەررەف بولغايلار. «نەۋەككەل بىزاتىن غەنىيىن ئەلەل ئىتلاق» قىلىپ، «قالەللاھۇ فەليەتەۋەككەلىل مۇئمىنۇنە» ۋە مۇسۇلمانلار بۇ ھەدىس نەبەۋىنىڭ مەزمۇنىكى: «قالەن نەبىيۇ ئەلەيھىسسالام ۋەلمەقامۇ ئەھەدەكۇم فىسەففى خەيرۇن مىن سەلاتىۋى سىتتىنە سەنەتەن» كەمەرى ھىممەتنى بەللەرىگە مەھكەم باغلاپ، زۇمرەئى: «ۋەللەزىنە مەئەھۇ ئەشىددائۇ ئەلەل كۇففارى رۇھەمائۇ بەينەھۇم» بولدىلار. ئەلھەمدۇلىللاھ تەئالانىڭ ئىنايەتى بىلە ۋە پىرى باكەمالنىڭ ئىمدادى بىلە ياركەند شەھرى ۋەزىر ۋە شەرىف، ئۇلۇغ ۋە كىچىك مۇسۇلمانلارنى خەلاس قىلدىلار.

تەفسىلى بۇ كەلام بىسەرەنجام ئولدۇركىم، ئارزۇ مۇھەممەد بەگ باشلىغ جەمئى قىپچاق، قۇشچى، نايمان، تىۋەلاس: كىچىك ۋە چوڭ باغىش جەمئى كاشغەر ۋە ياڭىھىسار خەلقى بانەشكەرى ئەنبۇھ يەتتە مەرتەبە كەلدىلەر. مىرزا ئەلىمشاھبەگ

شۇنداق ھازىر ۋە ۋاقتى بولدىلار كىم، دولجەردىن - مولبەرگە
يەتتىلەر، پېشەپەر ئورالماي بەگ ئوزلەرى پايقاباق دەرۋازىسىغە
خىمە ۋە خىرگاھ تىكىپ، ھەر دەرۋازەغە ئەتقەدلىك كىشى قويۇ-
دىلار. قارا يانچۇق دىلاۋەر يىگىتلەر ساقلاپ، ھەر كۈنى كىشى
قارماپ، باش ئالىپ كەلدىلەر، جارۇبىبەگ قەتل تاپتى.

## شەمەئى بەگنىڭ ھەسەبى نەسەبلەرىنىڭ زىكرى

مىرزا ئەلمشاھ بەگ شۇجائەت ئاسار ۋە ئەدالەت شىئار
ۋە نىكۇ كىردار، ساھىب ۋىقار، خۇشخۇي ۋە سەنجىمدە كۆيى،
سۇھراب مۇنىش. ھاتەم بەخشىش يىگىت [بولغالمىغى] ئۇچۇن،
مەملەكەت ئارا بار [چە] كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئالدىلار. ئۇلۇسنىڭ
بارچەسىغە مەئلۇمكى، ئەمىر ھەيدەر دوغلات نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ-
نىڭ فەرزەند دىلبەندلەرى ھەيدەر بەگ نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ مەرد
مۇبارىز ۋە دىلاۋەر، باۋىقاردۇر. بەينۇ نەھەم. خۇشخۇي ۋە
سەخى ۋە پاكباز ۋە نەماز گۈزار ئىدىلار. بەگ ئەلەيمىررەھمە
خەمسەئى ھەزرەت شەيخ نىزامى ۋە خەمسەئى خاجە خۇسرەۋغە
ۋە شاھنامەغە ۋە تۈركى خەمسەغە. سەير ئەمىر جەمالىددىن ۋە
سەير مەۋلەۋى مەئنىغە ھىچ شۇبھە قالماي تۇرۇپ ئىدىلار.
كىشى مەئنى ئەيتۇرغە ئېھتىياجلارى يوق ئىدى. ھەرگىز كىشىلە-
رىنىڭ سەۋادلارى يوق نەمەس ئىدى. شەمەئى بەيان تاپىپ
ئىدى، بەگ شەئىد بولدىلار، ئەلمىك ئاللە ياشىدا ئىدىلار. مىرزا
تولەك بەگ دىلاۋەر، بەھادۇر ئىدىلار. چالىشدا شەھادەت شەر-
بەتىنى ئىچتىلار. مىرزا تولەك بەگ مىرزا ساتقىن بەگنىڭ ئوغلى


AltunOq

مۇھەممەد خان قەدەسە سىررۇدھۇنىڭ ئۇمەرالارىدىن مىرزا سات-
قىن بەگ شەربەتى شەھادەت ئىچتىلار. ئەرسە، يەتتە ئوغلى بار
ئىدى، ھەر قايىسى ئەلى زەمان ۋە پەل رۇمان، ئەلەلخۇسۇس
مىرزا تولەكبەگ ساتقىن بەگ پەشت - بەپەشت ئەمىر خۇدايە-
داد ئەمىر بولايجەغە يىتەدۇر. بۇ يۇرتلارنىڭ قەدىم بىگى
ئىرۇر.

«تارىخ رەشىدى» دا مىرزا ھەيدەر قىرقىزنى شىر پىشەئى
مۇغۇلىستان بىلىدۇر. قىرقىز چىرىكى، كاشىقەر، يىبىتى ھىسار
چىرىكى ياركەند تاغىنىڭ چىرىكى شەھەرنى بىرلىك قابادى، بەلكى
يەتتە مەرتەبە كەلدىلەر. مىرزا ئىلمشاھ بەگ تەدبىر ۋە كىيىنىش
بىلە سانجىش ۋە بەخشىش بىلە ھىممەت كەمەرىن بىلىگە باغ-
لاپ، مۇنداق مۇھىملىك دۇشمەندىن مۇسۇلمانلارنى سالامەت ۋە
سالىم ئىتتى تالدىلار. مۇسۇلمانلارغە بۇ قىلغان ياخشىلىقلارىنىڭ
ئەجرىنى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا بۇ دۇنيادا ئومر دەراز ۋە
دەۋلەتى باكەمال بەرگەي، ئاخىر دەملەرىدە ئىمان مۇھەممەدى
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمە ئەتا قىلىپ، بىھىشت ئەنبەر
سىرىشت نەسىب قىلغاي!

ئامىن، رەببىل ئالەمىن.

(بۇ كىتاب زىنەت سەھىفەنىيە كاتى تەمام بولدى، رەقەم مولا عمر
ساليھ كاشغەري.)

## لۇغەت

### ئا

ئارازىل — پەس

ئازمۇدە — سىناق

ئاسۇدە — دەم ئالغان

ئالىمى — بىر ئالىم

### ئە

ئەئيان — تونۇلغان

ئەرجۇمەند — ئەزىز، ھۆرمەتلىك

ئەرشەد — قابىل

ئەزا — ھازا.

ئەزەمەت — ئۇلۇغلۇق

ئەسئىيا — سۆزلۈك

ئەشرا — شەرەپلىك كىشىلەر، ئېتىبارلىق كىشىلەر ئۇلۇغلار.

ئەشھەل — كۆك

ئەفئال — پەيل - ھەركەتلەر، قىلىقلار.

ئەقىم — تۇغماس

ئەكابىر — چوڭلار

ئەمەك — تاغا

ئەمزادە — تاغىنىڭ بالىسى

ئەممە ۋە خالە — ھەممە ۋە تاغىلار.

ئەنبوھ — تالاي، سانسىز.

ئەنگىز — قوزغىمىش، تۇرغۇزۇش.

ئەھكام ۋە ئەركانى مۇسۇلمانلىق — مۇسۇلمانلىقنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى.

ئەۋباش — لۈكچەك.

## ب

بارەلەرىدە — توغرىسىدا

بارەندە — يامغۇرغا سەۋەپ

بارھا — نوۋەتلەر، قېتىملار.

بالا — ئېگىز

بالەشكەرى قەراۋان — يېتەرلىك ئەسكەر بىلەن

باۋەر — ئىشەنچ.

بەيەكبارەگى — بىر يولىلا

بەتەۋەررۇخود — ئۆز ھالىغا

بەخشەندە — بەرگۈچى

بەرەھنە — يالىڭاچ

بەرخوردار — مېۋە يېمەك

بەسەد ھىلە — يۈز ھىلە بىلەن

بەستە ۋە شكەستە — توختىغان، سۇنغان.

بەسى — كوپ، بەك.

بەلچى — كەمەر، بەلۋاغ.

بۇرۇنغار — ئوڭ قول

بۇزرۇگ مەنەش — ئۇلۇغۋاردەم

بىدىن — دىنسىز

بىسمىل — بوغۇزلاش

بىسۇكۇن — ھەيۋەتسىز

بى شەۋھەر — ئەرسىز

بەمۇجەررەدى — يالڭاچ، يالغۇز، ئازات، يەككە، بويتاق.

بى نەزىر — ئوخشاش ئەمەس

بەنەزىر — ئوخشاش

بىنت — قىز، قىز بالا، قىزچاق

بى ئىنتىقال — يۆتكەلمەس

بىيەكبار — بىر يولى

## پ

پاك دامەن — ئىپپەتلىك، نومۇسچان.

پەرتەۋى — نۇرى، شولىسى.

پۇرتەلبىس — ھىيلە بىلەن تولغان

پۇسەندىدە — لايىق كۆرۈلگەندەك

پۇشتە — دوك

پۇشىدە — ياپماق

پىرى باكەمال — ۋايىغا يەتكەن پىر

پىش — ئالدى

## ت

تاژىك — تاجىك

تالىبىلئىلىم — ئىلىم ئىزدىگۈچى

تەئاممەزەم — قوشۇش

تەئزىپ — ئازاپلاش

تەئۋىز — كوز تېگىش

تەبلى جەڭ — جەڭ ناغرىسى

تەبىئەت — خارەكتېر، خۇلق.

تەجەسسۇس — ئاختۇرۇش

تەدارۈك — چارە
تەر — تەرسا
تەربىيەتى كۆل — پۈتۈنلەي تەربىيلەنگەن
تەفەررۇج — تاماشا
تەقۋىر — تاپشۇرۇش
تەقرىبەن — يېقىندا
تەناۋۇل — يېيىش
تەۋاچى — جارچى
تەۋەججۇھ — يۈزلىنىش
تەھەۋۋۇر — غەزەپ ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش،
تەي — كەزمەك
تۇججار — تىجارەتچى، سودىگەر.
تىرى باران — ئوق يامغۇرى
تىفل — كىچىك بالا

ج

جالاخان — خەۋەرلىشىش تۇبى
جامىئۇلقۇرئان — قۇرئاننى يىغقۇچى
جانەشىن — ئورنىدا ئولتۇرغۇچى
جاۋدان — مەڭگۈلۈك ساراي، ئورۇزنىيا
جەددە — چوڭ ئانا، بوۋا.
جەلىە — ئەزىز، ئۇلۇق خىزدا
جەزبە — تارتىش
جەلادەت — باتۇرلۇق
جۇببە — شەيخلەر كىيىدىغان مەخسۇس تون.
جۇملە تەبىئۇلۇك — دولەتنىڭ ئورۇزدى باشقۇرۇ...
جۇۋلىمش — مىدىرلاش، قوزغىلىش.

## چ

چالـه ـــ يېقىنسا

چه ـــ نېمه

چەھارۇم ـــ تۆتىنچى

چۇنانكىم ـــ ئاندائكى.

## خ

خاب خۇش ـــ تاتلىق ئۇيقۇ

خىمه ـــ چېدىر ـ بارگاھ.

خانى خانان ـــ خانلارنىڭ خانى

خانى موغۇل ـــ موغۇل خانى

خەرگاھ ـــ چېدىر

خەيرباد ـــ ياخشى بولغاي، خوشلىشىش.

خىزمەتى پىسەندىدە ـــ كۆڭۈلگە ياققۇدەك خىزمەت

خىسال ـــ ياخشى خىسلەتلىك

خىداۋەند ـــ تۇققان

خۇرۇج ـــ قارشى باش كۆتىرىش

خۇشك ـــ قۇرۇق

خۇك ـــ توڭغۇز

خۇنرىز ـــ قان توككۇچى

خۇنى خىنزىر ـــ چوشقىنىڭ قېنى.

## د

دارخان ـــ ياساقتىن ئازات

دامادى ـــ كۈيوغلى

دەرە ـــ دەرا، جىلغا.

دەردىسەر ـــ باش ئاغرىقى

دەرماندا — ئاجىز

دەغا — مىكىر ـ ھىيلە.

دەلىر — يۈرەكلىك

دۇختەر — قىز

دۇر ـ دەراز — يىراق، ئۇزۇن.

دۇۋۇم — ئىككىنچى

دىققەت — كۆڭۈل بۆلۈش، كۆڭۈل قويۇش.

دىگەر — ئۆزگە، باشقا، يەنە.

دىلاۋەر — يۈرەكلىك، باتۇر، قەھرىمان.

دىنار — تەڭگە، تىللا.

ر

راھشۇناس — يول بىلىدىغان

رەسەدخانە — ئوبسېرۋاتورىيە.

رەفىق — ھەمرا

رەنجۇر — كېسەل

ز

زەئىپە — ئايال

زەبت — قولغا ئېلىش، ئىشغال قىلىش، ئىگەللەش.

زەبتى ئەمۋال — ماللارنى ئىگەللەش.

زەلىل — خار

زۇبدە — خىل، ئەڭ ياخشى، تاللانغان.

زۇننۇرەين — ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى

زۇھۇر — ئاشكارا بولماق

زىبا مەنزەر — كۆرۈنۈشى گۈزەل.

زىندە گانلىغ — تىرىكلىك

## س

سادات — ياشانغانلار

سەبەدىن — كىچىكلىكىدىن.

سەپەھسالار — لەشكەر باشلىغى

سەخت — قاتتىق

سەرزەنش — ئەيىپلەش

سەرنىگۈن — بېشى تۆۋەن

سەرور — خۇشاللىق

سەرىغ شىمن — سېرىق چاچ

سەف شىكەن — سەپنى بۇزۇدىغان، سەپنى بۇسىدىغان.

سەنەد — يۆلەنچۈك

سەئيى — تىرىشچانلىق.

سۇتۇس سەمانىن — سەكسەن كىشىنىڭ بازىرى

سۇلەھايى كاشقەر — قەشقەر ياخشىلىرى

سۇلبى — تاغىقى، ۋۇجۇدى.

سۇۋۇم — ئۈچىنچى.

سىددىقى ئەكبەر — چوڭ تەستىق قىلغۇچى.

سىككە — مېتال پۇل

سىلۇ — سۇلۇ، چىرايلىق.

سىياسەتى بەلىغ — يەتكۈدەك

سىيۇرغال — ھەدىيە.

## ش

شەھادەت — شېھىتلىك

شايىئە — يېيىلىش
شەرىف — ئۇلۇغ
شەبخۇن — قانلىق كېچە، كېچىلىك جەڭ.
شەھلا چەشم — كوك كوز
شەھنە — دورغا، ساقچى.
شۇجائى — باتۇر
شۇمچە — شۇنچە
شېئىر نەغز — يېقىملىق شېئىر.

## غ

غارەت — تالان - تاراج قىلىش.
غەددار — ئالدامچى
غۇما — كېنىزەك ياكى كېيىن ئالغان خوتۇن.

## ف

فاجىر — بۇزۇق
فەترات — ھادىسە
فەرامۇش — ئۇنتۇش
فەراۋان — كوپ مال
فەرەھ — خوشلۇق
فەرراش — بىسات يايغۇچى
فەزائى ئاسمانى — تەقدىر
فەۋت — يوقىلىش، ئولۇش.
فىرۇز بەخت — بەختى غالىپ
فىسق فۇجۇر — بۇزۇقچىلىق

## ق

قارا خاجە ئەئزەم بىلادى خىتاي — خىتاي شەھەرلىرى
ندىكى چوڭى قاراخوجە

قابىز — جان ئالغۇچى

قاھىر — قەھر، غەزەپ.

قەدار — قاچماق

قەدىمۇلئەييام — قەدىم كۈنلەر

قەرن — دەۋر، ئەسىر.

قەريە — قىشلاق

قەۋل — سۆز

قەۋمى گۇمراھ — يولدىن ئازغان قەۋم.

قۇما — ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى

## گ

گەرد — چاڭ - توزاڭ.

گۈندە — قاماق

گۈردىن — پاسكىنا

گۈشە — بۇلۇڭ.

گۇفتار — سۆزلەش، سۆز، سۆھبەت.

گىران — ئېغىر

گىريان — يىغلاش

## ك

كار - بار — ئىش

كەسى مىزايىل — ياخشى ئەخلاق بىلەن

كەلام — سۆز

كەمايىبەغى — گەپ - سۆز؛ توز - ئۆزلۈكىدىن، ھەمـ لىق ھالدا.

كۈت — قىرغان، قەلئە.

كۆچ — خوتۇنى

كولباكى ئىسلام — ئىسلام قوڭغۇرىغى

كۆنجىيە — خىلۋەت، بۇرجەك.

كىشكىناي — سوراپ، سۈرۈشتۈرۈپ.

كىشۋەر كۈشايلىق — پەتە قىلغۇچى

## ل

لەك — يۈزمىڭ

## م

مادەم زەدە — ھازىدار

مادەر سەببى — ئۆگەي-ئانا

مەئاف — كەچۈرۈم

مەراھىل — كۆچەر جاي

مەرتەبەيى سەبادىن دەرەجەئى رىجالغە — بالىلىقتىن ئەر-
لىككە، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا.

مەردۇمكار — ئىنسانلارنىڭ ئىشى

مەردىكى بەدنەفس — نەپسى يامان ئادەم

مەرغۇپ — چىرايلىق ۋە يېقىملىق، قىزىقارلىق.

مەرفە ئەلھال — ئارام ھال

مەرقەد — ئۇخلايدىغان جاي، قەبرە.

مەسرۇر — ئاكلاش

مەقبۇلى ئۇلئۇل — مەقبۇل سۆز

مەقدۇر — ماغدۇر

مەنازىل — چۈشەر جاي.

مەنشۇر — دەستەك

مەنقۇل — نەقىل قىلىنغان

مەھبۇس — قامالغان، قاماقتا ئېلىنغان.

مەۋالى — خوجىلار

مەۋزەئى مەشھۇر مۇغۇلستان — مۇغۇلستاندىكى مەشھۇر جاي.

مۇئامىر — ئەمىرداش

مۇئتەمىد — ئىشەنچلىك

مۇبارىز — جەڭچى، يەكمۇ - يەك ئېلىشقۇچى.

مۇبدائى — چىقىش جايى، مەنبەئى.

مۇتەئەللىم — تەلىم ئالغۇچى، ئۆگەنگۈچى.

مۇتەدەييىن — دىندار

مۇتەسەررىف — ئىگە.

مۇتەھەررەئى غۇرا — پاك ئاينىڭ بېشى

مۇتتەلىئ — خەۋەردار

مۇتەھەممىن — تەقدىرلەنگەن، ماختالغان.

مۇجىب — سەۋەب.

مۇختەسەر — قىسقا

مۇرچە — چۈمۈلە

مۇسەللەھ — قوراللىنىش

مۇستەۋا — تاللانغان

مۇستەئىد — ئىستىئدادلىق، قابىل.

مۇستەۋلى — دۈچ كېلىش، يۈز بېرىش.

موغۇلان — موغۇل

مۇقاتىلە — ئولتۇرۇشمەك.

مۇقەررەبى دەرگاھ — ئوردىدىكى يېقىن.

مۇقەييەد — بەند
مالاھىدە — بۇزۇق مەزھەپ
مۇلەۋۋەس — بۇلغانغان
مۇلزەم — مات
مەسھەف — قۇرئان.
مۇنادى — قىچقىرىش.
مۇنشى — كاتىپ.
مۇنقاد — ئىتائەت قىلغۇچى.
مۇنكەر — يامان جاراھەت.
مۇنكىر — تانغۇچى، ئۇنىمىغۇچى
مۇھلىك — ھالاكەت
مۇۋەھھىد — خۇدانى بىر بىلگەن
مىرئەزار — مىلك مەنسەپدار
مىقدار — قەدىرلىك
مۇلاھىزە — ئالدىن چارلاش، ئويلىنىش

ن

نابۇت — يوقىلىش
نامىكار — كارغا كەلمەس
ناچار — ئىلاجسىز
نامەرد — نالايىق
ناشۇناس — تونۇماس
نەبىئۇللا — ئاللانىڭ پەيغەمبىرى
نەدىمپىشە — ھۇنەرمەن، خىزمەتچى.
نەزئ — جان ئالىشىش
نەسەب — تەكلىمەك
نەپىر — كاناي، كانايچى.

نەقارە — ناغرا

نەدەك — نان

نەمەكدان — نەمەكلىك

نوۋەدىن — قوزغالماي

نوھە — يىغا

نەژاد — نەسەب

نىسبەت — بەلگىلەش

نىكخىسال — ياخشى خىسلەتلىك

نىكمەئاش — ياخشى قاراش

ھ

ھەزەر — ئېھتىياتچان

ھىجرانى مەرغۇب — كۆڭۈلدىكىدەك ئايرىلىش

ھەر دەم نەمەك — زۇۋۇز كۆپ مەنىسىدە

ھەرب — سوقۇش

ھەردۇ — ھەر ئىككى

ھەرىمى ئىززەت — ئائىلە

ھەزەن — غەم - مەيۇسلۇق.

ھەزىمەت — قاچماق

ھەمەدان — ئىراندىكى بىر شەھەر.

ھەمى — شۇ

ھەۋەس — قىزىقىش.

ھەمشىرزادە — ھەمشىرىدىن تۇغۇلغان بالا.

ئۆ

ئۆتكەن ئۇلۇغچېھرە — بۇزرۇكلارنى ئۇلۇغلىغۇچىلار.

ئۆزۈ ئەزەدى — مەقسەت ئىگىسى

ئۈمەرا — ئەمىرلەر

ئۈمەرائى سەلاسە — ئۈچ ئەمىر

ئۈمەرائى غۇر — غۇر ئەمىرلىرى

## ۋ

ۋائىر — كوپ، مول.

ۋەزۇئ — قۇرۇش، تۇرۇش.

ۋەسى — ئورۇنباسار.

## ئې

ئېتاب — تاپا - تەنە.

## ئى

ئىبادە — قايتۇرۇش، قايتۇرىلاش.

ئىئزاز — ئىززەتلەش

ئىخراج — چىقىرىش، ھەيدەش، سۈرگۈن. ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

ئىستىمائ — ئاڭلاش

ئىمداد — مەدەت، كومەك، ياردەم.

ئىن — بۇ

ئىنقىياد — ئىتائەت

ئىبنى — بالىسى

## ي

يارغۇ — ئىنچىكىلەش

ياغى — توپىلاڭ

ياناچە — يانغاندا

AltunOq

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەسخان

نومۇرى: 5 — 11264
باھاسى: 0.53 يۇ